# شىنجاڭ
# تارىخ ماتېرىياللىرى

**(33)**

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ش ئۇ ئا ر
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى ھەيئىتى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

باش مۇھەررىرى: خالىق ساقى
مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى
ئىسمايىل ئەسقەرى (تەكلىپ قىلىنغان)
مۇھەررىرلىرى: دىلدار ئېزىز
تۇرغۇن ئۆمەر

**شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى (33)**
جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شۇئار
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى ھەيئىتى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجۇڭ كوچىسى №54)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 10.375 قىستۇرما ۋارىقى: 2
1992 - يىل 11 - ئاي 1 - نەشرى
1992 - يىل 11 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 1 — 2,200
ISBN 7—228—02228—9/K·210
باھاسى يۈەن
(ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلىدۇ)

# مۇندەرىجە

## نەزەرىيە تەتقىقاتى

تارىخ ماتېرىياللىرىنى يېزىشقا دائىر بەزى مەسىلىلەر ھەققىدە ........................ ئەركىن ھوشۇر 1

## مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى

چاقىلىق خەلقىنىڭ ئىنئانە قىلىش قىزغىنلىقىدىن ئەسلىمە ........................ ئابدۇۋەلى روزى 13

## ئىنقىلابىي كۈرەشلەر

1950 - يىلى 3 - ئايدىن 1952 - يىلى 3 - ئايغا قەدەر باندىت ئوسمان گۇرۇھىنى تارمار قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ............ ئىسمائىلوۋ مۇھەممەت 17

ئۈچتۇرپاندا بولغان 19 - سېنتەبىر ۋەقەسى
........................ رەتلىگۈچى: ئەمەتجان ھۇسسىين 49
1940 - يىللىرى ئاقسۇدا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم
........................................ چاۋار يۈسۈپ 55


## شەرقىي شىمال پىدائىيلىرى شىنجاڭدا


شەرقىي شىمالدىن تىيانشان ئېتىكىگە سەپەر ............
گۈمىڭلىڭ ............... ئادىل ئەخمەت تەرجىمىسى 73


## تارىخىي ھۆججەت


دانىش داموللا قالدۇرۇپ كەتكەن تارىخىي ھۆججەت
ئىمىنجان ئەخمىدى ........................................... 101


## قانۇن - تۈزۈم


شىنجاڭدىكى «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» ۋە قانۇن -
تۈزۈم قۇرۇلۇشى .................... يەن دىيەنچىڭ
ھەبىبۇللا خوجالەمجىنى تەرجىمىسى 117




## پەن - تېخنىكا


يەكەن دەرياسى كۆۋرۈكىنىڭ ئىككى قېتىملىق ياسىلىشى
دىن ئەسلىمە ........................ مەھەممەت پاتتە 134


## مائارىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت


تولى ناھىيىسىنىڭ مائارىپ تارىخى ھەققىدە ..........
.............................. قىزىر بېك جاكۇبايۇۋ 142


## ئۆمۈر خاتىرىلىرى


كۆڭۈلدىكى خاتىرىدىن پارچىلار ...... بۇرھان شەھىدى
.............................. ئاتىكەم ھۆسپ تەرجىمىسى 151
مېنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىش جەريانىم ۋە
ئۇزۇم قاتناشقان بىر قىسىم ئۇرۇشتىن قىسقىچە
ئەسلىمە ............................. ئەخمەتجان 185
ھاياتىمدا كۆرگەن - بىلگەنلىرىمدىن ئەسلىمە ........
................................ ياقۇت يۇنۇس 193

# 目 录

## 理论研究


关于撰写文史资料的几个问题 …………………… 艾里肯


## 民 族 团 结 篇


忆且末县人民踊越捐资的情况 ……………… 阿不都外里·肉孜


## 革 命 斗 争 篇


1950年至1952年粉碎乌斯曼匪帮的经过 ………………………………… 依斯玛衣洛夫·穆合麦德

发生在乌什县的“九·一九”事件 ………………………………… 艾买提江·胡赛音整理

……………………………………………

1940年在阿克苏的所见所闻 … ……………………… 卡瓦尔·玉素甫

从白山黑水到天山脚下 ………………………… 谷梦林，阿迪里译


## 历 史 文 献


达尼西大毛拉遗留的历史文献 ……………… 依明江·阿合麦德


## 法 制 篇


新疆的《三区革命》与法制建设 ………… 阎殿卿，艾比布拉译


## 科 学 技 术 篇


忆二建莎车河大桥经过 …………………………… 木合麦德·帕提合


## 教 育 文 化 艺 术 篇


忆托里县的教育发展 ………………… 克孜尔拜克·加柯巴耶夫


## 人 物 历 程 录


日记片断 …………………………………… 包尔汗，阿提克木译

我之参加三区革命和我所经历的几战争 ………… 艾合买提江




## تارىخىي شەخسلەر


پېشقەدەم تەرجىمان مەھمۇتجان ئىلھامجانوۋ توغرىسىدا
ئەسلىمە ……………………… ئىسمايىل ئەسقەرى 239

سابىق مۇئاۋىن رەئىس، گېنېرال مايور مەھەممەتئىمىن
ئىمىنوۋ ………………………… شېرىپ خۇشتار 251


## يۇرت تارىخىدىن


چىڭگىل قازاقلىرىنىڭ بىرقانچە قېتىم كۆچكەنلىكى
توغرىسىدا (چىڭگىل ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش
تارىخىي ماتېرىياللار گۇرۇپپىسى) ………………… 263

30 - يىللار چوڭ داۋالغۇش مەزگىلىدىكى مەكىت ……
……………………………… ئادىل مۇھەممەت 291

ئارا تۈرۈك يېزىلىرىنىڭ يۇرت بولۇش تارىخى ………
……………………………… ھەمدۇللا ئىسمايىل 297


## چوڭ ۋەقەلەر خاتىرىسى


شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدىكى چوڭ ۋەقەلەر
خاتىرىسى ……………… تۇرغۇن ئۆمەر تەرجىمىسى 302

# تارىخ ماتېرىياللىرىنى يېزىشقا دائىر بەزى مەسىلىلەر ھەققىدە

ئەركىن ھۇشۇر

## ئەسلىمە يېزىش توغرىسىدا

تارىخ ماتېرىياللىرى خىزمىتى سىياسىي كېڭەش سىستېمىسىدا بەرپا قىلىنغان يېڭى ساھە. ئۇ، بىرلىك سەپ خىزمىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى ھەمدە ھازىرقى زامان تارىخ تەتقىقاتىنىڭ زۆرۈر تولۇقلىمىسى بولىدۇ.

تارىخ ماتېرىياللىرى ئادەتتە ئەينى زامان تارىخىنىڭ گۇۋاھچىلىرى بولغان پېشقەدەم يولداشلارنىڭ ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن، كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان ئەسلىمە ماتېرىياللىرىنى ئاساس قىلىدۇ. ئەسلىمە ماتېرىيال ئومۇمەن مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ: بىرىنچىدىن، تارىخ گۇۋاھچىسىنىڭ ئەسلىمىسى تەرجىمىھال شەكلىدە يەنى تارىخىي جەريان بويىچە يېزىلىدۇ. ئىككىنچىدىن، مەخسۇس تېمىلار بويىچە، مەسىلەن: مەلۇم بىر مەسىلە، مەلۇم بىر ۋەقە ياكى مەلۇم بىر يىغىن توغرىسىدا ئۆزى بىلىدىغان ئىشلار سىستېمىلىق ئەسلەپ ئۆتۈلىدۇ. بۇنىڭدا ماتېرىيالنىڭ ھەجمى كۆپرەك بولسىمۇ، لېكىن مەخسۇس تېمىلار




往事见闻点滴……………………………………雅库特・优努斯

历 史 人 物 篇

忆老翻译家易包德…斯玛衣・艾斯克尔

忆原自治区副主席买买提衣明・衣明诺夫……谢力甫・胡西塔尔

家 乡 史

青河哈萨克人的多次迁徙原由…………（青河县政协提供）

30年代大动荡时期的麦盖提县……………阿迪里・木合麦德

伊吾县变迁史…………………………………艾木都拉・斯玛衣力

近代大事记

近代新疆大事记片断…………………………吐尔洪・吾买尔译

بويىچە يېزىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ تارىخىي جەھەتتىن پايدىلىنىش قىممىتى يۇقىرىراق بولىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئەسلىمىدە مەلۇم بىر ئىش، مەلۇم بىر تارىخىي شەخس ياكى مەلۇم بىر مەسىلە توغرىسىدا ئاپتورنىڭ ئىسپاتلىق ماتېرىيالى يېزىلىدۇ. بۇ خىل ئەسلىمىنىڭ يېزىلىشىدا ھەجىم جەھەتتىن چەك قويۇلمايدۇ.

ئەسلىمە ماتېرىيالىنى يېزىش ئۇسۇلى جەھەتتىن ئالساق، ئالدى بىلەن ئاپتورنىڭ ئۆزى قەلەم تەۋرىتىپ يېزىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ، ئەسلىمە يېزىشنىڭ ئاساسىي شەكلى. ئىككىنچىسى، قولىغا قەلەم ئېلىش ئىمكانىيىتى بولمىغان يولداشلار ئەسلىمىسىنى خاتىرىلەپ رەتلەش ئۈچۈن ئادەم تەكلىپ قىلسا بولىدۇ. لېكىن ۋەكالىتەن قەلەم تەۋرەتكۈچى كىشى ئالدى بىلەن مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن تونۇشۇپ چىقىشى لازىم. ئەگەر ئۇ مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ۋەقەلەردىن قىلچە خەۋەرسىز بولسا، ئەسلىمە ماتېرىيال سۈپەتسىز ئىشلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. ئۈچىنچىسى، ئەسلىمە يازغۇچى مۇناسىۋەتلىك زامانداشلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئۆزىگە كېرەكلىك ماتېرىياللارنى تولۇقلىشى لازىم. بۇ، ئەسلىمە يېزىشنىڭ ئەڭ ئوبدان ئۇسۇلى بولۇپ، بۇنىڭدا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغىلى ھەمدە ماتېرىيالنى ئەتراپلىق يازغىلى بولىدۇ.

ئەسلىمىنى يازغاندا، ئاپتور ئالدى بىلەن ئۆزى بېشىدىن كەچۈرگەن زاماننىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئەمەلىي ئەھۋالنى ئىنكاس قىلىشى لازىم. چۈنكى، ھەرقانداق ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشى شۇ دەۋرنىڭ تارىخىي شارائىتى، تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاپتور چوقۇم شەيئىنىڭ ئەينى قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەسلىمە ماتېرىيالدا ئۆزىنىڭ



تۇتقان ئورنى توغرا قويۇلۇشى، ئۆزىنى خالىغانچە مۇبالىغە قىلىۋېتىشتىن ساقلىنىش لازىم. كۆرگەن ياكى ئاڭلىغىنى بولسا، كۆرگەن ياكى ئاڭلىغىنى بويىچە يېزىش كېرەك. ئەسلىمە يازغاندا چۈشىنىشلىك، ئىخچام، زامان-ماكانى ئېنىق، جەريانلىق يېزىلسا، ئۇنىڭ باشقىلارنىي جەلپ قىلىش كۈچىمۇ ياخشى بولىدۇ.

## تارىخ ماتېرىياللىرىنىڭ مەزمۇنى توغرىسىدا

تارىخ — ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات جەريانى دېگەنلىكتۇر. دۆلىتىمىزدە خېلى بۇرۇنلا تارىخشۇناسلىققا ئەھمىيەت بېرىلىپ، تارىخ زامان ئەھۋالىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان ئەينەك دەپ قارىلىپ كەلگەن. تارىخشۇناسلىق ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسى ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە شەرھلەش ئېلىپ بارىدىغان ئىلىم. ئۇ، ئىنسانلاردا يېزىق كەشپ قىلىنغاندىن تارتىپلا باشلانغان. تارىخ ماتېرىياللىرى تارىخشۇناسلىق تەتقىقاتىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. چۈنكى، تارىخ مۇساپىسى ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيىتىنى بىلىش مول ھەم ئەمەلىي تارىخىي ماتېرىياللاردىن ئايرىلالمايدۇ.

تارىخ ماتېرىياللىرىنى مۇنداق ئۈچ خىلغا ئايرىش مۇمكىن: 1. نەق بۇيۇم تارىخ ماتېرىياللىرى. ئۇ، ئارخېئولوگىيىلىك ئىز، قەدىمكى قەبرە، مەدەنىي يادىكارلىق ۋە باشقىلاردىن ئىبارەت. 2. ھۆججەتلىك تارىخ ماتېرىياللىرى. ئۇ قەدىمكى ئەسەرلەر، ھۆججەتلەر، ئارخىپ ماتېرىياللار ۋە گېزىت-ژۇرنال قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 3. ئەسلىمە ماتېرىياللار بولۇپ، تارىخ گۇۋاھچىلىرىنىڭ تارىخىي ۋەقە ھەمدە

تارىخىي شەخسلەر ھەققىدە يازغان ئەسلىمىلىرىدىن ئىبارەت. سىياسىي كېڭەش تەرىپىدىن توپلىنىپ نەشر قىلىنىدىغان «تارىخ ماتېرىياللىرى» مۇشۇ ئەسلىمە ماتېرىياللار خىلىغا مەنسۇپ.

تارىخشۇناسلىق تەتقىقاتىدا ھۆججەتلىك ۋە نەق بۇيۇم ماتېرىياللىرىنىڭ ئورنى ئىنتايىن مۇھىم. شۇنىڭغا ئوخشاشلا، ئەسلىمە ماتېرىياللىرىمۇ ئۆزىنىڭ كونكرېت، تەپسىلىي ۋە جانلىق ئالاھىدىلىكى بىلەن تارىخشۇناسلىق تەتقىقاتىدا ئالاھىدە ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. بۇ جەھەتتە، تارىختىن بۇيانقى سىياسىئونلارنىڭ ۋە تارىخشۇناسلارنىڭ ئۇنىڭغا نەقەدەر ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقى بىزگە مەلۇم.

سىياسىي كېڭەشنىڭ «تارىخ ماتېرىياللىرى» مەزمۇن جەھەتتىن ناھايىتى كەڭ دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ ئاپتورلىرى خەلق سىياسىي كېڭىشى بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇۋاتقان، مول سەرگۈزەشتىلەرگە ئىگە، ئۇقۇمۇشلۇق ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچى - سىرتىدا كەڭ ئالاقىسى بار زور بىر تۈركۈم زاتلاردىن تەركىب تاپقان، شۇ سەۋەبتىن، ئۇلارنىڭ ئەسلىمىلىرىمۇ دۆلىتىمىزنىڭ يېقىنقى زامان ۋە ھازىرقى زامان تارىخىغا ئائىت سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت - مائارىپ، سودا - سانائەت، پەن - تېخنىكا، مىللەت، دىن، ئىجتىمائىي تۇرمۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى يېزىش ئوبيېكتى قىلىدۇ. ئەسلىمە ماتېرىياللارنىڭ يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكىدىن بىز ئۇنى سىياسىي كېڭەش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە يېقىنقى زامان ۋە ھازىرقى زامان تارىخ ماتېرىياللىرى دەپ ئېيتالايمىز. چۈنكى، ئۇنىڭ بۇ خىل خۇسۇسىيىتى ئەسلىمە ماتېرىياللارنىڭ ئىجتىمائىيلىقى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. سىياسىي كېڭەشنىڭ ئاساسىي خىزمىتى تۈرى بولغان تارىخ



ماتېرىياللىرى خىزمىتى تارىخ تەتقىقاتى ۋە تەلىم - تەربىيە جەھەتتىكى رولىدىن باشقا يەنە، ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىك سەپىنى مۇستەھكەملەش ۋە كۈچەيتىش، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ، ئۆزىنىڭ بۇ خىل كۆپ تەرەپلىمىلىك ئىجتىمائىي فۇنكسىيىسىنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن ئەنئەنىۋى كۆز قاراشتىكى تارىخ ماتېرىياللىرى دائىرىسىدىن خېلىلا پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

## تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ ئەدەبىي ئۆتكىلى توغرىسىدا

يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ تارىخىي ماتېرىياللار خىزمىتى كۈچەيتىلىپ، تارىخىي ماتېرىيال مەجمۇئەلىرى كۆپلەپ نەشر قىلىندى. بۇ، ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىك سەپىنى كېڭەيتىش جەھەتتە ئالاھىدە رول ئوينىدى. ۋەھالەنكى، ھازىرغىچە نەشر قىلىنىۋاتقان تارىخىي ماتېرىيال مەجمۇئەلىرىدە ئەدەبىي ئۆتكەل جەھەتتە ياتىدىغان ئايرىم مەسىلىلەر بىزنىڭ دىققىتىمىزنى قوزغىدى. شۇڭا، تۆۋەندىكى بىرنەچچە تەرەپنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش زۆرۈر.

**ئۇقۇمنى ئېنىق قويۇش مەسىلىسى.** تارىخ ماتېرىياللىرىدا ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى ئەمەلىي ئەھۋالى بويىچە ساداقەتلىك بىلەن بايان قىلىش، ئۇقۇمنى ئېنىق قويۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. مەسىلەن، بىزگە تونۇش بولغان «ئازادلىقتىن ئىلگىرى»، «ئازادلىقنىڭ ئالدى - كەينىدە» دېگەن ئۇقۇمنى ئالساق، بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىدە قاراشتا ھېچقانداق مەسىلە

يوقىتەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئىنچىكىلەيدىغان بولساق، ئۇنىڭدا ئۇقۇم مۇجمەللىكى بارلىقىنى بايقايمىز. ئۇنىڭدا مەملىكىتىمىزنىڭ ياكى قايسى جاينىڭ ئازادلىقىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئىككىلىكى ئېنىق ئەمەس. ئەگەر جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى ئۆلچەم قىلىنسا، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشنىڭ ئالدى - كەينىدە» ياكى «دۆلەت قۇرۇلۇشنىڭ ئالدى - كەينىدە» دەپ ئېلىش كېرەك. ئەگەر مەلۇم جاينىڭ ئازاد بولغان ۋاقتى ئۆلچەم قىلىنسا، شۇ جاينىڭ ئازاد قىلىنغان ۋاقتى شەرھلىنىشى كېرەك. يەنە، بەزى سۆز - ئىبارىلەر ئوخشاش بولمىغان تارىخىي شارائىتتا ئوخشاش بولمىغان ئۇقۇمغا ئىگە بولىدۇ. شۇڭا، ئالدى بىلەن سۆز - ئىبارىلەرنىڭ مەنىسىنى ۋە ئىشلىتىلىش دائىرىسىنى ئېنىقلىۋېلىش لازىم. مەسىلەن، بىز كۆپىنچە ھاللاردا «سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆكتەبىر ئىنقىلابى» دېگەن سۆزنى ئۇچرىتىمىز. ئەمەلىيەتتە، ئۇ «ئۆكتەبىر ئىنقىلابى»، «روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى» دەپ ئېلىنسا توغرا بولاتتى. چۈنكى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن بۇرۇن قۇرۇلمىغان، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن سوۋېت روسىيىسى دەپ ئاتىلىپ، 1922 - يىلى سوۋېت سوتسىيالىستىك رېسپۇبلىكىلار ئىتتىپاقى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئاندىن سوۋېت ئىتتىپاقى دەپ ئاتالغان.

**تەرىپلەش ئۇسۇلى مەسىلىسى.** تارىخىي ماتېرىياللارنى تەھرىرلىگەندە، ماختاش ياكى سۆكۈش جەھەتتە يانتىيدىغان تەرەپلەرنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. مەسىلەن، بەزى تارىخىي ماتېرىيال مەجمۇئەلىرىدە، ئۆتمۈش جەمئىيەتتىكى قىسمەن ھۆكۈمەت ئورگانلىرى «قورچاق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت»، «قورچاق ناھىيىلىك ھۆكۈمەت» دەپ تەرىپلەنگەن. ئەمەلىيەتتە، بىزنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ



قىلمىش - ئەتمىشلىرىنى ئىنكار قىلىشىمىز توغرا، لېكىن ئۇنى بۇرۇنقى تارىختا مەۋجۇت بولۇپ ئۆتكەن ھۆكۈمەتنى ئىنكار قىلىش بىلەن باراۋەر قويماسلىق لازىم. تارىختا قانداق ئاتالغان بولسا شۇ بويىچە يېزىش مۇۋاپىقراق. ئەلۋەتتە، بەزىدە «قورچاق» سۆزىنى ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدىغان ھاللارمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، ياپون جاھانگىرلىكى جۇڭگودا يۆلەپ تۇرغۇزغان قورچاق مانجۇرىيە دۆلىتى، قورچاق ژاندارما ئەترىتى، شۇنداقلا ۋاڭ جىڭۋېي تەسلىم بولغاندىن كېيىن ئۇيۇشتۇرۇلغان قورچاق ئارمىيە ۋە قورچاق ھۆكۈمەت قاتارلىقلار.

**سۆزلەرنى قېلىپلاشتۇرۇش مەسىلىسى.** تارىخ ماتېرىياللىرىدا تارىخىي ئەھۋاللارنى يىلنامە بويىچە ئىزاھلاش تەلەپ قىلىنىدۇ. بىرقىسىم تارىخ ماتېرىياللىرى مەجمۇئەلىرىدە بۇ جەھەتتە تېخى بىرلىككە كېلىنمىگەن. ئايرىم ماتېرىياللاردا جۇڭگو يىلنامىسى ئىشلىتىلىپ، ئىسكوپكا ئىچىگە مىلادى يىلنامىسى ئىزاھلانغان. بەزىلەردە مىلادى يىلنامىسى ئىشلىتىلىپ، ئىسكوپكا ئىچىگە جۇڭگو يىلنامىسى ئىزاھلانغان. بۇ جەھەتتە يىلنامىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم. يەنە، ئىزاھات ئادەتتە بەت ئاستىغا، ماقالىنىڭ كەينىگە ياكى سۆزلەرنىڭ كەينىگە بېرىلىدۇ. شۇڭا، تەھرىر كىتاب ئىشلىگەندە بىر خىللا ئىزاھات بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشى، شۇنداقلا نەقىل سۆزلەرگە، كەسىپ ئاتالغۇلىرىغا، يەرلىك شېۋىلەرگە، ئاپتورنىڭ خاتالىقلىرىغا ئىزاھات بېرىشى لازىم. تارىخ ماتېرىياللىرى مەجمۇئەلىرىنىڭ ئەدەبىي جەھەتتىكى سۈپىتى كىتابنىڭ ئومۇمىي سۈپىتىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولۇش بىلەن بىللە، ئاپتورنىڭ يېزىقچىلىق ئىقتىدارىنى، شۇنداقلا تەھرىرنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنىمۇ گەۋدىلەندۈرىدۇ. شۇڭا، تەھـ

رىلەر تىل، لوگىكا ھەمدە تەھرىرلىك، نەشرىياتچىلىق جەھەتتىكى بىلىملىرىنى ئۆزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇشى زۆرۈر.

## تارىخ ماتېرىياللىرى بىلەن ئارخىپ خىزمىتىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا

ئەسلىمە ماتېرىياللارنى ئوبيېكت قىلغان سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللىرى خىزمىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە راۋاجلىنىشى ئېلىمىزنىڭ يېقىنقى زامان ۋە ھازىرقى زامان تارىخ ماتېرىياللىرىنى تولۇقلاش ۋە بېيىتىش بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللىرى خىزمىتىنىڭ «ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن سەرگۈزەشتىلەرنى خاتىرىلەپ ئەۋلادلارغا قالدۇرۇش» پرىنسىپىغا ئاساسەن، ئۆتكەنكى نەچچە ئون يىللىق تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ گۇۋاھچىلىرى بولغان نۇرغۇن پېشقەدەملەر ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، ئاڭلىغان ۋە كۆرگەن ئەمەلىي ئەھۋاللارنى ئەينەن تارىخىي قىياپەت بويىچە بايان قىلىپ، يېقىنقى زامان ۋە ھازىرقى زامان تارىخىنى ھەمدە ئىنقىلاب تارىخىنى تەتقىق قىلىش ۋە يېزىش ئىشىنى مۇھىم ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى.

ئارخىپ بىلەن تارىخشۇناسلىق ئەزەلدىن بىر - بىرى بىلەن ناھايىتى زىچ باغلانغان. تارىخ تەتقىقاتىدىن بىز ئارخىپ خىزمىتىنىڭ يازما تارىخ قالدۇرۇش ئىشى بىلەن بىرلا ۋاقىتتا پەيدا بولغانلىقىنى بايقايمىز. قەدىمكى زاماندا دەۋر سۈرگەن پادىشاھلىقلاردا مىرزىلىق، ئارخىپ باشقۇرۇش ۋە تارىخ يېزىش خىزمىتىنى بىرلا ئادەم ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، بۇ ئۈچىسى ئومۇمەن بىرلىشىپ كەلگەن. كېيىنچە تارىخچىلارنىڭ



تەدرىجىي ھالدا كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، بۇ ئۈچ خىزمەت ئايرىم - ئايرىم ئىشلەنگەن بولسىمۇ، ئۇلارنى يەنىلا تارىخچىلار ئىشلىگەنلىكى ئېنىق.

ئارخىپ — ئۆتكەنكى پائالىيەتلەرنىڭ يازما خاتىرىسى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇنى تارىخ دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئارخىپ بىلەن تارىخشۇناسلىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى مۇنداق ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن: بىرىنچىدىن، ئارخىپ تارىختىكى پائالىيەتلەرنىڭ يازما خاتىرىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ناھايىتى كۈچلۈك ئوبيېكتىپلىققا ئىگە. بۇ جەھەتتىن ئۇنى تارىخنىڭ گۇۋاھچىسى بولغان كىشىنىڭ بىۋاستە يېزىپ قالدۇرغان بىرىنچى قول تارىخ ماتېرىيالى، شۇنداقلا تارىخنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئىسپاتى دېيىشكە بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئارخىپ بىلەن مۇناسىۋەتلىك تارىخىي مەسىلىلەرنى ئېنىقلاپ، تارىخنىڭ ئەينەن قىياپىتىنى ھىمايە قىلغىلى بولىدۇ. نەچچە مىڭ يىللىق ئىنسانىيەت تارىخىدا سىياسىي ئاداۋەت، شىنىپىي چەكلىمە ۋە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى دەرىجىسىنىڭ چەكلىمىلىكى قاتارلىق خىلمۇخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كۆپلىگەن تارىخ بۇرمىلانغان، خاتا بويىچە كۆچۈرۈپ كېلىنگەن. بەزىلىرى ھەتتا خاتاسى بويىچە مۇئەييەنلەشتۈرۈۋېتىلگەن. ئەگەر بىز تارىخنى ئارخىپلاردىن ئىسپات ئىزدىسەك، ئۇ چاغدا بۇرمىلانغان تارىخنى توغرىلاپ، تارىخنى ئەسلى قىياپىتىگە كەلتۈرۈش مەقسىتىگە يېتەلەيمىز. ئۈچىنچىدىن، ئارخىپ ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق تارىخ ماتېرىياللىرىدىكى يېتىشسىزلىكنى تولۇقلاپ ئالالايمىز. تارىخ تەتقىقاتىدا بەزى تارىخىي شەخسلەر ۋە تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ تارىخ ماتېرىياللىرىنىڭ كەملىكى سەۋەبلىك مۇجمەل ياكى ئاددىيلا يېزىلىپ قالغانلىقى بايقىلىدۇ. ئەگەر بىز بۇ جەھەتتە ئارخىپ ھۆججە

جەتلىرىدىن ئىزدەنسەك، مۇجمەللىكنى ئىنقىلاب، ئەھۋالنى توغرا ئىنكاس قىلىپ، ماتېرىيالنى بېيىتالايمىز. مۇشۇ نۇقتىدىن تارىخىي ئارخىپلارنى ئىپتىدائىي ماتېرىياللار ئىچىدىكى ئەڭ ئىپتىدائىي ماتېرىيال دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

تارىخ ماتېرىياللىرىنى يېزىشتا «راستچىل بولۇش، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش» — تارىخ ماتېرىياللىرى خىزمىتىنىڭ تۈپ پرىنسىپى ۋە ئاساسىي يېتەكچى ئىدىيىسى. ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن، شەخسەن كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان ئەھۋاللارنى يېزىش بولسا، تارىخ ماتېرىياللىرى خىزمىتىنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ئەلۋەتتە، ئەسلىمە تارىخ ماتېرىياللىرىنى يېزىش، ھەرگىز كۆز ئالدىدىكى ئىشلارنى يېزىش ئەمەس، بەلكى نەچچە ئون يىل ئىلگىرىكى ئىشلارنى يېزىشتۇر. زاماننىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ نۇرغۇن تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ ۋاقتى، ئادەملەر ۋە مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلىكلەر ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ قېلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، تارىخ ماتېرىياللىرى يازماقچى بولغاندا ياكى يېزىش جەريانىدا، ھۆججەتلىك ئارخىپ ماتېرىياللىرىنى ئىزدەپ تېپىش، پايدىلىنىش بەكمۇ پايدىلىق. بۇ ئارقىلىق تارىخ ماتېرىياللىرىنىڭ ئىشەنچلىك بولۇشىغا ۋە توغرا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى ھەمدە ئارخىپ ماتېرىياللارنى كۆرۈش جەريانىدا ئاپتورنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن ئەھۋاللارنى قايتا يادىغا كەلتۈرۈپ، تېخىمۇ چوڭقۇر تارىخ ماتېرىيالىنى قېزىۋالغىلى بولىدۇ.

ئارخىپ تارىخ يېزىشنىڭ ئاساسى بولسىمۇ، لېكىن تەبىئىي شارائىت ۋە ئىجتىمائىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، ئارخىپنى ساقلاپ قېلىش ناھايىتىمۇ مۈشكۈل بولغان. قەدىمكى تارىخىي پاكىتلار ئۈستىدە بەس - مۇنازىرىنىڭ كۆپ بولۇشى دەل شۇلارغا ئائىت ئارخىپ ماتېرىياللىرىنىڭ



كەملىكىدىن بولغان. قىسقىسى، يېقىنقى زامان ۋە ھازىرقى زاماندىمۇ ئۇرۇش پارتلاش ۋە خىلمۇخىل نورمالسىز ئامىللارنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، كۆپلىگەن قىممەتلىك ئارخىپلار بىزگە يېتىپ كېلەلمەي، تارىخ تەتقىقاتىدا بوشلۇق شەكىللەندۈرۈپ، تارىخشۇناسلىقتا زور قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. بۇ ھالەت سىياسىي كېڭەشنىڭ تارىخ ماتېرىياللىرى خىزمىتىنى ئىشلىگۈچى خادىملىرىغا تارىخىي سەرگۈزەشتىسى مول ياشانغان ھەر ساھە كىشىلىرىنى بىۋاسىتە سەرگۈزەشتىسى ۋە ئاڭلىغان - كۆرگەن تارىخىي ۋەقەلەرنى ۋە بۇنىڭدىن كېيىن پايدىلىنىش قىممىتى بار ماتېرىياللارنى ئەسلىمە شەكلىدە يېزىپ چىقىشقا ئۇيۇشتۇرۇپ، تارىخنىڭ ئەينى قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ھۆججەتلىك ئارخىپلارنىڭ يوقلۇقىدىن بولغان بوشلۇقنى تولدۇرۇشتەك ۋەزىپىنى ئادا قىلىشنى يۈكلىدى. ھازىر تارىخ ماتېرىياللىرىنىڭ تارىخنامە يېزىش، تەزكىرە يېزىش ھەمدە ھەرخىل كەسپىي خىزمەتلەرنىڭ تارىخىي جەريانىنى يېزىشتا ئۈنۈملۈك پايدىسى بولماقتا. تارىخ تەتقىقاتىدا نۇرغۇن كەمتۈك جايلار تولۇقلىنىپ، نۇرغۇن تارىخىي ۋەقەلىكلەر ئەمەلىي ۋە تەپسىلىي جەريانى بىلەن قايتا نامايان بولماقتا.

ئارخىپ ھۆججەتلىرى مەزمۇن جەھەتتىن رېئال مەسىلىنى ھەل قىلىش مەقسىتىدە يېزىلغان، لېكىن ئۇ نوقۇل تارىخىي قولیازما ئەمەس. بۇ جەھەتتىن ئۇ بىرقەدەر كەڭ ئوبيېكتىپلىققا ئىگە. لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، ئارخىپ ھۆججەتلىرى بەكمۇ ئىخچام يېزىلغان بولۇپ، تەپسىلىي، ئۇششاق بايانلىرى ئاز. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، تارىخ ماتېرىياللىرى ئارخىپ ماتېرىياللىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى كەمتۈكلۈكىنى تولۇقلىيالايدۇ.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، تارىخ ماتېرىياللىرى خىزمىتى سىيا-

سىي كېڭەش خىزمىتىنىڭ تەركىبىي قىسمىي؛ ئارخىپ خىزمىتى بولسا كومپارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەركىبىي قىسمىي. بۇ ئىككىسىنىڭ تەشكىلىي رەھبەرلىكى ۋە خىزمەتنىڭ كونكرېت مەزمۇنى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار بىر - بىرىگە زىچ باغلانغان ئىككى ساھە. ئۇلارنى يېقىنقى زامان ۋە ھازىرقى زامان تارىخ تەتقىقاتىنىڭ ئىككى ئۇلى ۋە ئاساسىي دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئارخىپ خىزمىتىنى ئاساس، تارىخ ماتېرىياللىرى خىزمىتىنى قوشۇمچە قىلغاندا، تارىخ تەتقىقاتى ئوڭۇشلۇق چوڭقۇرلىشالايدۇ.

(ئاپتورى: ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش كاتىبات باشقارمىسىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىرى: **ئابلىز مۇھەممەت سايرامى**



# چاقىلىق خەلقىنىڭ ئىئانە قىلىش قىزغىنلىقىدىن ئەسلىمە

**ئابدۇۋەلى روزى**

ياپون جاھانگىرلىكى 1937 - يىل 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى جۇڭگو زېمىنىغە كەڭ كۆلەمدە تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. جۇڭگو خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ «ياپون جاھانگىرلىكىنى جۇڭگو زېمىنىدىن قوغلاپ چىقىرىش، ئالقان چىلىك يەرنىمۇ بەرمەسلىك ...» دېگەن تەشەببۇسىغا ئاۋاز قوشۇپ، پۈتۈن دۇنيادىكى تىنچلىقپەرۋەر خەلقنىڭ قوللىشى، سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ مەدەت ۋە ياردەملىرىگە ئېرىشىپ، مەملىكەت مىقياسىدا «ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئالدىنقى سەپكە ئىئانە توپلاش ھەرىكىتى» نى قوزغىدى. شۇ جۈملىدىن چاقىلىق ۋە كۆنچى (ھازىرقى لوپنۇر) ناھىيىلىرىدىكى خەلق لەرمۇ 1938 - يىلى قىشتا چىن قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىققان ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى بىلەن، «ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئالدىنقى سەپكە بىر كۆرەشچى ئايروپىلان تەقدىم قىلىش» تەك مۆجىزە يارىتىپ، پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ قالغانىدى.

بىز 1937 - يىلى «7 - ئىيۇل ۋەقەسى» دىن تارتىپ 1945 - يىلى 14 - ئاۋغۇست كۈنى ياپون جاھانگىرلىكى

تەسلىم بولغانغا قەدەر ئارىلىقتىكى ئومۇمىي ئىئانە سانىنى ئىگىلىيەلمىگەن بولساقمۇ، 1938 - يىلىدىكى بىر قېتىملىق سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا ئىئانە توپلاش ئەھۋالىنى نەمۇنە سۈپىتىدە ئىگىلەپ چىقتۇق.

1938 - يىل 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى چاقىلىق ھاكىمى زۇنۇن ئىسلامۇۋ (موسكۋا ئىنتېرناتسىئولىغا تەۋە كىشى) ناھىيىلىك ھۆكۈمەت نامىدىن 20 نەچچە داشقازاندا پولۇ ئەتكۈزۈپ، پۈتۈن ناھىيە خەلقىنى ئېزىز ھاجىنىڭ قورۇسى يېنىدىكى ۋاقىتلىق يىغىلىش مەيدانىغا تەكلىپ قىلغان. بۇنىڭغا يېڭىسۇ، مىرەن، ۋاششەرى يېزىلىرى ۋە لوپنۇر كۆلى چارۋىچىلىق رايونى، ئالتۇنتاغ چارۋىچىلىق رايونى، كەڭلايقا، چەرچەن دەرياسى بويى چارۋىچىلىق رايونى قاتارلىق ناھىيىگە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ ۋەكىللىرىنىمۇ تەكلىپ قىلغان. بۇ چوڭ يىغىلىشتا زۇنۇن ئىسلامۇۋ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ 1937 - يىل 12 - ئاينىڭ 14 - كۈندىن 27 - كۈنگىچە نەنجىڭدە 300 مىڭدىن ئارتۇق جۇڭگولۇقنى ۋەھشىيلەرچە قىرىپ ئۆلتۈرۈش ئەھۋالىنى ئېچىنىشلىق ھالدا سۆزلەپ بەرگەن ۋە ئۆزىمۇ «ھۇ» تارتىپ يىغلاپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن، خەلقنىڭ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى ئۇرغۇپ، ئېچىنىشلىق يىغا - زارى پۈتۈن مەيداننى قاپلىغان. زۇنۇن ئىسلامۇۋ ئاشۇ چوڭ يىغىندا «ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئالدىنقى سەپكە ئايروپىلان تەقدىم قىلىش ئۈچۈن ئىئانە توپلاش»، «مائارىپقا ئىئانە توپلاش»، «ئاقارتىش، تەرەققىيات ئىشلىرى ئۈچۈن ئىئانە توپلاش» نى ئوتتۇرىغا قويغان؛ «مائارىپ ئارقىلىق ئۆزىمىزنى پەن بىلەن قوراللاندۇرمىساق، ياپونىيىدەك كىچىك دۆلەتمۇ بىزنى بوزەك قىلىدۇ، تارىختا بىز ئاز زىيان تارتمىدۇق» دېگەن.



بىز ئىگىلىگەن ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، شۇ كۈنى يېزا بايلىرى، شەھەردىكى ھۈنەرۋەن - كاسىپلار، سودىگەرلەر، دېھقانلار، چارۋىچىلار، كانچىلار دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، 300 تۇياق قوي، 80 تۇياق كالا، 32 دانە تۆگە، 10 مىڭ سەردىن ئارتۇق كۈمۈش، 50 سەردىن ئارتۇق ئالتۇن ئىئانە قىلغان. ھەتتا بەزى دېھقانلار يىغىن مەيدانىغا كىيىپ كەلگەن كىيىملىرىنى سېلىپ يىغىن سەھنىسىگە سۇنغان؛ مىنىپ كەلگەن ئات - ئېشەكلىرىنىمۇ ئېگەر - توقۇملىرى بىلەن تەقدىم قىلىۋەتكەن. شۇ يىغىلىشتىن كېيىن، زۇنۇن ئىسلامۇۋنىڭ تەكلىپى بىلەن، سوۋېت ئۆزبېكىستانىدىن ئايروپىلان بىلەن كەلگەن سەنئەت ئۆمىكى ئويۇن قويۇپ بەرگەن. ئۇدا ئۈچ كۈن ئوغلاق تارتىشىش قاتارلىق ئاممىۋى تەنتەربىيە ۋە ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى يۇرت ئايلىنىپ نامايىش قىلىش پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىلغان (بۇ يىغىلىش سوۋېت ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىنىڭ 21 يىللىقىنى تەبرىكلەشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان). شۇ يىغىلىشلاردىن كېيىن، 1942 - يىلغىچە ھەر يىلى ئىئانە توپلاش ئادەتكە ئايلانغان. شۇڭا، شەھەر ئىچىدە ۋە ۋاششەرى، يېڭىسۇ، مىرەن، نۇڭلىڭخۇ قاتارلىق يېزىلاردا يېڭى مەكتەپ بىنالىرى، لوپ كۆۋرۈكى، بېكەت - دەڭ، يېكەنبۇجمال، تاتلىقبۇلاق (جىنلىخ) ئۆتەڭلىرىنىڭ دەڭلىرىمۇ ئىئانە قىلىنغان پۇللار بىلەن زامانىۋى شەكىلدە سېلىنغان.

ۋەتەنپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر، ئەمگەكچان، باتۇر ۋە مەرد چاقىلىق خەلقى بۇ ئەنئەنىۋى ئادىتىنى ھازىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە. 1950 — 1951 - يىللىرى ئىئانە قىلىش يولى بىلەن ھەر قايسى يېزىلاردا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش، ئوقۇتۇش ئىشلىرى ئۈچۈن مەكتەپ ۋە يىغىن ئېچىش ئورۇنلىرى سېلىندى. 1950 - يىل 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى

«غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىشتا قۇربان بولغانلار خاتىرە مۇنارىسى» ئۈچۈن 2,060·00 يۈەن ئىئانە ئەۋەتىلدى. «ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش» ئۈچۈن 1951 - يىل 11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى 348,937·00 يۈەن پۇل، 222 سەر كۈمۈش، 15 يامبۇ (ھەر بىرى 50 سەرلىكتىن) ئىئانە ئەۋەتىلدى؛ 1952 - يىل 10 - ئايدا ئىككىنچى قېتىم 155,331·319 يۈەن (ھازىرقى 15,534 يۈەنگە تەڭ) ئەۋەتىلدى؛ 1953 - يىل 2 - ئاينىڭ 12 كۈنى ئۈچىنچى قېتىم 2,365·630 يۈەن (ھازىرقى 2,366 يۈەنگە تەڭ) ئەۋەتىلدى. 1990 - يىلى چاقىلىق مائارىپى ئۈچۈن 636·048 يۈەن ئىئانە توپلاندى.

(ئاپتورى: چاقىلىق ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشتىن).

جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرغۇن ئۆمەر



# 1950 - يىلى 3 - ئايدىن 1952 يىلى 3 - ئايغا قەدەر باندىت ئوسمان گۇرۇھىنى تارمار قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

**ئىسمائىلوۋ مۇھەممەت**

شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇپ، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى خەلق ئازادلىق ئارمىيە سوستاۋىدا 5 - كورپۇس قىلىنىپ ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، مەزكۇر كورپۇسنىڭ 14 - دىۋىزىيە 40- پولكى 1949 - يىل 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئۈرۈمچىگە كېلىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيە 6 - كورپۇس قىسىملىرى بىلەن غەلىبىلىك ئۇچراشتى.

1950 - يىل 1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى بۇيرۇق بويىچە مەن 40 - پولك 3 - باتالىيونىنى باشلاپ، ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىدىن قۇمۇلغا يۆتكىلىپ، قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق 6 - كورپۇس 16 - دىۋىزىيىنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتتۈم. بىز قۇمۇل ئايرودرومىغا قونغاندا، 16 - دىۋىزىيە قوماندانى ۋۇزۇكشيەن، سىياسىي كومىسسارى گۈەن شىجۇ باشلىق كوماندىر - جەڭچىلەر بىزنى قىزغىن قارشى ئالدى؛ قۇمۇلغا كىرگەندىن كېيىن، ھەر جەھەتتىن غەمخورلۇق قىلدى ۋە يولىيورۇق كۆرسىتىپ تۇردى.

## يولۋاسنىڭ قېچىپ كېتىشى

يولۋاس يېشى 60 تىن ئاشقان، گومىنداڭنىڭ شاۋجاڭ دەرىجىلىك ئەمەلدارى بولسىمۇ، پارتىيە ئۇنىڭغا ھەقىقەتكە قايتقانلار قاتارىدا مۇئامىلە قىلىپ يەنىلا قۇمۇلنىڭ ۋالىيلىق ۋەزىپىسىنى بەرگەنىدى. ئۇنىڭ كىچىك خوتۇنى خەنزۇ بولۇپ، گومىنداڭ مەركىزىي پىرقە مەكتىپىدە ئوقۇغان سىياسىي تۈسكە ئىگە ئايال ئىدى. 45 - يىلى يولۋاس شىنجاڭغا چىقىش ئالدىدا، گومىنداڭ بۇ ئايالنى يولۋاس بىلەن توي قىلدۇرۇپ شىنجاڭغا ئەۋەتكەن. بۇ ئايال كۆرۈنۈشتە يولۋاسنىڭ خوتۇنى بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ سىياسىي مەسلىھەتچىسى ئىدى. بىز قۇمۇلغا بارغان ۋاقتىمىزدا، بۇ ئاياللار جەمئىيەتتە خىزمەت قىلىۋاتقانىكەن.

بىز قۇمۇلغا بارغاندىن كېيىن، بۇرھان ئەپەندى ۋە 16 - دىۋىزىيە كومىسسارى گۆەن شىجىژ قاتارلىق يولداشلارنىڭ يولىيورۇقىغا بىنائەن، يولۋاس بىلەن بىرنەچچە قېتىم كۆرۈشتۈم، ئۇنىڭغا پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھەقىقەتكە قايتقانلارغا كەڭچىلىك قىلىدىغانلىقى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت سىياسىتىگە قەتئىي ئىشىنىپ، ئۇنى قوللاپ ھىمايە قىلىدىغانلا بولسا، خىزمەت بېرىلىدىغانلىقى توغرىسىدا چۈشەنچە بەردىم. بۇرھان ئەپەندى ئىچكىرىگە مېڭىش يولىدا قۇمۇلدا يولۋاسنىڭ ئۆيىگە چۈشۈپ (مەنمۇ بار): «ھۆكۈمەت سىزگە ئىشىنىدۇ، ھېلىمۇ ۋالىيلىق خىزمىتىدە تۇرۇۋاتىسىز، سىز قۇمۇلنىڭ خىزمىتىگە ئوبدان ياردەملىشىڭ. باشقىچە خىياللاردا بولماستىن، خەلق ھۆكۈمىتىگە سادىق بولۇپ، ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىدىغانلا بولسىڭىز، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت سىزگە كەڭ



چىقىش يولى بېرىدۇ» دېدى.

مەن يولۋاس بىلەن بىرىنچى قېتىم ئايرىم كۆرۈشۈپ سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق، ئۇنى نۇرغۇن خىياللار چىرمىۋالغانلىقىنى سەزگەنىدىم. ئۇ ماڭا: «مەن يېڭى ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىمەن، جېيفاڭجۈن قۇمۇلغا كەلگەندە ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدىم. ۋاڭ جېن سىلىنىڭ بىلەنمۇ كۆرۈشۈپ ئارمىيىنى قىزغىن كۈتۈۋالىدىغانلىقىمنى ئېيتقانىدىم. بىراق، مەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئىچىدە ئۇزۇن ئىشلىگەن، يەنە كېلىپ قۇمۇلدا مېنىڭ نۇرغۇن يەر - زېمىن، قورۇ - جايلىرىم بار، بۇنىڭغا ھۆكۈمەت قانداق قارايدۇ؟» دېگەنىدەك گەپلەرنى قىلدى. بۇ سۆزلەردىن ئۇنىڭ ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. مەن بۇرھان ئەپەندى ۋە گۆەن شىجىژ يولداشلارنىڭ يولىيورۇقى بويىچە، ئۇنىڭغا: «گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى سابىق گارنىزون قوماندانى تاۋسىيۆ، سابىق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى بۇرھان ئەپەندىلەر شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشىغا چوڭ تۆھپە قوشتى، ئەلۋەتتە، گومىنداڭنىڭ باشقا ئەمەلدارلىرىمۇ ئۇلارغا ئوخشاش تۆھپە قوشۇپ ھەقىقەتكە قايتتى. خەلق ھۆكۈمىتى ئۇلارغا كەڭچىلىك قىلىدۇ، لايىقىدا خىزمەت بېرىدۇ. سىزمۇ يەنىلا قۇمۇلنىڭ ۋالىيسى بولۇپ تۇرۇۋاتىسىزغۇ، ئەندىشە قىلىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق» دېۋىدىم، ئۇ ماڭا: «مەن ئەزەلدىن خەلقنىڭ غېمىنى يەپ كەلگەن ئادەم، ئۆلكىمىز ئازاد بولۇپ خەلقىمىز بەخت - سائادەتكە چىقسا، مەن يەنە نېمىشقا ئەندىشە قىلىمەن» دېدى. دېمەك، سۆھبەت جەريانلىرىدا مەن ئۇنىڭغا پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسەتلىرى توغرىسىدا نۇرغۇن چۈشەنچە بەرگەن بولساممۇ، ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرىدىن ئىشەنمەسلىك ئالامەتلىرى بىلىنىپ تۇراتتى.

بىر كۈنى ئۇ مېنى ئۆيىگە چاقىرتىپتۇ. مەن بارسام، ئۇ ئۆزى، خوتۇنى ۋە چوڭ ئوغلى ياقۇپبەك، ۋالىي مەھكىمىسىدىن يەنە بىر كادىر ئولتۇرغان ئىكەن. ئىشىكتىن كىرىشىمگە، ئۇ ماڭا: «تۈنۈگۈن ئۈرۈمچىدىن تېلېگرامما ئالدىم، تېلېگراممىدا مېنى ئۈرۈمچىگە چاقىرتىپتۇ. بۇ ھەقتە مەسلىھەتلىشەي دېۋىدىم» دېدى. مەن: «بۇ ناھايىتى ياخشى بوپتۇ، ئۈرۈمچىدىن چاقىرغان بولسا، بېرىپ باشلىقلار بىلەن كۆرۈشۈپ كەلمەمسىز» دېدىم. ئۇ: «مېنىڭ بارغۇم بار، ھېلىقى ئوسمان دېگەن قازاق (ئوسمان باندىتنى دېمەكچى) نىڭ ئادەملىرى يول توسۇپ مال بۇلاپ، ئادەم ئۆلتۈرۈپتۇ، دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىدىم، يول خاتىرجەم ئەمەس ئوخشايدۇ» دېدى.

مەن ئۇنىڭغا جاۋابەن: «ئۇنداق بولسا، يۇقىرى بىلەن سۆزلىشىپ، بىر بەن جەڭچى قوشايلى، ئۇلار سىزنى مۇھاپىزەت قىلىپ ئېلىپ چىقسۇن ياكى ئايروپىلان بىلەن چىقىڭ» دېۋىدىم، ھېلىقى كادىر (خەنزۇ) قوشۇلۇپ: شۇنداق بولسۇن، دېدى. ئەمما، خوتۇنى: «بېگىم ئايروپىلاندا ئولتۇرالمايدۇ، قان بېسىمى بار» دەپ گەپنى ئۈزۈۋەتتى. مەن شۇ كۈنى كەچتە سىياسىي كومىسسار گۇەن شىجۈڭگە ئەھۋالنى دوكلات قىلدىم. سىياسىي كومىسسار ماڭا: «يولۋاس بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتىدۇ، سىلەر ئوبدان دەپسىلەر، مەيلى ئايروپىلان ياكى ماشىنا بىلەن چىقامدۇ، ئۆزى بىر قارارغا كەلگەندە يولغا سېلىپ قويايلى» دېدى.

3 - ئاينىڭ 10 ياكى 11 - كۈنى بولۇشى مۇمكىن، جۈمە كۈنى ئىدى. يولۋاس جۈمە نامازنى ئوقۇپ بولۇپلا، «مەن كارىزغا بېرىپ، دېھقانچىلىق ئىشلىرىمنى تەكشۈرۈپ كېلەي» دەپ، خوتۇنى، ياقۇپبەك، يۈسۈپبەك ۋە بىر كانىۋويىنى ئېلىپ، ئۆزى ئىشلىتىپ يۈرگەن قارا پىكاپقا ئولتۇرۇپ، كارىز



تەرەپكە (ئۇنىڭ كارىزى قۇمۇلنىڭ غەربىي تەرىپىدە ئىدى) كەتكەنىدى. شۇ ماڭغانچە تاغقا قېچىپ، ئوسمان باندىتلىرىغا قوشۇلۇپ كېتىپتۇ.

كېيىن ئاڭلىشىمچە، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۇنى ئۈرۈمچىگە چاقىرتىپ خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ خىزمىتىگە قويماقچى بولغانىكەن. ئەمما ئۇ، ئۆز كۆلەڭگىسىدىن ئۈركۈپ قاچقان. 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى باتاليونىمىز باركۆلگە يۆتكىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق ئالدى. يەرلىك ھۆكۈمەت بىزنى ئات بىلەن تەمىن ئەتكەندىن كېيىن، ئاتلىق قىسىمغا ئۆزگىرىپ باركۆلگە يۈرۈپ كەتتۇق. 3 - ئاينىڭ ئاخىرى قۇمۇلنىڭ شەھەر ئەتراپى كۆپكۆك چىمەنلىككە ئايلىنىپ، ئەتىيازنىڭ ئىللىق شامىلى كىشىلەرگە ھۇزۇر بېغىشلاۋاتقان كۈنلەردە، باركۆل يايلىقى تېخى قېلىن قار ئاستىدا باھارنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن بىخەۋەر ياتقانىكەن. بىز باركۆلدە يەرلىك خەنزۇ ئائىلىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە چۈشتۇق. خەنزۇ ئائىلىلەر بىزنى ئىسسىق چاي، موما ۋە قازان نانلىرى بىلەن تەمىنلەپ، قىزغىن كۈتۈۋالدى. بىز بىر تەرەپتىن ئۇرۇش تەييارلىقىغا كىرىشىپ، يەنە بىر تەرەپتىن خەلقنىڭ ئۆي - قورۇلىرىنى تازىلاش، قار چىقىرىش قاتارلىق ئىشلىرىغا ياردەملەشتۇق. باركۆلدە تۇرۇشلۇق 16 - دىۋىزىيە 46 - پولك رەھبەرلىكى بىزنى قىزغىن كۈتۈۋېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇرۇش تەييارلىقى ئىشلىرىمىزغا يېقىندىن ياردەم بېرىپ، بىزنى ئوق - دورا ۋە ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلىدى.

## 50 - يىلى 2 - ئاينىڭ ئالدى - كەينىدە باركۆل ئەتراپىدىكى باندىتلار ئەھۋالى

قولغا چۈشكەن باندىتلار ۋە قېچىپ كەلگەنلەرنىڭ ئىقرار قىلىشى ھەم ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي

ئارمىيىسى تەرىپىدىن مەغلۇپ بولۇپ، بەيتىكتە گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ ھىمايىسىدە ئۈچ يىلغا يېقىن جان ساقلاپ تۇرغان ئوسمان 1949 - يىلىنىڭ ئاخىرى شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇش ھارپىسىدا، گومىنداڭنىڭ بىر قىسىم جاھىل ئۇنسۇرلىرى ۋە ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى مۇئاۋىن كونسۇلى ماكىناننىڭ كوممۇنىزمغا ۋە خەلققە قارشى پىلانلىغان سۇيىقەستىگە ئاساسەن، 49 - يىلى 8 - ئاينىڭ ئاخىرىدا بەيتىكتىن قۇمۇل تاغلىرىغا يۆتكىلىپ، ئۇ يەردىكى چارۋا رايونلىرىغا بېرىپ ئورۇنلاشقان.

ماكىناننىڭ ئەكسىيەتچى پىلانىدا، مۇنداق ئىككى غەرەز يوشۇرۇنغان:

بىرىنچىسى، ئوسماننى قۇمۇلنىڭ شەرقىي تاغلىرىغا يۆتكەپ، ئۇ يەردىكى قازاق ۋە ئۇيغۇر چارۋىچىلارنى قوترىتىپ، پۇت تىرەپ تۇرغۇدەك بازا قۇرۇش؛

ئىككىنچىسى، قۇمۇلنىڭ شەرقىي تېغى جۇغراپىيە جەھەتتە گەنسۇ، چىڭخەيلەرگە يېقىنراق بولغانلىقتىن، ئۇ يەردىن شىزاڭ تەرەپكە قېچىپ كېتىش ئۈچۈن ئۆزىگە يول قالدۇرۇش.

پىلان بويىچە، ئوسمان بىلەن ماكىنان 11 - ئاينىڭ باشلىرىدا قۇمۇلنىڭ شەرقىي تاغلىرىغا كېلىپ ئورۇنلىشىپ، بۇ ئەتراپتا قىشلاۋاتقان سابىرباي زالىڭ، مۇقادىل، جانابىل قاتارلىق يۇرت ئاقساقاللىرىغا تەھدىت سېلىپ، بۇ رايوننى ئۆز كونتروللۇقىغا ئېلىۋالغان. 50 - يىلى 2 - ئايلاردا ئوسمان ۋە ماكىنانلار يەنە يۆتكىلىپ، تىيانشان تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى سار قۇمۇش دېگەن يەرگە كېلىپ، شەرقتە بارىكۆل، غەربتە گۇچۇڭ ۋە مورى تەرەپتىن كېلىدىغان چوڭ يولنى كېسىپ تاشلىغان. ئۇلار يەنە سار قۇمۇشنى



مەركەز قىلغان ھالدا، قۇمۇلدىكى يولۋاس، ئالتۇنبەگلەر بىلەن، ئۈرۈمچى نەنسەندىكى شىددىق زالىڭ، ئورازباي، دورجى (موڭغۇل)، گۇچۇڭدىكى جوكەيلەر بىلەن مەخپىي ئالاقە باغلىغان. ئۇنىڭغىچە ئالتايدىكى سامالوۋ باشچىلىقىدىكى بىر توپ ئاق ئورۇس باندىتلىرىمۇ سار قۇمۇشقا كەلگەن. سانجى، پۇكاڭ، جىمسار تەرەپلەردە ھەقىقەتتە قايتىشتىن باش تارتىپ بۇزۇلغان بىر قىسىم گومىنداڭ قاچاق ئەسكەرلىرىمۇ بۇ يەرگە كېلىپ، ئوسمان باندىت گۇرۇھىغا قوشۇلغان.

3 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ماكىنان ئوسمان ۋە يولۋاس قاتارلىق بىر تۈركۈم باندىت باشلىقلىرى بىلەن سار قۇمۇشتا يىغىن ئېچىپ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىشەنچلىك دوستى، ئامېرىكا گومىنداڭغا ياردىمىنى ئايىمايدۇ. سىلەر گۇڭچەنداڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرۇپ، ئالتە ئاي پۇت تىرەپ تۇرالىساڭلار، دۆلەت ئارمىيىسى قايتۇرما ھۇجۇم قوزغاپ، گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. ئۇ چاغدا سىلەرنىڭ كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىڭلار ئېتىبارسىز قالمايدۇ، دېگەندەك قۇرۇق سۆزلەرگە ئالداپ قويۇپ، بىر كېچىدىلا 13 نەپەر باندىتنىڭ ھىمايىسىدە چىڭخەي تەرەپكە قېچىپ كەتكەن.

قۇرۇق سۆز ۋە خام - خىياللارغا ئالدانغان ئوسمان، يولۋاس قاتارلىق باندىتلار ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئۈچ قېتىملىق ئەلچىلەرنىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سالماي، ھۆكۈمەتكە قارشى ھەرىكىتىنى توختاتمىغان؛ ئاراتۈرۈكتە ئابدۇللا باشلىق باندىتلار ئاراتۈرۈكتىكى 2 - لىيەننى قورشىۋالغان؛ نەنسەندە زالىڭ بىلەن دورجىلار قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرگەن؛ ئوسماننىڭ ئادەملىرى يەتتە قۇدۇق، تارانچى ۋە ئاقتاش ئەتراپىدا يول توسۇپ، ماشىنىلارنى

بولغان، ھەتتا ئۇنىڭ قوراللىق باندىتلىرى 16 - دىۋىزىيە-
نىڭ يول تەكشۈرۈپ كېتىۋاتقان ئورۇنباسار قوماندانى
يولداش ليۇشاۋغا تۇيۇقسىز ئوق چىقىرىپ، ئۇنى ئۈچ يولداش
بىلەن بىللە ئېتىۋەتكەن.

## بارىكۆلدىكى ھەربىي يىغىن

شىنجاڭنىڭ تىنچلىقىنى قوغداش، بولۇپمۇ شىمالىي
شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنى
قوغداپ، ھاكىمىيەت قۇرۇش خىزمىتىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ
بېرىش ئۈچۈن، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كۈتۈپ تۇرۇشى ۋە
نەسىھىتىنى ئاڭلىماي خەلققە قارشى قوراللىق توپىلاڭ
كۆتۈرگەن ئوسمان باندىت گورۇھىنى تازىلاش قوماندانلىق
شتابى قۇرۇلۇپ، ئالدىنقى سەپ قوماندانلىقىغا 6 - كورپۇس-
نىڭ قوماندانى يولداش لۇيەنفا تەيىنلەنگەندىن كېيىن،
ئۇ 4 - ئاينىڭ باشلىرىدا ئۆزى بارىكۆلگە كېلىپ يىغىن
ئاچتى. يىغىن 46 - پولك مەجلىسخانىسىدا ئېچىلدى. زالنىڭ
ئۇدۇل تېمىغا ماۋجۇشى ۋە جۇدې سىلىگىنىڭ پاختىلىق كىيىم
بىلەن چۈشكەن سۈرەتلىرى ئېسىلغان، ئوڭ تەرەپتىكى ئىككى
دېرىزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا شىنجاڭنىڭ شەرقىي شىمال رايونىنى
ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەربىي خەرىتە چاپلانغان، ئوتتۇرىغا
ئۈستەل قويۇلۇپ، ئەتراپىغا ئۇزۇن - قىسقا، كونا - يېڭى
ئورۇندۇقلار قويۇلغان. سائەت 10 ئەتراپىدا كورپۇس قوماندا-
نى لۇيەنفا دىۋىزىيە باشلىقلىرى بىلەن بىللە يىغىن زالىغا
كىرىپ، ھەممىمىز بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

ئالدى بىلەن 46 - پولكنىڭ قوماندانى يولداش دېڭ
شۈتەن بارىكۆل ئەتراپىدىكى باندىتلارنىڭ يېقىنقى



ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەندىن كېيىن، دىۋىزىيە سەنمۇ-
جاڭى يولداش يەنجىڭشەن خەرىتە ئالدىغا كېلىپ:
«ھازىر باندىتلارنىڭ ھەرىكىتى جىددىيلىشىۋاتىدۇ،
بولۇپمۇ بۇنىڭدىن تۆت كۈن بۇرۇن گۇچۇڭدىن
كەلگەن 40 - پولك ۋە 17- دىۋىزىيە قىسىملىرى تەرىپ-
پىدىن ئاقتاشتا قاتتىق زەربە يېگەن سامايلوۋ باشچىلىقىدىكى
ئاق ئورۇسلار سار قۇمۇشتىن چېكىنىپ، كىچىك خۇڭلۇشاغا
يۆتكەلدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئوسمان گورۇھى ھەرىكەت
قىلىشقا ئوڭاي بولغان كەڭ ئېدىرلىقنى تاللاپ، ئۇنى ئۆزلىرىگە
تايانچ بازا قىلماقچى بولسا كېرەك. بىزنىڭ ھازىرقى ھەرىكەت
نىشانىمىز ئەنە شۇ كىچىك خۇڭلۇشاغا مەركەزلەشتى» دەپ،
كونكرېت ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، يولداش
لۇيەنفا: «ئوسمانغا ھۆكۈمەت بىرىنچى قېتىم ئەلچى ئەۋەتىپ،
ئۇنىڭغا ھۆكۈمەت تەرەپكە قايتىپ كەلسە، ھېچقانداق زىيان -
زەخمەت يەتكۈزمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ، ئۇلار
ھەر قانداق تەكلىپنى رەت قىلىپلا قالماستىن، تېخىمۇ ئەدەپ،
ھۆكۈمەتكە قارشى ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكىتىنى توختاتمىغا-
نلىقى ئۈچۈن، جىددىي تەدبىر قوللىنىشقا مەجبۇر بولدۇق.
بىزنىڭ تەدبىرىمىز بىر ئۇچۇم ئەكسىيەتچى جاھىللارغا زەربە
بېرىش، ئۇلارنىڭ ئەكسىيەتچى تەشۋىقاتلىرىغا ئالدىنىپ
قايمۇققان ھەمدە مەجبۇرىي ھەيدەپ كېتىلگەن ئاممىنى قۇتقۇ-
لدۇرۇشتىن ئىبارەت. بىز بۇ قېتىمقى ھەربىي ھەرىكەتتە
خەلقنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئاساس قىلىپ، ھەربىي تەدبىرنى
قوشۇمچە قىلىشىمىز، ھەممە يەردە پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈ-
مىتىنىڭ سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىشىمىز، ئۈچ چوڭ ئىنتىزام،
سەككىز دىققەتنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، كەڭ ئاممىغا ياخشى
ئىش قىلىپ بېرىش، قولغا چۈشكەنلەرگە ئادىل مۇئامىلە قىلىش،

ياردارلارغا غەمخورلۇق قىلىش ئارقىلىق، ئارمىيىمىزنىڭ ھەقىقىي خەلق ئارمىيىسى ئىكەنلىكىنى ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز بىلەن نامايان قىلىشىمىز لازىم» دېدى. يىغىندا يۇقىرىقى يوليورۇقلار بېرىلگەندىن كېيىن، ھەر قايسىمىز ئۆزىمىزگە بېرىلگەن ۋەزىپىلەرنى ئېلىپ، يىغىندىن قايتتۇق.

## خۇڭلۇشاغا يۈرۈش قىلىش

يىغىندا بېرىلگەن ۋەزىپىگە ئاساسەن، ئاۋۋال 3 - ئاتلىق باتالىيون يولغا چىقىپ، ئەتىسى چۈشتىن كېيىن سارقۇمۇشقا يېتىپ باردۇق. كەچقۇرۇن 46 - پولكنىڭ 1 - ۋە 3 - باتالىيونلىرى پولكوۋنىك زىنشۈتەننىڭ باشچىلىقىدا ماشىنا بىلەن يېتىپ باردى. قىسىم شۇ كېچە ئارام ئالغاندىن كېيىن، 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى تاڭ سەھەردە كىچىك خۇڭلۇشاغا قاراپ ماڭدۇق. كۈن ناھايىتى ئوچۇق ئىدى. ئەتراپىدىكى ئېدىرلىقلار ۋە كەڭ كەتكەن داللار ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئەمما بىر ئازدىن كېيىن تىيانشان تېغى ئۈستىدە پەيدا بولغان قارا بۇلۇت پۈتۈن ئاسماننى قاپلاپ، يامغۇر يېغىشقا باشلىدى، كېيىن قارغا ئايلاندى. ئىككى - ئۈچ سائەت ئىچىدە پۈتۈن دالا قېلىن قارغا كۆمۈلدى. ئەتراپنى پەرق ئېتىش ۋە يول تېپىپ مېڭىش قىيىنلاشتى. بىزگە يول باشلىغۇچى ئىسمائىل ئىسىملىك خۇيزۇمۇ تەمتىرەپ ئامالسىز قالدى. پولكونىك زىنشۈتەن باشلىق بىر قانچىمىز خەرىتە كۆرۈپ يۈرۈشنى داۋاملاشتۇردۇق. جەڭچىلەرنىڭ كىيىملىرى باشتا ھۆل بولدى، كېيىن شۇرغان چىقىپ سوغۇقتا مۇز بولۇپ قاتقان بولسىمۇ، توختىماي ئالغا ئىلگىرىلىدۇق. قاراڭغۇ چۈشۈپ، ئەتراپنى پەرق ئېتىش قىيىنلاشتى. جەڭچىلەرگىمۇ ھاردۇق يەتكەنىدى. جەڭچىلەرنىڭ



يۈز - كۆزلىرىنى ئاپئاق قىراۋ قاپلىغان، ئات ۋە قېچىرلارنىڭ تۇمشۇقلىرىدا چوكا مۇزلار قاتقانىدى. شۇنداق بولسىمۇ، خەلق تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، جەڭچىلەر قەيسەرلىك بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيتتى. بەزى چوققىلار تېيىلغاق ئىدى. بىر ئات، ئىككى قېچىر تېيىلىپ كېتىپ، يۈك - تاقى بىلەن چوڭقۇرلۇققا دوملاپ كەتتى. بۇ قېتىم يۈرۈشتە، جەڭچىلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلەپ، تۈن يېرىمىدا چوڭقۇر بىر يۇلغۇنلۇق سايغا كېلىپ توختىدۇق. بۇ يەر بوران - شامالدىن خېلى دالدا بولغانلىقتىن، توختاپ ئارام ئالماقچى بولدۇق. جەڭچى - كادىرلار قېلىن قار ئىچىدە ئۈچ - تۆتتىن بولۇپ قاردىن ئورا كولاپ ئارام ئالغان بولسىمۇ، ئەمما تاماقلىنىشقا زادى مۇمكىن بولمىدى. مىڭ مۇشكۇلدە تاڭ ئاتقۇزدۇق. ئەتىسى ھاۋا شۇنداق ئوچۇق ئىدىكى، ئاسماندا ئالىقانچىلىكمۇ بۇلۇت كۆرۈنمەيتتى. ئەمما تېمپېراتۇرا تۈنۈگۈنكىدىنمۇ تۆۋەن ئىدى.

كۈنچىقىش بىلەن زىنشۈتەن باشلىق بىر نەچچىمىز بىر ئېگىزلىككە چىقىپ قارىۋىدۇق، بىز ياتقان يۇلغۇنلۇق بىلەن خۇڭلۇشانىڭ ئارىلىقى يېقىنلا ئىكەن. بىز خۇڭلۇشادىكى باندىتلارنىڭ يېقىنىدىلا ئارام ئالغان ئىكەنمىز. بىزنىڭ كېچىدە يېتىپ كەلگەنلىكىمىزنى باندىتلار سەزمەپتۇ. بىز خۇڭلۇشانى كۆزەتتۇق. جەنۇبتىن شىمالغا كېڭەيگەن ساي ئىچىدە كىگىز ئۆيلەردىن قويۇق ئىسلار كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. باندىتلار ئىككى - ئۈچتىن بولۇپ ئۇياقتىن - بۇياققا ئات چېپىپ يۈرۈپتۇ. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ بىزدىن بىخەۋەر ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. بىز دۇربۇن بىلەن خۇڭلۇشانىڭ يەر شارائىتىنى كۆزەتتۇق. مەن پولكوۋنىك زىنشۈتەندىن ئەمدىلا دۇربۇننى ئېلىپ كۆزىتىپ تۇرۇشۇمغا، ئوڭ تەرەپتىن بىر پاي

ئوق كېلىپ، قولۇمدىكى دۇربۇننىڭ ئۇچىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. بۇ ئوقنى باندىتلارنىڭ كۆزەتچىلىرى ئاتقانىكەن. ئوق ئاۋازى ئاڭلانغان ھامان باندىتلار ئۆۋىسى بۇزۇلغان ھەرىدەك قوزغىلىشقا باشلىدى. بىز ھۇجۇم تەييارلىقى قىلماقچى بولۇپ تۆۋەنگە چۈشتۇق. كوماندىرلارنىڭ دوكلاتىدىن شۇ كېچىسى 70 دىن ئارتۇق جەڭچىنىڭ پۇت - قول، قۇلاقلىرى ھەر خىل دەرىجىدە ئۈششۈپ كەتكەنلىكىنى، تۆت ئات ۋە ئىككى قېچىرنىڭ توڭلاپ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلىدۇق. ئاندىن بىز يول يۈرەلەيدىغان جەڭچىلەرنى دەرھال تەشكىللەپ، 1 - باتالىيون سول تەرەپتىكى تاغ باغرىدىن، 3 - باتالىيون ئۇدۇلدىن، ئاتلىق باتالىيون ئوڭ تەرەپتىكى ساي ئىچىدىن خۇڭلۇشاغا ھۇجۇم باشلىدۇق. ھەر قايسى چوققىلارنى ئىگىلەپ ياتقان باندىتلار بىزنىڭ ھۇجۇمىمىزنى توختاتماقچى بولۇپ قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، بىز بىلەن كۈچ ئېلىشالماي، تەرەپ - تەرەپكە پىتراپ قېچىشقا باشلىدى. بىر يېرىم سائەتچە داۋام قىلغان جەڭدە باندىتلار 10 نەچچە ئۆلۈكنى ۋە مال - مۈلۈك، چارۋىلىرىنى تاشلاپ شىمالىي ئېدىرلىقلارغا قاراپ قاچتى؛ بىز خۇڭلۇشاغا كىرىپ، مەجبۇرلۇق بىلەن كېلىپ قالغان چارۋىچىلارنى ۋە 30 مىڭدىن ئارتۇق مال - چارۋىنى ئاجرىتىۋالدۇق.

شۇ قېتىمقى قار ۋە قاتتىق سوغۇق مال - چارۋىلارغىلا چوڭ ئاپەت بولۇپ قالماي، بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزگىمۇ ئىنتايىن چوڭ تەسىر قىلغانلىقتىن، خۇڭلۇشادىن 15 كىلومېتىر شىمالدا مۆكۈنۈپ ياتقان ئوسمان ۋە يولۋاسلارنى تۇتۇۋېلىشىمىزغا مۇمكىن بولمىدى. ئۇلار يىراقتىن بىزنىڭ شەپىمىزنى ئاڭلاپلا قېچىپ كېتىپتۇ. بىز قولغا چۈشكەن 31 نەپەر ئەسىر بىلەن مال - چارۋىلارنى ئېلىپ، سارقۇمۇشقا قايتتۇق. 70 دىن



ئارتۇق جەڭچى - ئوفىتسېرنىڭ پۇت - قوللىرى ئۈششۈپ كەتكەندىن تاشقىرى، تۈنۈگۈنكى جەڭدە نۇرغۇن يولداشلارنىڭ كۆزىنى قار ئېلىپ كېتىپ، يول يۈرۈشى تولىمۇ قولايسىز ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. بىز ئۇلارنى ئاتقا مىندۈرۈپ، سارقۇمۇشقا ئېلىپ كەلدۇق. پىيادە قىسىملار سارقۇمۇشتىن ماشىنا بىلەن بارىكۆلگە قايتتى. بىز ئاتلىق 3 - باتالىيون چارۋىچىلار بىلەن مال - چارۋىلارنى قوغداپ، 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى بارىكۆلگە يېتىپ كەلدۇق.

تاغدىكى چارۋىچىلار ئارىسىدا: «ئوسمانغا ھېچقانداق كۈچ تەڭ كېلەلمەيدۇ، ئۇ — باتۇر ۋە مەرگەن، قانچىلىك ئادەم كەلسە، شۇنچىلىكىنى ئېتىپ يوقىتالايدىكەن. ئۇنىڭ يەنە 10 چوڭ باتۇرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى 40 - 50 دىن كىچىك باتۇرنى ئەگەشتۈرۈپ يۈرىدىكەن. ئۇلار زادى يېڭىلىپ باقماپتۇ، ئوسمانغا ئەگەشمىسە، مال - مۈلكىنى تارتىۋېلىپ ئادەملەرنى تۇتۇپ كېتىدىكەن» دېگەنگە ئوخشاش ھەر خىل گەپ - سۆزلەر تارقىلىپ يۈرگەنلىكتىن، قومۇلنىڭ شىمالى ۋە غەربىي تاغلىرىدا قىشلاۋاتقان سابىر باي زالىڭ ھۆكۈمەتكە يېقىنماي تۇرىۋاتاتتى. ئەمما، بۇ «يېڭىلمەس» ئوسماننىڭ خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ قاقشاتقۇچ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، ئۆز جانلىرىنى ئارانلا ئېلىپ قاچقانلىقى ئەل ئىچىگە چاقماق تېزلىكىدە يېتىپ كېلىپ، ئۇلارنى غەم - ئەندىشىدىن خالاس قىلدى. بىز بارىكۆلدىن چارۋا رايونىغا ۋەكىل ئەۋەتتۇق. ئىككى كۈندىن كېيىن چارۋىچىلارنىڭ يۇرت چوڭلىرىدىن بەش كىشى كەلدى. بىز ئۇلارنى قوي سويۇپ كۈتۈۋالدۇق. پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىتىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ نەنسەنگە قايتىپ كېلىشىنى ئېيتتۇق. ئۇلار بىزگە ئىككى تۈرلۈك تەلەپ قويۇپ: «بىرىنچى، يېقىندا

مىڭبېگىلار ھەيدەپ كەتكەن 91 تۆگە قايتۇرۇپ بېرىلسە؛ ئىككىنچى، بىزنىڭ ھاياتىمىز ۋە مال - چارۋىلىرىمىزغا كاپالەتلىك قىلىنسا» دېدى. بىز بۇ تەلەپلەرنى باركۆلگە خەۋەر قىلىپ، تۆگىلەرنى قايتۇرۇش بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىگە ھېچقانداق دەخلى يەتمەيدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەردۇق. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار بىر ھەپتىگە قالماي مال - چارۋىلىرىنى ئېلىپ نەنسەنگە كۆچۈپ كەلدى. باركۆل خەلق ھۆكۈمىتى ئۇلارنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇردى ۋە قومۇلدىن ئاشلىق، رەخت، كۈندىلىك بۇيۇملارنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا غەمخورلۇق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن باركۆل ناھىيىسى تىنىچ يېڭى تۇرمۇشقا ئىگە بولدى.

## ئاراتۈرۈك ناھىيىسىگە بېرىپ 2 - روتا بىلەن ئۇچرىشىش جەريانى

ئارا تۈرۈك - شىنجاڭنىڭ شەرقىي شىمالىي بۇلۇڭىغا جايلاشقان، چارۋىچىلىقنى ئاساس، دېھقانچىلىقنى قوشۇمچە قىلىدىغان بىر كىچىك ناھىيە. 50 - يىلى 2 - ئايلاردا 46 - پولك 1 - ئىسكادروننىڭ 2- روتىسى بۇ ناھىيىگە بېرىپ ئورۇنلاشقانىدى. ئۇ يەردىكى گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىدىن ئەبەيدۇللا شىيەنجاڭ قاتارلىقلار ئۆز مەنپەئەتلىرىنى قوغداش ئۈچۈن، ئارمىيىگە قارشى مەخپىي گۇرۇھ ئۇيۇشتۇرۇپ، يولۋاسنىڭ يوليورۇقىنى ئېلىشقا ئابدۇللا ئىسىملىك بىر ئادەمنى قومۇلغا ئەۋەتكەن. بۇ ئادەم يولۋاس بىلەن كېچىسى كۆرۈشۈپ، بىرمۇنچە يوليورۇقلارنى ئېلىپ ئارا تۈرۈككە قايتقاندىن كېيىن، تۆۋەندىكىدەك ئەكسىيەتچى تەشۋىقاتلارنى تارقاتقان:

1) كوممۇنىست خىتايلار قومۇلغا كېلىپ يولۋاس بېگىم-



دىن 100 نەپەر ئۇيغۇر قىزى بېرىسەن، دەپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ بېگىم قاتتىق رەنجىپ، خۇدا يولىدا تاغقا قاچماقچى بوپتۇ.

2) ئۇلار خەلقلەرنىڭ بارلىق مال - مۈلكىنى تارتىۋېلىپ، ئەرلەرنى بىر ئۆيگە، ئاياللارنى بىر ئۆيگە جايلاشتۇرۇپ، بىر قازاندىن تاماق بېرىدىكەن.

3) دىنىنى يوقىتىپ مەسچىتلەرنى چېقىۋېتىدىكەن. ئۇلار مۇشۇنداق ئەكسىيەتچى تەشۋىقاتلىرى بىلەن خەلق ئىچىدە ئەندىشە پەيدا قىلغان، ئاندىن بىر قىسىم ئادەملەرنى توپلاپ ئازاد بولۇش ھارپىسىدا يوشۇرۇپ قويغان قوراللار بىلەن قوراللاندۇرۇپ، 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى بىر كېچىدىلا ھۇجۇم قوزغاپ، ئارا تۈرۈككە يېڭى كېلىپ تېخى خەلق ئاممىسى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا ئۈلگۈرمىگەن 2 - روتىنى قورشىۋېلىپ، تېلېگراف - تېلېفون سىملىرىنى ئۈزۈپ تاشلىغان. شۇنىڭ بىلەن 2 - روتىدىكى جەڭچى - كادىرلار ھېچقانداق يەر بىلەن ئالاقە قىلىشالماي قورشاۋدا قالغان. 5 - ئاينىڭ 3 - كۈنى بىزنىڭ ئاتلىق باتالىيونىمىز ئارا تۈرۈككە يۈرۈش قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق تاپشۇرۇپ ئالدى. جىددىي تەييارلىق كۆرۈپ، ئېلاخۇن باشلامچىلىقىدا 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى يولغا چىقتۇق.

ئارا تۈرۈكنىڭ دەرۋازىسى دەپ ئاتالغان دازىگۇلاڭ داۋىنىدا قوسمان تەيجىنىڭ باندىتلىرى بىزنى توستى. ئىككى تەرەپ قاتتىق ئېلىشتۇق. جەڭ خېلى جىددىي بولدى. ئاخىر باندىتلار چىداشلىق بېرەلمەي، تۈزلۈق كۆلگە قاراپ قاچتى. مۇشۇ ئۇرۇشتا روتا كوماندىرى ئەكەجان قۇربان بولدى. باندىتلار تۈزلۈق كۆل ئەتراپىدا ئالدىمىزنى يەنە توسماقچى بولۇپ قارشىلىق قىلغان بولسىمۇ، بىز ئۇلارنى تارمار قىلىپ، 5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى تاڭ سەھەردە ئارا تۈرۈك ناھىيە با-

ژىرىغا يېتىپ كەلدۇق. مەغلۇپ بولغان باندىتلار ئارا تۈرۈكنى تاشلاپ قاچتى. بىز 2 - روتا تۇرغان گازارمىغا يېقىنلاشقىنىمىزدا، بۇ قەيسەر، قەھرىمان 2 - روتىنىڭ قىزىل بايرىقى گازارما ئۈستىدە لەپىلدەپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ھاياجانلاندۇق. بىز ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈش سىگنالى بەرگىنىمىزدە، 2 - روتىدىكى جەڭچى — كوماندىرلار تام ئۈستىگە چىقىپ بىزنى كۈزەتتى ۋە ئىككى جەڭچىنى دەرۋازىدىن چىقىرىپ بىزگە ئەۋەتتى. ئۇلار يېقىنلاپ 40 — 50 مېتىر قالغىچە ئارىلىقتا كەلگەندە، بىزدىن گۇمانلىنىپ، دەرھال قورالىنى تەڭلىدى. ئۇلارنىڭ بىزدىن گۇمانلىنىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى. چۈنكى، 2 - روتا ئىچكىرىدىن چىقىپلا ئۇدۇل بارىكۆلگە كەلگەنلىكتىن، مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىنى كۆرمىگەن، مىللىي ئارمىيىنىڭ چىرايى ۋە كىيىم فورمىسى ئۇلارغا باشقىچە تۇيۇلغان. بىر جەڭچىمىز دەرھال قولاقچىسىنى ھېلىقى ئىككى جەڭچىگە ئېتىۋىدى، ئۇلار قولاقچىدىكى كاكارىنى كۆرۈپلا ئىتتىك كېلىپ، بىز بىلەن سەممىي كۆرۈشتى ۋە ئۆز قىسمىغا خەۋەر قىلدى. بىزمۇ گازارمىغا يېقىنلاشتۇق. ئۇلارنىڭ كوماندىرى يولداش خۇ جىڭشەن باشلىق جەڭچى - كادىر كېلىپ بىز بىلەن قۇچاقلىشىپ كەتتى. بىز تىل بىلمىسەكمۇ، ئۆزئارا يېقىملىق چىرايلىرىمىزدىن يۈرەك قەلبىمىزنى چۈشىنىشكەندۇق. پولكوۋنىك رىن شۇتەن پۈتۈن روتىدىكى يولداشلارغا ھۆرمەت بىلدۈردى ۋە قوماندانلىق شتابىنىڭ سالىمىنى يەتكۈزدى. ئاراتۈرۈكنىڭ بازىرى شۇنىڭ بىلەن خۇشاللىق تەنتەنىسىگە چۆمدى. ئەيىدۇللا باشچىلىقىدىكى باندىتلارنى قوغلاپ تارمار قىلىش ئۈچۈن، بىزنىڭ ئاتلىق باتالىيونىمىز بىلەن 46 - پولكنىڭ بىر باتالىيونى جەنۇبىي تاغ ئېدىرلىقلىرىغا داۋاملىق يۈرۈش قىلىپ،



ئەتىسى باندىتلارنىڭ بىر قىسمىنى تارمار قىلىپ، ئاراتۈرۈكتىن مەجبۇرىي ھەيدەپ كېتىلگەن بىر قىسىم خەلقلەرنى قۇتۇلدۇرۇپ، ئۆز ماكانلىرىغا قايتۇرۇپ كېلىپ ئورۇنلاشتۇردۇق. ھۆكۈمىتىمىز ئۇلارغا ماشىنا بىلەن ئاشلىق ۋە كۈندىلىك بۇيۇملار ئەۋەتىپ غەمخورلۇق قىلدى. بىزنىڭ ئاتلىق باتالىيونىمىز يەنە تيانشان تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرىدىكە يوشۇرۇنغان قاچاق گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى تارمار قىلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالدى. يولداش ئېلاخۇن رەھبەرلىكىدە، باغراش چوقىسىنىڭ غەربىي تەرىپى بىلەن كېسىپ ئۆتۈپ، ئارىتام، شوپۇل دېگەن يېزىلار ئەتراپىدا رازۋېتكا قىلىپ، گومىنداڭچىلارنى قورشىۋالدۇق، بىز 46 - پولكنىڭ 8 - باتالىيونى بىلەن بىرلىكتە دۈشمەنگە قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەندىن كېيىن، گومىنداڭچىلارنىڭ 20 دىن ئارتۇق ئادىمى ئۆلدى، 370 كە يېقىن ئادىمى تەسلىم بولدى، ناھايىتى ئاز بىر قىسمىلا شەرققە قاراپ قېچىپ كەتتى. بىز 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدا غەلىبە بىلەن قۇمۇلغا قايتىپ كەلدۇق. بىزنىڭ يەنە بىر قىسىم كۈچىمىز ئارا تۈرۈك ئەتراپىدا تاكى 8 - ئايغا قەدەر قالدۇق باندىتلارغا قوغلاپ زەربە بېرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ تۇردى.

## بەيتىك ۋە جۇڭغارىيىدە ئوسمان باندىتلىرىغا قوغلاپ زەربە بېرىش

ئوسمان باندىت 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا خۇڭلۇشادا ئېغىر زەربە يېگەندىن كېيىن، خىشەنتۇ ئارقىلىق غەربكە قېچىپ، 5 - ئاينىڭ بېشىدا بەيتىكتىكى كونا ئۇۋىسى ئۇلاستاي، قاختا دېگەن يەرلەرنىڭ ئەتراپىغا كېلىپ يوشۇرۇنۇۋالغان.

بۇ باندىتلارغا زەربە بېرىش ئۈچۈن، 5 - ئاينىڭ ئوتتۇ-

رىسىدا يولداش لۇيەنغا (6 - كورپۇس قوماندانى) قوماندانلىقىدىكى شتاب گۇچۇڭغا يۆتكەپ كېلىنگەندىن كېيىن، مورى - گۇچۇڭ تەرەپتە تۇرۇۋاتقان 5 - كورپۇسنىڭ 40 - ئاتلىق پولكى بىلەن 17 - دىۋىزىيە قىسىملىرى دىۋىزىيە قوماندانى يولداش چېيىڭ يۈچاڭنىڭ رەھبەرلىكىدە، جياڭجۈن مىياۋ ئارقىلىق جۇڭغارىيىنى كېسىپ ئۆتۈپ، بەيتىككە يۈرۈش قىلدى. بەيتىكنىڭ ئارىلىقى 200 كىلومېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، ئۈچ كېچە - كۈندۈز قاتتىق ماڭغاندا ئاندىن يېتىپ بارغىلى بولاتتى. پىلان بويىچە، ئارمىيىمىز دۈشمەننى ئىككى تەرەپتىن ئوراپ يوقىتىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. بۇ سەپەر خېلى جاپالىق بولدى. ئوسمان باندىتلىرى بەيتىك تاغلىرىنىڭ مۇھىم ئورۇنلىرىنى ئىگىلىۋالغانلىقتىن، بىزنى توسىۋالماقچى بولغانىدى. ئەمما، بىزنىڭ كوماندىر - جەڭچىلىرىمىز دۈشمەنگە قارشى قاتتىق جەڭ قىلىپ، قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. دەل شۇ ۋاقىتتا، فورمىسى ئوخشاشمايدىغان بىر قىسىم ھەربىي قوشۇن تاغ زەمبىرەكلىرىدىن ئوت ئېچىپ، بىزگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. بىز تەرەپ ئۇلارنىڭ موڭغولىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى ئىكەنلىكىنى سېزىپ، دەرھال ئۇرۇشنى توختاتتۇق. بۇ ئۇرۇشتا ھەر ئىككى تەرەپتىن بىر ئاز زىيان - زەخمەتلەر بولدى. ئۇقۇشماسلىق بولغانلىقتىن ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزئارا ئەپۇ سوراشتۇق. ئاندىن ئارمىيىمىز ھۇجۇمنى داۋاملاشتۇرۇپ، باندىتلارنى بەيتىكتىن قوغلاپ چىقاردۇق. بەيتىك دېڭىز يۈزىدىن ئۈچ مىڭ مېتىر ئېگىزلىكتە بولۇپ، شىمالىي تەرىپى موڭغولىيىگە، شەرقىي جەنۇب ۋە غەربىي ئېتەكلىرى دۆلىتىمىزگە تەۋە، جەنۇبىي ئېتىكى جۇڭغارىيىگە تۇتىشىدۇ. ئارمىيىمىز جۇڭغارىيىنىڭ كېچىسى سوغۇق، كۈندۈزى ئىسسىق بولۇشىغا ۋە كۆككۆيۈن ئازابىغا بەرداشلىق بەرگەندىن تاشقىرى،



قۇملۇقتىكى سۇسىزلىق، يېمەكلىكلەرنىڭ ۋاقتىدا يېتىپ كېلەلمەسلىكىدەك تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، سارقۇمۇش، جىلغى - باستاۋ، ئېشەككۇرت، جاڭجۈن مىياۋ ئەتراپلىرىدا باندىتلارنى قوغلاپ يۈرۈپ ئەجەللىك زەربە بەردى. شۇڭا، ئوسمان باندىتلىرى ئالتاي تاغلىرىغا كىرىۋېلىش قارا نىيىتىگە يېتەلمەي، قالدۇق باندىتلىرىنى باشلاپ 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدا قۇمۇل تاغلىرىغا قاراپ قاچتى. دەل شۇ مەزگىلدە، ئوسماننىڭ سارقۇمۇشتا تۇرۇپ ئېلىپ بارغان مەخپىي ئالاقىسىگە ئاساسەن، ئۈرۈمچى نەنسەندىكى سىدىق زالىڭ، تەڭگىرداۋان ئەتراپىدىكى موڭغۇللاردىن دورجى، قۇتۇبى ۋە سانجى تاغ رايونىدىكى باندىتلاردىن ئوراز باي دېگەنلەر 5 - ئايدا توپىلاڭ قوزغاپ ھۆكۈمەتكە قارشى چىقتى. 40 - پولكنىڭ بىر ئاتلىق روتىسى بىلەن 17 - دىۋىزىيىنىڭ بىر ئاتلىق روتىسى ئۇلارغا قارشى ئاتلىنىپ، تەڭگىرداۋان ۋە ئالغۇينىڭ باش تەرەپلىرىدە باندىتلارغا ئەجەللىك زەربە بەردى. ئاخىر ئۇلارنى تارمار كەلتۈرۈپ، سىدىق زالىڭ، دورجى، ئوراز بايلارنى تىرىك قولغا چۈشۈردى (51 - يىلى 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، ھەربىي سوتنىڭ قارارى بويىچە، يۇقىرىقى ئۈچ نەپەر باندىت باشلىقى قاتارلىق 17 نەپەر باندىتقا ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىندى).

يولۋاس بىلەن ئوسمان خۇڭلۇشادىن قېچىپ چىقىپ خەشەنتۇغا يەتكەندە، بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا پىكىر ئىختىلاپى پەيدا بولغان. ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن مۇددىئاسى ۋە مەقسىتى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئوسمان بەيتىك ۋە ئالتاي تەرەپكە، يولۋاس بىر قىسىم گومىنداڭ قاچاقلىرىغا تايىنىپ شەرققە قاراپ قاچقان. بىزنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى ۋەزىپىمىز ئوسمان باندىتىنى تارمار قىلىش ۋە ئارا تۇرۇقتىكى باندىتلارنى يوقىتىپ، قورشاۋدا قالغان 2 - روتىنى قۇتۇلدۇرۇش بولغاچقا،

يولۋاسقا قوغلاپ زەربە بېرىش بىر چەتتە قېپقالغانىدى، پۇرسەتتىن پايدىلانغان يولۋاس قومۇلنىڭ ئارىتام، شوپۇل دېگەن يەرلىرى ئارقىلىق 20 گە يېقىن ئادىمى بىلەن چىڭخەي تەرەپكە قېچىپ كەتكەن.

## ئوسمان باندىتلىرىغا توسۇپ زەربە بېرىش

بەيتىك ئەتراپىدىن شەرققە قاچقان ئوسمان فاڭساۋخۇ، خىشەنتۇ ئەتراپلىرىدىكى چۆل - جەزىرىلەردە قېچىپ يۈرۈپ، قومۇل تاغلىرىغا ئىلگىرىلەپ كېلىۋاتقاندا، قومۇلدا دەم ئېلىۋاتقان 3 - ئاتلىق باتالىيونغا دەرھال ئۇرۇش تەييارلىقى كۆرۈپ، باركۆلگە بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق كەلدى. بىز يولغا چىقىپ 7 - ئاينىڭ ئاخىرىدا باركۆلنىڭ شىمالىدىكى بىدىشاڭ دېگەن يەرگە بېرىپلا، ئەتراپقا رازۋېتكا چىقىرىپ، ئوسماننىڭ دېرىكىنى ئالماقچى بولدۇق. بىر كۈنى رازۋېتچىكلار ئىككى موڭغۇل بالىسىنى تېپىپ كەلدى. ئۇلاردىن ئەھۋال ئۇقۇشساق، ئۇلار تاشقى موڭغۇلىيىدىن كەلگەنلەر ئىكەن. ئۇلار تاشقى موڭغۇلىيىدە يۈرگۈزۈلۈۋاتقان كوپېراتسىيىلىشىش ھەرىكىتىدىن قېچىپ، ئاتا - ئانىسى بىلەن بىللە مال - چارۋىسىنى ھەيدەپ شىنجاڭغا ئۆتكەندە، بۇنىڭدىن ئىككى كۈن بۇرۇن ئوسمان باندىتلىرىغا ئۇچراپ قالغان. باندىتلار ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىسىنى ئېتىپ تاشلاپ، مال - چارۋىلىرىنى بۇلاپ كەتكەنلىكتىن، بۇ باللار قېچىپ، چۆلدە ئېزىپ يۈرگەنىكەن. بىز بۇ ئەھۋالدىن ئوسماننىڭ مۇشۇ ئەتراپتا يۈرگەنلىكىنى پەرەز قىلدۇق. ئەتىسى ئارغامچىسىنى سۆرەپ يۈرگەن بىر قارا كالا ئۇچراشتى. بۇنىڭدىن بىزنىڭ گۇمانىمىز تېخىمۇ كۈچەيدى - دە، قىسمىنى باشلاپ بېيشەننىڭ غەربىي ئېتىكىدە ئوسماننى قوغلاپ يېتىپ،



ئىككى سائەتتەك قاتتىق جەڭ قىلدۇق. كېيىن ئوسمان بېيشەننىڭ ئىنك تاغ جىراسى (بۇ يەر ئىنتايىن خەتەرلىك جاي) غا قاچتى. بۇ يەر بىز ئۈچۈن ئەپسىز ئىدى. شۇڭا، بىز ئايلىنىپ ئۆتۈپ، شۇ جىرانىڭ شەرق تەرىپىنى ئىگىلىدۇق. 46 - پولكنىڭ بىر باتالىيونى ئوسمان يوشۇرۇنغان سايىنىڭ ئاغزىدىن كىرمەكچى بولدى. شۇنداق قىلىپ، بىز شەرق - جەنۇب تەرەپلەردىن تەڭ يۈرۈش قىلدۇق. بىز كېچىلەپ يول يۈرگەنىدۇق، تۈن يېرىمىدا قاتتىق يامغۇر يېغىپ كېتىپ، خېلى كاشىلا قىلدى. تاڭ ئېتىش ئالدىدا يامغۇر توختاپ، ساي، جىرالارنى تۇمان قاپلاپ كەتتى. ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى ۋە پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. ئالدىنقى رازۋېتچىكلىرىمىز دۈشمەن قاراۋۇلىغا تۇيۇقسىز دۈچ كېلىپ قالغانىكەن، قالايمىقان ئوق ئېتىلىپ، ساي ئىچىدە قىيا - چىيا ئاڭلاندى، ئەمما، ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. تاڭ ئېتىپ بۇلۇتلار ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلگەندە، بىز ئوسمان تۇرغان سايغا 500 مېتىردەك قالغىچە يېقىنلاپ بېرىپ قالغانلىقىمىزنى بىلىپ، ئەتراپنى دەرھال قامال قىلىۋالدۇق. ئەمما، شۇ كۈنكى قېلىن تۇمان ئوسمان ۋە جانىمقانلارنىڭ قېچىپ كېتىشى ئۈچۈن ناھايىتى ئەپلىك پۇرسەت بولغانىكەن. بىز ئۇلارنىڭ قەيەرگە، قانداق قېچىپ كەتكەنلىكىنى بىلەلمەيلا قالدۇق. ئۇلارنىڭ قاچقان تەرىپى ئېنىق بولمىسىمۇ، بىزدىن بىر قىسىم جەڭچىلەر ئۇلارنى ئىزدەپ ماڭدى. قالغانلىرىمىز باندىتلار تاشلاپ كەتكەن چېدىر - ئۆيلەرنى تەكشۈردۇق. ئوسمان ياتقان ئۆينىڭ تۆرىدە ئۇنىڭ ئورۇن - كۆرپىسى، ياستۇقى ئاستىدا «پىتالىت» ماركىلىق تاپانچا، تۇرۇپتۇ، جانىمقان ياتقان ئۆيدە ئۈچ ياش ئەتراپىدىكى بىر كىچىك بالا (قارا مەخمەلدىن چاپان كىيدۈرۈلگەن) تېخى تاتلىق ئۇيقۇدا يېتىپتۇ. كېيىن ئۇقۇشساق، بۇ بالا جانىمقاننىڭ كىچىك ئوغلى

ئىكەن. بىز بۇ يەردە قولغا چۈشكەن 30 دەك ئادەم ۋە بىر قىسىم چارۋا - ماللارنى ھەمدە ئوسمان ۋە جانىمقاننىڭ بارلىق مال - مۈلۈك، ئوق - دورىلىرىنى ئېلىپ قايتتۇق. باندىتلارنى قوغلاپ كەتكەن قىسىملىرىمىز شىشەنىڭ شەرقىدە جانىمقاننى ۋە ئۇنىڭ ئايالىنى قولغا چۈشۈرۈپتۇ. ئوسمان يەنىلا توردىن قېچىپ كېتىپتۇ. كېيىن بىز جانىمقاننىڭ ئىقرارىدىن ئوسماننىڭ جانىمقاننىمۇ تاشلاپ قاچقانلىقىنى بىلدۇق.

ئىككى كۈندىن كېيىن، 16 - دىۋىزىيىنىڭ قوماندانلىق شتابى بىزنىڭ 3 - ئاتلىق باتالىيونغا تىيانشاننىڭ شىمالىي ئېتىكىنى بويلاپ، ئوسمانغا ئىز قوغلاپ زەربە بېرىش توغرىسىدا ۋەزىپە تاپشۇردى. بۇيرۇققا بىنائەن، نىرىنكىر، تۇزكۆل، ئاراتۇرۇكنىڭ جەنۇبىدىكى ئېدىرلىقلارنى رازۋېتكا قىلىپ يۈرگىنىمىزدە، ئاتلىرى چارچاپ قالغان ئىككى نەپەر باندىتنى تۇتۇۋالدۇق. بۇلارنىڭ ئىقرارىدىن ئوسماننىڭ شەرققە قاراپ قېچىپ گەنسۇ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتمەكچى بولغانلىقى مەلۇم بولدى. بىز ئىزدەشنى داۋاملاشتۇرۇپ ئارا يولتۇز (شىڭشىڭشا) نىڭ شىمالىغىچە (ئۇيغۇرچە ئۆمۈر تىغى، خەنزۇچە كۈندۈلۈشەن دېگەن يەرگىچە) باردۇق. بۇ چاغدا بىزگە قايتىپ كېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق كەلدى. چۈنكى، ئوسمان باندىتلىرى گەنسۇ مازۇڭشەن تەرەپكە كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارغا لەنجۇ 3 - كورپۇسنىڭ ئاتلىق قىسىملىرى تاقابىل تۇرماقچى بولغان. بۇيرۇققا بىنائەن، بىز شىنجاڭنىڭ ئەڭ شەرقىي شىمالىدىكى شاماخۇ (ئۇيغۇرچە باي دېگەن يەر) گە كېلىپ توختىدۇق. بىز بۇ يەرگە كەلسەك، يېزا خەلقى باندىتلارنىڭ تەتۈر تەشۋىقاتىغا ئالدىنىپ، تاغقا قېچىپ كەتكەنىكەن. بىز ئۇلارغا تۇتۇۋالغان ئىككى ئادەمنى ئەۋەتىپ، تەشۋىق - تەربىيە يۈرگۈزۈپ، ئۇلارنى ئۆز جايىغا قايتۇرۇپ كەلدۇق. ئۇلار بىزگە 13 دانە



ھەربىي مىلتىق، بەش دانە ئاپتومات، بىر دانە كونا پىلىموت تاپشۇرۇپ بەردى. ئاخىرچە ھۆكۈمەت تەرەپتىن ئاشلىق، رەخت ۋە كۈندىلىك بۇيۇملار تارقىتىلىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى خاتىرجەملەندۈرۈلدى. بىز 8 - ئاينىڭ ئاخىرى ئاراتۇرۇككە يۆتكىلىپ، ئۇ يەردىن كۆمگىرى ئارقىلىق قۇمۇلغا قايتتۇق. شۇنىڭ بىلەن قۇمۇلنىڭ تاغلىق رايونلىرى باندىتلاردىن تولۇق تازىلىنىپ، ھەر مىللەت خەلقى تىنچ تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلىدى.

## شىردىمان باندىتلىرىغا بېرىلگەن زەربە ۋە ئۇنىڭ تەسلىم بولۇش ئەھۋالى

مەن بۇيرۇق بويىچە 51 - يىل 2 - ئايدا 40 - پولكقا سەنمۇجاڭ بولۇپ، قۇمۇلدىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدىم. دەل شۇ ۋاقىتتا، لەنجۇ 3 - كورپۇس قىسىملىرى باندىت ئوسماننى تىرىك قولغا چۈشۈرگەنىكەن. ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىپ، ھەربىي سوتقا تاپشۇردى. 5 - ئاينىڭ باشلىرىدا ئۈرۈمچى خەلق مەيدانىدا نەچچە ئون مىڭ كىشىلىك سوت يىغىنى ئېچىلىپ، ئوسمان، لى يىڭچى ۋە جانىمقانلارغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىنىپ، دەرھال ئىجرا قىلىندى. 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئەتىگەندە 17 - دىۋىزىيىنىڭ كوماندىرى يولداش چېڭ يۈچاڭ مېنى دىۋىزىيە شتابىغا چاقىرتتى. مەن سىياسىي كومىسسار دۇڭ شاڭسىڭ (ھازىر شىنجاڭ ھەربىي رايون ئارقا سەپ بۆلۈمىدە مەسلىھەتچى) نىڭ ھەمكارلىقىدا شتابقا كىرسەم، يولداش چېڭ سىجاڭ خەرىتىنى كۆرسەتكەچ ماڭا ۋەزىپە تاپشۇرۇپ مۇنداق دېدى: «باندىت ئوسمانغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئۇنىڭ ئوغلى شىردىمان دۇڭخۇاڭ تەرەپتىن بىرقانچە كونا باندىتلارنى باش

لاپ بەيتىككە كېلىپ يوشۇرۇنۇپ، گۈچۈكدا جوكەي (گۈچۈكنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى)، قۇمۇلدا ئالتۇنبېك (قۇمۇلنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى)، دۇگشەندە خۇسەيىن (ئەل باشلىقى) لار بىلەن مەخپىي ئالاقە باغلاپ، ئۇلارنىڭ ئادەم ۋە قورال ياردەم قىلىشى ئارقىسىدا، ئۆز ئادەملىرىنى 200 دىن ئاشۇرۇپتۇ. ئۇلار مۇشۇ ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا جىمسار، سەنتەي، فۇكاڭ ئەتراپىدىكى خەلقلەرگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئادەم تۇتۇپ، ئات - ئۇلاغ، ئوزۇق - تۈلۈك بۇلاپ، بۇ رايوندىكى خەلق ئاممىسىنى پاراكەندە قىلغانلىقتىن، بىزنىڭ گۈچۈكدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرىمىز ئۇلارغا قاتتىق زەربە بەردى. ئالغان خەۋىرىمىزگە قارىغاندا، باندىتلار بوغدادىن جەنۇبقا ئۆتۈپ، ئۇرۇمچى نەنسەندىكى چارۋىچىلارنى پاراكەندە قىلماقچى. شۇڭا، سىز بىر قەدەر تەجرىبىلىك جەڭچى ۋە كوماندىرلاردىن ئىككى روتا ئەتراپىدا كۈچ بىلەن جىددىي تەييارلىق كۆرۈپ، 1 - ئاۋغۇستىدىن بۇرۇن داۋانچىڭنىڭ ئۈستىدىكى سارداۋان ۋە ئاقسۇ دېگەن ئىككى داۋاننى توسۇپ، باندىتلارنى نەنسەن تەرەپكە ئۆتكۈزمەي تارمار قىلىش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىسىز».

ئۇ، خەرىتىدىكى ئىككى داۋانغا قىزىل بەلگە ئۇرۇپ قويدى - دە، ئاندىن ماڭا قاراپ: «قانداق قىيىنچىلىق بار؟» دەپ سورىدى. مەن: «قىيىنچىلىق يوق، ۋەزىپىنى چوقۇم ئورۇندايمەن» دېدىم. چىك يۇچاڭ ئاندىن: «ئۇنداق بولسا، سىلەرگە 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئوق - دورا، ئات يەتكۈزۈپ بېرىمىز» دېدى.

بىز 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئۇرۇمچىدىن ئاتلىق يولغا چىقىپ، 31 - كۈنى كەچتە سارداۋان ۋە ئاقسۇ دېگەن ئىككى داۋاننى ئىگىلىدۇق. كېچىسى داۋان ئاستىدىكى چوڭقۇر سايلار ئىنتايىن قاراڭغۇ بولۇپ، ھېچ نەرسىنى پەرق



ئەتكىلى بولمايتتى. شۇ كېچىسى باندىتلار ئاقسۇ داۋىنى ئارقىلىق تۆۋەنلەپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، بىزگە كۆرۈنمەيتتى. ئەمما ئاتلارنىڭ پوشقۇرغانلىقى، تاشلارنىڭ شاراقلىغانلىقى ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. شۇڭا، بىز تۇيۇقسىز ئوق چىقىرىپ ئۇلارنى توسىدۇق. باندىتلارمۇ تاشلارنى دالدا قىلىپ ئوق ئاتتى، ئاڭغىچە بىر ئاز تاڭ يورىدى. بىز ئېغىزنى توسۇۋېلىپ دۈشمەنگە زەربە بەردۇق. باندىتلار بۇ ئورۇشتا ئورغۇن چىقىم تارتىپ، شەرققە قاراپ قاچتى، بۇ ئورۇشتا بىز يەتتە دۈشمەننى ئۆلتۈرۈپ، 42 ئات، 19 كالا ۋە بىر قىسىم ئوزۇق - تۈلۈك ئارتقان ئات - كالىلارنى قولغا چۈشۈردۇق. دۈشمەن ئۇرۇمچى نەنسەن تەرەپكە ئۆتەلمەي، تۇرپاندىن گۇچىڭغا چىقىدىغان ئېشەك يولىنى كېسىپ ئۆتۈپ، تۇرپان چارۋىچىلىرىنىڭ چوڭ زىندان، كىچىك زىندان دەپ ئاتايدىغان يەرلىرى ئارقىلىق مورىغا قاچتى، بىزمۇ ئىز قوغلاپ زەربە بېرىشنى داۋاملاشتۇردۇق. شىردىمان مورىدىمۇ توختىيالماي، جۇڭغار قۇملۇقىنىڭ شەرقىي چېتى بىلەن بەيتىككە قاراپ قاچتى، 17 - دېۋىزىيە 51 - پولكنىڭ بىر قىسمى ئۇلارنى قوغلاپ كەتتى. بىز گۈچۈكدا ئىككى كۈن دەم ئالغاندىن كېيىن 17 - دېۋىزىيە 49 - پولكنىڭ بىر ئاتلىق باتالىيونى بىلەن بىللە جۇڭغارىيىدە جاڭجۇن مياۋ ئارقىلىق بەيتىككە يۈرۈش قىلدۇق. جۇڭغار قۇملۇقى كۈندۈزى ئىنتايىن ئىسسىق، كەچقۇرۇنلۇقى كۆكۈيۈن ئازابى قوشۇلۇپ، ئادەم ۋە ئاتلارغا ئارام بەرمەيتتى، سەپەر جاپالىق ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، يولداشلار پىسەن قىلماستىن، ئۈچ كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ، جۇڭغار قۇملۇقىنى كېسىپ ئۆتۈپ، بەيتىككە ئۇلاشتۇق، ئۇ يەردە بىزدىن بۇرۇن بارغان قىسىملار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارنى دەم ئېلىشقا قالدۇردۇق. ئاندىن

ئۆزىمىز بەيتىك، سارتوقاي ئارقىلىق كۆكتوقاينىڭ قاراتۆگە دېگەن يېرىگە يېتىپ بېرىپ، ئالتاي مىللىي ئاتلىق پولكىدىن بىر باتالىيون جەڭچىنى باشلاپ كەلگەن يولداش پاتقۇللا ۋە يولداش شارشىبېكلەر بىلەن قوشۇلدۇق.

## دۈشمەن زادى قەيەرگە يوشۇرۇنغان؟

موردىن جۇڭغارىيە قۇملۇقىغا قاراپ قاچقان دۈشمەننى ئىز قوغلاپ ماڭغان بىر روتا جەڭچىلىرىمىزگە قۇملۇقتا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قوزغىغان دۈشمەن 12 نەپەر جەڭچىمىزنى تىرىك تۇتۇۋېلىپ بىر ئەسكى تام ئاستىغا باستۇرۇپ ئۆلتۈرۈشتەك ۋەھشىيلىكلەرنى قىلىپ، ئىككى دانە 9.9 مىنامىيوت، ئۈچ دانە پىلىموت ۋە بىر مۇنچە مىلتىق، دورىلارنى ئولجا ئالغاندىن كېيىن، قېچىپ ئېرتىش دەرياسىنىڭ باش تەرىپىدىكى قۇۋۇ ئېرتىش دېگەن چوڭقۇر تاغ ئىچىگە يوشۇرۇنغانىكەن. ئاڭغىچە ئالتاي تەرەپتىن يولداش سەيدىۋاققاس باشلامچىلىقىدىكى بىر روتا ئاتلىق قىسىم بۇ ئەتراپنى رازۋېتكا قىلىپ كېلىپ قۇۋۇ ئېرتىشكە كىرگەندە، يوشۇرۇنۇپ ياتقان شېردىمان باندىتلىرى تۇيۇقسىز ھۇجۇم قوزغىغانلىقتىن، ئىككى ئوتتۇرىدا قاتتىق سوقۇش بولۇپ، نۇرغۇن جەڭچىلىرىمىز مۇشۇ سوقۇشتا قۇربان بولغان. روتا كوماندىرى سەيدىۋاققاسمۇ دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قېلىپ، قۇربان بولغان. بۇ ئۇرۇشتا باندىتلار ۋاقىتلىق ئۈستۈن كېلىپ، يەنە بىر قىسىم قورال - ياراق، ئۈچ دانە پىلىموتقا ئىگە بولۇپ، سارتوقاي دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىدىكى ئۇندۇرقارا (ئالتايلىقلار «ئوسمان چوققىسى» دەپ ئاتايدۇ) دېگەن يەرگە يوشۇرۇنغان. كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى بىزدىن ھال سوراپ كەلدى ۋە



چارچىغان 81 ئاتنى ياخشى ئاتلارغا ئالماشتۇرۇپ بەردى.

بىز 10 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇندۇرقاراغا قاراپ يۈرۈش قىلدۇق. ئەتىسى تاڭ سەھەردە دۈشمەنگە ئۇچراشتۇق. باندىتلار خېلى قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئاخىر بەرداشلىق بېرەلمەي، دەريانى بويلاپ غەربكە قاراپ، قارا بۇلغۇن تەرەپكە قاچتى. بىزمۇ ئىز قوغلاپ، شۇ كۈنى كەچتە قارا بۇلغۇننىڭ ئېدىرلىقلىرىدا تاكى قاراڭغۇ چۈشكىچە قاتتىق سوقۇش قىلدۇق، تۈن يېرىم بولغاندا، بەرداشلىق بېرەلمىگەن دۈشمەن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ قېچىپ كەتتى. ئەتىسى دۈشمەننى ئىزى بىلەن قوغلاشنى داۋاملاشتۇردۇق. بىز كېتىۋاتقان يول جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى چۆل بولۇپ، ئۇ يەردە يا بۇلاق، يا قۇدۇق يوق ئىكەن. بىز ئىككى كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈش جەريانىدا بىر قېتىم قاق سۈيى (يامغۇر سۈيى) ئىچتۇق. كېيىن قامىس باستاۋ دېگەن يەردە دۈشمەن بىلەن يەنە بىر قېتىم سوقۇش قىلدۇق، باندىتلار بۇلاق سۈيىنى تاشلاپ يەنە قاچتى. بىز ئىز قوغلاپ چوموشبايىنىڭ قۇدۇقى دېگەن يەردە دۈشمەن بىلەن يەنە بىر قېتىم سوقۇشۇپ، قۇدۇقنى تارتىۋالدۇق. بىراق، باندىتلار بۇ قۇدۇقنى تاش ۋە قۇم بىلەن كۆمۈپ تاشلىغانىكەن. قۇدۇقنى كېچىدە تازىلىغان بولساقمۇ سۇ چىقمىدى. ئاندىن بىز: دۈشمەن يەنە بىر سۈيى بار يەرگە بارىدۇ، دەپ خاتا ئويلاپ، بۇ يەردە توختىماي قوغلاشنى داۋام قىلدۇق. ئىككى سوتكا ئىچىدە كەم دېگەندە 100 كىلومېتىردەك يول يۈرگەن بولساقمۇ، سۇ ياكى قۇدۇق ئۇچرىمىدى. ئۈچىنچى كۈنىگە يەتكەندە، جەڭچىلىرىمىز ئۇسسۇزلۇقتىن خېلى ئازاپ چەكتى. جەڭچىلەر ئاغزىدا ئۇششاق تاشلارنى سىلىقۇۋېلىپ، ئۇنىڭدىن پەيدا بولغان سۈيۈقلۇق بىلەن ئاغزىنى

ئەمدەپ يول يۈرۈشكە مەجبۇر بولدى.

بىز مايىلى دېگەن قۇرۇق تاغ ئىچىدە كېتىۋېتىپ، ئالدىدىكى ساي قاپتىلىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان بىر توپ قومۇشنى كۆرۈپ خۇشال بولدۇق. دەرھال شۇ يەرگە بېرىپ، ئارام ئالغاچ ھېلىقى قومۇشلۇقنى كولىدۇق، بىر يېرىم مېتىر چوڭقۇرلۇقتىن بىر كالىنىڭ سۆڭىكى چىقتى. سۇ چىقىپ قالار دېگەن ئۈمىد بىلەن يەنە بىر مېتىردەك كولىغان بولساقمۇ، سۇيۇق لايدىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمىدى. ئاندىن ئۈمىدنى ئۈزۈپ، يولىمىزغا يەنە يۈرۈپ كەتتۇق. جەڭچىلىرىمىز ھېلىقى سۇيۇق لاينى ياغلىقىغا ئوراپ، سىقىپ شوراپ مېڭىشنى داۋاملاشتۇردى. ئەتىسى (تۆتىنچى كۈنى) مايىلى تېغىدىن شىمالغا قاراپ يۈرۈلۈپ تاغدىن چىقىۋېدۇق، ئاندىن بەيتىك تېغىنىڭ قارلىق چوققىسى يىراقتىن كۆرۈندى. بۇنىڭدىن جەڭچىلىرىمىز خۇرسەن بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يەرگە يېتىش ئۈچۈن يەنە تولۇق بىر كۈنلۈك يول بار ئىدى. ئۇسسۇزلۇق بىزنى تازا قىيناۋاتاتتى. 30 – 40 چە ئات تۈنۈگۈندىن باشلاپ ماڭالماي يولدا قالدى. جەڭچىلەردىنمۇ بەزىلىرى ماڭالمىدى. ھەتتا يولدا ئات سۈيدىكى ۋە ئات قانلىرىنى ئىچىپ دەرمان تېپىشتەك ئىشلارمۇ بولدى. شۇ ئارىلىقتا ئاسمان بۇلۇتلىنىپ 10 مىنۇتتەك يامغۇر يېغىپ ھاۋا سالقىنلاشتى، بۇمۇ بىزگە خېلى مەدەت بولدى. كېيىن بىز مەسلىھەتلىشىپ، ئېتى تېمەن 40 ئاتلىق جەڭچىنى تاللاپ شارشىبېك ۋە پاتقۇللالار باشچىلىقىدا بەيتىككە ماڭدۇردۇق (ئۇلارنىڭ ھەر بىرى 5 – 10 دىن باكلاشكا ئېلىپ، قىسمنىڭ ئالدىغا سۇ يەتكۈزۈپ كەلمەكچى بولۇپ تېز يۈرۈپ كەتتى). قالغان قىسىم ئاتلارنى يېتىلەپ، ماڭالمىغان جەڭچىلەرنى يۆلەشتۈرۈپ



ئاستا ماڭدۇق. قاراڭغۇ چۈشۈپ بەيتىكنىڭ جىلغىنى باستاۋ دېگەن يېرىگە يېتىپ بارغاندا، ئاندىن سۇغا ئۇلاشتۇق.

باندىتلار بەيتىكنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى جايلارغا يوشۇرۇنغانىكەن. بىز بېرىپ بىر كېچە - كۈندۈز قاتتىق سوقاشقاندىن كېيىن، ئۇلار بەيتىكنىڭ ئۈستى تەرىپىگە چىقىپ كەتتى. قولغا چۈشكەن ئەسىرلەردىن: باندىتلارنىڭ بىزنى مايىل تېغىنىڭ سۇسىز چۆللىرىدە قالدۇرۇپ يىراقلىشىپ كەتمەكچى بولغانلىقى، ئەمما بىز ئىز بېسىپ قوغلاپ كەلگەچكە ئۇلارنىڭ ئىنتايىن ئالاقزادە بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلدۇق. بىز يەنە ئىز قوغلاپ بەيتىك ئۈستىگە چىقىپ، غەربكە قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقىنىمىزدا، ئالدىنقى رازۋېدچىلىرىمىز تۇيۇقسىز موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىغا ئۇچراپ قاپتۇ. ئۇقۇشماسلىقتىن يېرىم سائەتتەك ئېتىشىپ، كېيىن ئۇلارنىڭ بايرىقىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇرۇشتىن توختىدۇق. ئۇ تەرەپتىن ئىككى ئەسكەر بىلەن بىر كاپىتان كېلىپ كۆرۈشتى. شۇ سوقۇشتا بىزدىن بىر جەڭچى يارىلاندى، ئۇلارنىڭ بىر ئېتى ئۆلگەنىكەن. ئۇقۇشماسلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزئارا ئەپۇ سوراشتۇق. موڭغۇلىيە چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى بىزگە تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىن سائەت 5 ئەتراپىدا، 200 دەك ئادەمنىڭ بەيتىكتىن چىقىپ دافىسون تەرەپكە كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى، بىز دۈشمەن ئىزى بىلەن چىڭگىل ناھىيىسىگە كىرسەك، باندىتلار ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنى بۇلاپ، ئوزۇق - تۈلۈك ئېلىپ جەنۇبقا قېچىپ، سار توقاينىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى قاشقۇسۇ تەرەپكە كەتكەنىكەن.

بىز قارا تۆككىدە دەم ئالدۇق. رازۋېدچىلىرىمىز كۆك توقاي بىلەن چىڭگىل ئوتتۇرىسىدىكى تاغ ئىچىدە ئىككى

باندىتنى تۇتۇۋالغانىكەن. ئۇلارنى ئاختۇرۇپ، شىردىماننىڭ مۇڭغۇلىيە ھۆكۈمىتىگە يازغان خېتىنى قولغا چۈشۈردۇق. خەتنىڭ ھازىرچە ئېسىمدە قالغان مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە (تولۇق ئەمەس):

«بىز 500 گە يېقىن قازاق ئەزىمەتلىرى خىتاينىڭ زۇلمىغا قارشى قوزغالدۇق. قازاق، مۇڭغۇللار ئەزەلدىن يېقىن ئۆتكەنىدۇق. بىز ھازىر ئوزۇق - تۈلۈك ۋە ئوق - دورىدىن قىينالدۇق. سىلەر بىزنى قوبۇل قىلىپ، سىزلەر تەرەپكە ئۆتۈشىمىزگە يول بەرسەڭلار. سىلەرگە بىز كەلگۈسىدە ئالتاي يايلاقلىرىدىن يەر ئاجرىتىپ بېرىمىز». بۇ خەتكە شىردىمان، ئالتۇنبەك، جوكەتەي، خۇسەيىن قاتارلىق 20 گە يېقىن ئادەم تامغا باسقان، بەزىلىرى قول قويغان.

بۇ خەتنى دەرھال گۈچۈڭ ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق شتابىغا يوللاپ بەردۇق (ھازىر ھەربىي رايون ئارخىپلىرىدا بولۇشى مۇمكىن).

بىر ھەپتىدەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، شىنجاڭ ھەربىي رايونى 49 - پولك پولكوۋنىكى يولداش جاڭ گۇڭفۇ بىلەن ماڭا موڭغۇلىيە تەرەپ بىلەن سۆھبەت ئېلىپ بېرىشقا بەلگىلەنگەن بەش كىشىلىك گۇرۇپپىغا قاتنىشىدىغانلىقىمىز توغرىسىدا تېلېگرامما ئەۋەتىپتۇ. نەق شۇ پەيتتە شىردىمانلار قاشقۇ سوققان دېگەن يەردە تۇرۇۋاتاتتى (بۇ يەر موڭغۇلىيىگە يېقىن بولۇپ، ئۇلار موڭغۇلىيىگە يازغان خېتىنىڭ جاۋابىنى كۈتۈپ تۇرغان بولسا كېرەك. كېيىن خەتنىڭ قولغا چۈشۈپ ئاشكارىلىنىپ قالغانلىقىنى بىلىپ، بىر كېچىدىلا بۇرۇلتوقاينىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى قىزىلقۇمغا قېچىپ كەتكەن). بىز باندىتلارنى ئۈزلۈكسىز قوغلاپ زەربە بېرىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، مەن بىزنىڭ باتالىيون بىلەن



49 - پولكنىڭ ئىككى ئاتلىق روتىسىغا باشلامچىلىق قىلىپ، قازانقۇم، قىزىلقۇم دېگەن جايلاردا ئىز قوغلاپ دۈشمەن بىلەن سوقۇش قىلدۇق. زەربىگە ئۇچرىغان باندىتلار قۇم ئىچى بىلەن (بۇ ۋاقىت 11 - ئاينىڭ ئاخىرى بولۇپ، جۇڭغارىيىدە قار ياغقانىدى) مورى تەرەپكە قاچتى. بىزمۇ تەگلا دېگۈدەك مورىغا قوغلاپ چىقتۇق. ئۇ يەردە يەنە زەربىگە ئۇچرىغان دۈشمەن فۇكاڭ تەرەپكە قاچتى. بىزمۇ كېچىلەپ مېڭىپ تاڭغا يېقىن دۈشمەن ئۇستىگە باستۇرۇپ باردۇق. دۈشمەن بىز بىلەن ئىككى سائەتتەك قاتتىق سوقۇشقاندىن كېيىن، فۇكاڭ تېغى (بوغدا تېغى) غا قېچىپ كىردى؛ بەيياڭگۇ دېگەن سايدا بىز بىلەن ئازراق سوقۇشۇپلا، ئورۇمچى دۆڭشەن بىلەن سايئوپۇ ئارقىلىق ئورۇمچى نەنسەن تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. بىز ئۇلارنى ئالغوي، تەڭگىر داۋان ئارقىلىق كۆمۈشكە قوغلاپ چۈشۈپ، 1 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يەنە بىر قېتىم قاتتىق زەربە بەرگەندىن كېيىن، ئۇلار توقسۇننىڭ ئۇستى بىلەن شىمالغا قېچىپ، داۋانچىڭ ئارقىلىق سارداۋان، چەنزىگەي دېگەن يەرلەر بىلەن گۈچۈڭ تەرەپكە كەتتى.

شىردىمان گۈچۈڭدىكى قوماندانلىق شتابىغا: «بىزنى قوغلىمىساڭلار، بىز ئالتايغا بېرىپ ھۆكۈمەتكە تەسلىم بولىمىز» دەپ خەت يازغانىكەن. قوماندانلىق شتاب بىزگە قوغلاشنى توختىتىپ، ئورۇمچىگە قايتىپ كېلىشىمىز توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. بىز بۇيرۇق بويىچە، 52 - يىل 2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئورۇمچىگە قايتىپ كەلدۇق. دېمەك، شىردىمان باندىتلىرى 51 - يىلى 6 -، 7 - ئايلاردا 400 دىن ئارتۇق باندىت گۇرۇھىنى ئۇيۇشتۇرۇپ ھۆكۈمەتكە قارشى چىققان بولسىمۇ، 52 - يىلى 2 - ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە 40 قا يەتمىگەن ئادىمى بىلەن ئالتايغا بېرىپ تەسلىم بولدى. شۇنىڭ

بىلەن ئوسمان، شىردىمان باندىتلىرىنى تازىلاش خىزمىتى ئاخىرلىشىپ، باندىتلار تەرىپىدىن پاراكەندە قىلىنغان ھەر مىللەت خەلقى پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ غەمخورلۇقىدا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىپ كەتتى.

(ئاپتورى: شىنجاڭ ھەربىي رايونىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئى. ئەسقەرى



# ئۈچتۇرپاندا بولغان 19 - سىنتەبىر ۋەقەسى

1945 - يىل 9 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، ئۈچتۇرپاندىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئۆمەر قاسىم، سېيىت ئابباس، ئارتۇق ئابباس، ئىبراھىم مۆمىن، ئابلا ياقۇپ باشلىق 13 نەپەر ئەزىمەتنى قانلىق باستۇرغانلىقى توغرىسىدىكى پاجىئەلىك ۋەقە ئۈچتۇرپان خەلقىنىڭ ئېسىدىن ھېلىغىچە چىقىپ كەتكىنى يوق.

بۇ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ئارمىيىسىدىن سوپاخۇن پولكوۋنىكنىڭ باشچىلىقىدىكى بىر پولك جەڭچى مۇزات داۋىنىدىن ئۆتۈپ، ئاقسۇنى مۇھاسىرىگە ئالغان چاغ بولۇپ، ئۈچتۇرپاندىكى چېگرا مۇداپىئە ئەترىتى ئاقسۇدىكى گومىنداڭ قىسىملىرىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، بىر قىسىم ئەسكەرلىرىنى ئۈچتۇرپاندا قالدۇرۇپ، قالغان ئەسكەرلىرىنى باش دۈيجاڭى ئاقسۇغا ئېلىپ ماڭغانىدى. ئۈچتۇرپاندا قالدۇرۇلغان ئەسكەرلەرگە ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋۇپېشىڭ قوماندان قىلىپ بېكىتىلدى. بۇ قىسىم ياردەمچى قىسىم، ساقچى قىسىم، چېگرا مۇداپىئە قىسمى، مەمۇرىي قىسىم بولۇپ 150 كە يېقىن ئەسكەر ئىدى. بۇ چاغدا ئاقسۇنىڭ ۋالىيسى ۋە ئۈچتۇرپاننىڭ ھاكىمى جۇزىشىڭ باشلىق مەمۇرىي ئەمەلدارلار قەشقەرگە قېچىش تەييارلىقىنى قىلىۋاتاتتى. بۇ،

ئۈچتۇرپاندا مەدەنىيەت - مائارىپ سىپىدىكى ئىلغار ۋە پاك ۋىجدانلىق زىيالىيلار ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىنىڭ ئۈچتۇرپانغا پاتراق كېلىشىنى كۈتۈپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە غەزەپ - نەپرەت بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان، گومىنداڭچىلار ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىنىڭ يېتىپ كېلىشىدىن ۋە ئۈچتۇرپان خەلقىنىڭ قوزغىلىپ كېتىشىدىن قورقۇۋاتقان كۈنلەر ئىدى. ئۈچتۇرپاننىڭ مۇداپىئە قوماندانى ۋۇيىشىڭ خەلقنىڭ قوزغىلىپ كېتىشىدىن قورقۇپ، ئۆمەر قاسىم باشلىق بىرقانچە خەلقپەرۋەر ئىلغار كىشىلەرنى تۇتقۇن قىلماقچى بولۇپ، تۇتقۇن قىلدى، كۆپلىگەن ئىلغار زىيالىيلار ئامالسىزلىقتىن قېچىپ كېتىپ پاناھلىنىشقا مەجبۇر بولدى. مەن ۋە مەتنىياز يۇسۇپ (ھازىر - شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر بىرلەشمىسىدە) ئىككىمىز 15 كۈن كەمىدە يوشۇرۇنۇپ ياتتۇق.

18 - سىنتەبىر كۈنى ئاقسۇ كونا شەھەرگە چۈشكەن ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىدىن تۆت كىشى ئۈچتۇرپاننىڭ ئاقيار رايونىغا كەلگەندە، بۇ رايوندىكى گومىنداڭ ساقچىلىرى ناھىيىگە قېچىپ كەلگەن. بۇنى كۆرۈپ ناھىيىدىكى گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى قورقۇپ كەتكەن. شىنجاڭ جۇزىشىنىڭ باشلىق مەمۇرىي ئەمەلدارلار بالا - ۋاقىلىرىنى ئېلىپ ئاقچى ئارقىلىق قەشقەرگە قاچقان. مۇداپىئە قوماندانى ۋۇيىشىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىنىڭ شەھەرگە كىرىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، ئۆزىنىڭ قەشقەرگە قېچىش پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئالدىدا، 19 - سىنتەبىر كۈنى سەھەردە ناھىيىلىك ھۆكۈمەت تۈرمىسىدىكى سىيىت ئاببا باشلىق بەش ئادەمنى تۈرمە ئالدىغا ئېلىپ چىقىرىپ، ئاتقۇزۇۋەتكەن. ساقچى ئىدارىسىنىڭ تۈرمىسىدىن قەشقەرگە ئېلىپ ماڭغان ئۆمەر قاسىم باشلىق سەككىز ئادەمنى ئوتتېشى رايونىدىكى كۆپتېرەك دېگەن يەردە



ئېتىپ تاشلىغان.

ئاقيار رايونىدىكى ئۈچ ۋىلايەت جەڭچىلىرىنىڭ ئاقسۇغا قايتىپ كەتكەنلىكىنى بىلگەن ۋۇيىشىڭ ئۈچتۇرپانغا قايتىپ كىرگەن. 19 - سىنتەبىر كۈنى ئۈچتۇرپان شەھەر ئىچىدىكى خەلق قاتتىق ماتەم تۇتۇپ، تۆت جەسەتنى تۆت جىنازىدا قاتار كۆتۈرۈپ، قولتۇق مازارغا ئاپىرىپ يىغا - زارى بىلەن دەپنە قىلدى. بىر جەسەت يېزىدىن بولغاچقا، ئىگىلىرى ئۇنى ئېلىپ كەتتى. ئوتتېشىدىكى سەككىز جەسەتنىمۇ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋە جامائەت ئېلىپ كېتىپ دەپنە قىلىشتى. بۇ قانلىق بىر كۈن پۈتۈن ئۈچتۇرپان خەلقىنىڭ ئورتاق ماتەم كۈنى بولۇپ ئۆتتى.

19 - سىنتەبىر كۈنى قۇربان بولغان كىشىلەر گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئادالەتسىزلىكىگە، تەڭسىزلىكىگە ۋە ئېغىر زۇلمىغا قارشى خەلقپەرۋەر كىشىلەر بولۇپ، خەلقنىڭ ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا كۈرەش قىلىشنى مەقسەت قىلغان يەر ئاستى تەشكىلاتىغا ئۇيۇشقان. بۇ تەشكىلات ئاقسۇدا ل. مۇتەللىپ باشچىلىقىدا قۇرۇلغان «يىراقتىكى ئۇچقۇنلار» تەشكىلاتىنىڭ ئۈچتۇرپاندىكى بىر بۆلىكى ئىدى. توختى ھاۋۇت، ئابدۇرۇسۇل روزى قاتارلىق بىرقانچە يولداشلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئاقسۇدىكى تەشكىلاتنى قۇرغۇچىلارنىڭ بىرى بولغان ئابلا روزى 1945 - يىلى 4 - ئايدا ئۈچتۇرپاندا «ئۆگەي ئانا» درامىسىنى قويۇشقا چىقىپ، ئۈچتۇرپاندىكى بەش كىشىلىك تەشكىلاتنىڭ ئەزالىرى بىلەن بىر كېچە مۇزاكىرە ئېلىپ بارغان ۋە بۇ تەشكىلات ل. مۇتەللىپ بىلەن ئالاقە باغلاپ تۇرغان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى بولغان ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ئۈچتۇرپاندىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان بولۇپ، سىيىت ئاببا،

ئارتۇق ئاباسلار ئۇنىڭ ئىنىسى ئىدى. 18 - سىنتەبىر كۈنى ئاقسۇدا ل.مۇتەللىپ باشلىق زىيالىيلار باستۇرۇلغان بولسا، 19 - سىنتەبىر كۈنى ئۈچتۇرپاندا 13 زىيالى باستۇرۇلدى. ئازادلىقتىن كېيىن ۋۇيىشىڭنى سوراق قىلغاندا، ئۇ: «بۇلارنى ئاقسۇنىڭ ئۇقتۇرۇشى بىلەن باستۇردۇم»، دەپ ئىقرار قىلغان.

مەرھۇم ئۆمەر قاسىم 9 - ئاينىڭ بىر كۈنى ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما بىناسىدا گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىغا ئۆتكۈزۈلگەن زىياپەتتە، دەرۋازىدا پوستتا تۇرغان ئەسكەرنى ئىتتىرىۋېتىپ، زىياپەتكە تەييارلىق كۆرۈلۈۋاتقان ئۆيگە كىرىپ، بىر پىيالە ھاراقنى «ۋۇيىشىڭنىڭ قېنىنى ئىچتىم» دەپ ئىچىۋەتكەن. پوستتىكى ئەسكەرلەرنىڭ باشلىقى شىڭ دۇگچەن ئۆمەر قاسىمنىڭ ئارقىسىدىن بىرگە كىرگەچكە، بۇ ئىشنى ۋۇيىشىڭغا يەتكۈزگەن، ئەتىسى ئۆمەر قاسىم مەكتەپتە دەرس بېرىۋاتقان يېرىدىن تۇتۇپ كېتىلىپ، ئارقىدىنلا سېيىت ئاباس، ئارتۇق ئاباس، ئىبراھىم مۆمىن، ئابلا ياقۇپ تۆت كىشىمۇ توققۇز بۇلاق باغچىسى ئىچىدە قارتا ئويناۋاتقان يېرىدىن تۇتۇپ كېتىلگەن.

شەھەر بازىرىنىڭ باشلىقى (جىڭجاڭى) خۇدا بەردى قادىر مۇنداق ئەسلەيدۇ: «شۇ كۈنلەردە ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسى ئاقسۇ كونا شەھەردە بولۇپ، مېنىڭ بىر ئادىمىم بىلەن يەنە بىر ئىناۋەتلىك كىشىنىڭ بىر ئادىمى كونا شەھەرگە بىر ئىش بىلەن بارغانىدى. ھېلىقى ئىناۋەتلىك كىشىنىڭ ئادىمى ئابدۇكېرىم ئاباسوۋ بىلەن كۆرۈشكەن، ئاباسوۋ ئۇ ئادەمنىڭ خوجايىنىغا بىر پارچە خەت يېزىپ بەرگەن ھەمدە ماڭىمۇ: سىلە ھۆكۈمەتنىڭ ئىناۋەتلىك كىشىسى، بىزنىڭ ئۈچتۇرپاندىكى ئىككى ئىنىمنى مۇھاپىزەت قىلىپ قوغداپ قالساڭلار، بىز يېقىندا بارىمىز، سىلىگىمۇ بىز غەمخورلۇق قىلىمىز، دەپ



ئاپىلىغان. خەتنى كۆتۈرۈپ چىققان كىشى بىر پارچە ئۆلى تەشۋىقات گېزىتىنىمۇ بىللە ئېلىپ چىققان. ئەمما، خەت بىلەن گېزىت بىراقلا ۋۇيىشىڭنىڭ قولىغا چۈشكەن، كېيىن ئۇ ئادەم شۇ سەۋەب بىلەن قولغا ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن».

ھاشىم قۇتلۇق دېگەن كىشى: «شۇ ۋاقىتلاردا ئۇ باللار مىرادىغا يېتەلمىدى، قىلغان ئىشلىرى، تۈزگەن پىلانلىرى بىكارغا كەتتى، ئاكىسى بىلەنمۇ كۆرۈشەلمىدى» دېگەنىدى. بۇ ئادەم كېيىن ئۆلۈپ كەتتى. بۇ گەپتىن قارىغاندا، بۇ ئادەممۇ ئۇلارنىڭ تەشكىلاتى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان بولسا كېرەك.

ئۆمەر قاسىمنىڭ ئىنىسى ئابلا قاسىم، ئىبراھىم مۆمىن ۋە ئۇنىڭ سىڭلىسى تۇردىخانلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار كېچىسى جاي يۆتكەپ يۈرۈپ يىغىن ئاچقان. ئۇلار بىللە ئاقيار رايونىدىن نايىپ مەزىن، ئىبراھىم يۈز بېگى قاتارلىق كىشىلەرمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. ئۇلار گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زۇلمىغا چىدىمىغان، ئازادلىقنى ئارزۇ قىلغان ئاق كۆڭۈل كىشىلەر بولۇپ، ئاقسۇ كونا شەھەردىكى ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىگە ھېسداشلىق قىلغان. بەزى كۈنلىرى كونا شەھەرگە بېرىپ، تەشۋىقات گېزىتلىرىنى ئېلىپ كېلىپ تارقاتقان. نايىپ مەزىن شۇ گېزىتلەرنى بەزىدە خەلققە ئوقۇپ بەرگەن. ئىبراھىم يۈز بېگى گېزىتنى ئوقۇشنى تەشەببۇس قىلغۇچى ۋە خەلقنى ئاڭلاشقا ئۇيۇشتۇرغۇچى ئىكەن. ئۇلار يۇقىرىدىكى ئىشلار ئۈچۈنلا قولغا ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى يۇقىرىدىكى 13 ئادەمنى ئۆلتۈرۈشتىن ئىلگىرى قاتتىق قىيىن - قىستاقتا ئېلىپ سوراق قىلغان، بولۇپمۇ ئۆمەر قاسىم، سېيىت ئاباسنى باغلاش، ئېسىپ قىيناش، گاڭزىغا بېسىش، تىرناق تۈۋىگە مىخ قېقىشتەك ۋەھشىي ئۇسۇللار بىلەن قىيىنىغان. لېكىن، ئۇلار تاۋلانغان، جىگەرلىك

باتۇرلاردىن بولغاچقا، ئەكسىيەتچىلەرگە تىل - ھاقارەت بىلەن جاۋاب قايتۇرغان.

بەش ئادەمنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى تۆۋەندىكىچە:

ئۆمەر قاسىم 24 ياش، تۆمۈرچى ئائىلىسىدىن. ئۈچتۇرپان شەھەر ئىچىدە تۇغۇلۇپ، ئۈچتۇرپاندا باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن. 1944 يىلى ئۈرۈمچى سىفەن مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ كېلىپ، ئۈچتۇرپان 6 - باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان.

ئابلا ياقۇپ 22 ياش، ئىلىملىق بولۇپ، 1944 - يىلى ئۈرۈمچى سىفەن مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ئۆمەر قاسىم بىلەن بىللە ئۈچتۇرپانغا كەلگەن. ئۇمۇ شەھەر ئىچى 6 - باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان.

سىيىت ئابباس 19 ياش، **ئارتۇق ئابباس** 25 ياش، تىجارەتچىلەر ئائىلىسىدىن بولۇپ، سوۋېتنىڭ قارا قول دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان، ئۈچتۇرپاندا ئۆسۈپ - يېتىلگەن. ئۈچتۇرپاندا باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىدا ئوقۇغان. سىيىت ئابباس ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ مۇئەللىملىك قىلغان. كېيىن ئۇيغۇر ئۇيۇشمىنىڭ تەشۋىقات بۆلۈمىدە ئىشلەۋاتقاندا قولغا ئېلىنغان.

ئىبراھىم مۆمىن 23 ياش، ئۇششاق تىجارەتچى ئائىلىسىدىن. ئۈچتۇرپاندا تۇغۇلۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن، بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىدا ئوقۇپ، ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان يېرىدىن قولغا ئېلىنغان.

رەتلىگۈچى: **ئەمەتجان ھۈسەيىن**

جاۋابكار مۇھەررىرى: **تۇرغۇن ئۆمەر**



# 1940 - يىللىرى ئاقسۇدا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم

**چاۋار يۈسۈپ**

### مىللىي ئارمىيە جەنۇبىي يۈرۈش قىسمىنىڭ ئاقسۇغا كېلىشى

1945 - يىلى 7 - ئايدا پولكوۋنىك سوپاخون، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، قاسىمجان قەمبىرى، رازىيوپ داموللا قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە، 250 ئاتلىق پىدائىي قىسىم غۇلجىنىڭ قىزىل كۆرە ناھىيىسى بىلەن مېڭىپ، باينىڭ قىيىر يېزىسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى داۋان ئېغىزى ئارقىلىق ئاقسۇ تەرەپكە كەلدى.

داۋاننىڭ ئۈستىگە دۈشمەن گازارمىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، دوقمۇشقا پوست قويۇلغان. پىدائىي قىسىم مۇشۇ چايغا كەلگەندە دۈشمەن بىلەن ئىككى سائەت جەڭ قىلىپ، بوركۆرە داۋىنىنى ئالدى ۋە گازارمىغا ھۇجۇم قىلىپ كىردى. يارمۇھەممەت پەيجاڭ باشچىلىقىدىكى بىرمۇنچە گومىنداڭ ئەسكەرلىرى چالا ئويقۇدىن ئويغىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئارمىيە قىسمىنىڭ قورشاۋىدا قالغانلىقىنى كۆردى - دە، دەرھال قول كۆتۈرۈپ تەسلىم بولدى. پەيجاڭ باشلىق بىر قانچىسى قەسەم

بىرىپ پىدائىي قىسىمغا قوشۇلدى. قىسىم بايغا قاراپ ماڭدى.

1945 - يىل 7 - ئاينىڭ 3 - كۈنى باينى ساقلاۋاتقان بوسۇڭتۇەننىڭ ئەسكەرلىرى بۇلارنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ قاچتى. مىللىي قىسىم ئارقىسىدىن قوغلاپ مىس تېمىغا كەلدى، بۇ جايدىكى گازارمىدا 50 نەپەر گومىنداڭ ئەسكىرى بار ئىكەن. ئۇلار بىلەن بىر سائەت جەڭ قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارمۇ تارمار قىلىندى. پىدائىي قىسىم بايغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ياقىردىقا مۇنتىزىم ئەسكەر قويدى، كۇچا بىلەن ئاقسۇنىڭ ئالاقىسىنى مۇستەھكەملىدى؛ ئۇنىڭدىن كېيىن قارىباغ يولى بىلەن قورغانغا كېلىپ، قورغاننىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتتى، قورغاندا ئۈچ سوتكا ئۇرۇش بولدى. ئاندىن قىسىم رەھبەرلىرى مەسلىھەتلىشىپ، بىر قىرغىزغا يول باشلىتىپ، تاغنىڭ ئۈستى بىلەن سېپىلگە يامىشىپ چىقىپ، تۆت كېچە - كۈندۈز ئۇرۇش قىلىپ قورغاننى ئالدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا 300 دانە قورال - ياراق غەنىمەت ئېلىندى. گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىقى ئۆزىنى سۇغا تاشلاپ ئۆلۈۋالدى. ئەسىرگە چۈشكەنلىرى تەربىيە بىلەن ئۆزگەرتىلىپ، قىسىمغا قوشۇۋېتىلدى. پىدائىي قىسىم ئۇلار بىلەن بىللە تاماق يەپ ئولتۇراتتۇق، تۇساتتىن كۇچا تەرەپتىن گومىنداڭنىڭ بىر تۈەن ئەسكەرلىرى كېلىپ ھۇجۇم قىلدى. بۇ ئۇرۇش چۈش ۋاقتى بىلەن باشلىنىپ، يېرىم كېچىدە كۇچادىن كەلگەن قوشۇننىڭ ئارقىغا چېكىنىپ قېچىشى بىلەن ئاخىرلاشتى. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن، مىللىي قىسىم ئاقسۇغا قاراپ يولغا چىقتى. تۈز ئاۋاتقا كېلىپ ئارام ئالايلى دەپ تۇرۇشىمىزغا، جام تەرەپتىن نۇرغۇن ئاتلىق ئەسكەر كەلدى. ئارقىدىن يەنە بىر نەچچە ماشىنىدا ئەسكەر كېلىپ، ئارقا - ئارقىدىن تۆت نۆۋەت ھۇجۇمغا ئۆتتى. دۈشمەن 5 - نۆۋەتلىك ھۇجۇمىدىمۇ يېڭىلىپ،



ئارقىغا چېكىنىپ قاچتى. مىللىي قىسىم ئارقىسىدىن قوغلاپ ئاقسۇ كونىشەھەرگە كەلدى. كەپتەرخانا دېگەن جايىنى بېقىپ ياتقان گومىنداڭ ئەسكەرلىرى يولنى توسۇپ ئوق چىقاردى. ئىككى سائەتلىك ئۇرۇشتا بەرداشلىق بېرەلمىگەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى چېكىنىپ، ئاقسۇ يېڭىشەھەرگە قاراپ قاچتى. مىللىي قىسىم ئاقسۇ كونىشەھەرنى ئازاد قىلىپ، ئۈچ كۈنگىچە قىسىمنىڭ ئالدى - كەينىنى تەڭشەپ ئورۇنلىشىپ بولدى.

## گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ بۆلگۈنچىلىك قىلمىشى

1945 - يىلى ئاقسۇ سىفەن مەكتىپىدە 200 ئوقۇغۇچى ئوقۇيتتى، ئوقۇتقۇچىلار يېتىشتۈرۈش كۇرسىدا 100 ئوقۇتقۇچى بىلىم ئاشۇراتتى. گومىنداڭ تۈەنجاڭى جاۋ خەنچىڭ بىلەن ساقچى باشلىقى ۋۇ شاۋ بىلىك تىل بىرىكتۈرۈپ: «غۇلجا ئەسكەرلىرى ئۇيغۇر بولغاندىكىن، سىفەن مەكتەپ قارىمىقىدا ئوقۇۋاتقان 300 نەپەر ئۇيغۇر ياشلىرىغا قورال تارقىتىپ، ئۇيغۇرنى ئۇيغۇرغا ئۇرۇشقا سالساق» دەپ، ۋالىي يۈجىڭگىيغا مەسلىھەت بەردى. يۈجىڭگىي مەكتەپ مۇدىرى گوچىڭخۇاغا ئۇقتۇرۇش قىلغاندىن كېيىن، گوچىڭخۇا ۋالىينىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ، يىغلاپ تۇرۇپ: «ئۇنداق قىلمايلى. ئەگەر ئوقۇغۇچىنى ئۇرۇشقا قاتناشتۇرساق، ئاقسۇنىڭ مائارىپى مەڭگۈ راۋاج تاپمايدۇ. پۇقرالار بالىلىرىنى مەكتەپكە بەرمەيدۇ» دەپ، يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن 1945 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ھەممە ئوقۇغۇچىلار يازلىق تەتىلگە قويۇپ بېرىلدى. بۇ ئىشتىن كېيىن ھەممە ئىدارە، جەمئىيەت ۋە مەكتەپلەردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر، سېپىلنىڭ ئىچى - سىرتىدىكى خەنزۇ ۋە خۇيزۇلار يىغىپ كېلىنىپ، بىر «زىۋېتۈەن» (ئۆزىنى قوغدىغۇچى تۈەن) تەشكىل

قىلىندى. ئاندىن ئۇلارغا قورال تارقىتىپ بېرىلىپ، ئۇلار ئۇرۇشقا قاتناشتۇرۇلدى. ئىدارە ۋە مەكتەپلەردىكى ئۆي-خور ئىشچى-خىزمەتچىلەر بولسا، ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى قىلىپ ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ساقچى ئىدارىسىگە قوشۇۋېتىلدى.

ئاقسۇ كونىشەھەر قولدىن كېتىپ، يېڭى شەھەرگە قېچىپ چىققان گومىنداڭچىلار مىللىي قىسىمنىڭ ئۇرۇشتىكى جەڭگىۋارلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، قورقۇپ تىترىشىپ: «ئىلى ئوغرىلىرىنى سېپىلگە يېقىن كەلتۈرمەيلى» دەپ، ھەممە ئەسكىرىي كۈچىنى توپلاپ، شەھەرنىڭ تۆت دەرۋازىسىغا تارقىتىپ ۋە كېچە - كۈندۈز پوست قويۇپ، سېپىلنىڭ ئىچىنى مەھكەم بېقىپ ياتتى. شەھەرنىڭ سىرتىدىكى پۇقرالارنىڭ تاملىرىغا كىرىسىن چېچىپ، ئۆيلىرىنى كۆيدۈرۈپ، ۋەيران قىلىۋەتتى. بىر قىسىم خەلق ئۆيلىرىنى تاشلاپ، جېنىنى ئېلىپ قېچىپ كەتتى.

## مىللىي قىسىمنىڭ ئاقسۇ يېڭىشەھەرگە يۈرۈش قىلىشى

ئاقسۇ كونىشەھەرنى ئىشغال قىلىپ 4 - كۈنى پولكوۋنىك سوپاخۇن باشچىلىقىدىكى مىللىي قىسىم ئاتلىنىپ، ياتالماس كەنتىگە كېلىپ چۈشتى. سوپاخۇننىڭ بۇيرۇقى بىلەن، 1 - روتا لەڭگەردىكى قۇربانجاننىڭ ھويلىسىغا چۈشۈپ، بازار دەرۋازىسىنى مۇھاسىرىگە ئالدى؛ 2 - روتا ئاسۇق مەھەللىسىدىكى روزى يۈزبېگىنىڭ ھويلىسىغا چۈشۈپ، كۇچا دەرۋازىسىنى مۇھاسىرىگە ئالدى؛ 3 - روتا گۈلباغدىكى تۈگمەن بېشىغا چۈشۈپ، چىغانلىق تۈگمەنگە مىنا ئورنىتىپ، گۈلباغ دەرۋازىسىنى مۇھاسىرىگە ئالدى؛ 4 - روتا دۆڭلەڭزىگە چۈشۈپ، قەشقەر دەرۋازىسىنى مۇھاسىرە قىلىۋاتقان ماشىچاڭنىڭ



بېغىغا مىنا ئورناتتى. مىللىي قىسىم ئاقسۇ يېڭىشەھەرنىڭ تۆت ئەتراپىدا مۇھاسىرە چەمبىرىكى قۇرۇپ، مۇھاسىرىنى كۈچەيتكەندىن كېيىن، شەھەر ئەتراپىدىكى خەلق تۈركۈملەپ كېلىپ، ئۇلارغا ئوق - دورا توشۇشۇپ بەردى. تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن، بىر ئاخشىمى ئىككى نەپەر مىللىي ئارمىيە جەڭچىسى بىلەن لەڭگەرلىك تۆت نەپەر دېھقان بىرلىشىپ، يېرىم كېچىدە بازار دەرۋازىسىغا كىرىسىن چېچىپ ئوت قويغانىدى، ئوت تۇتىشىپ كۆيگىلى تۇرغاندا، سېپىل تۆپىسىدە پوستتا تۇرۇۋاتقان گومىنداڭ ئەسكەرلىرى تۇيۇپ قېلىپ، تۆپىدىن سۇ قۇيۇپ ئوتنى ئۆچۈرۈۋالدى، ئاندىن ئۇلارنى ئوققا تۇتتى. ئىككى نەپەر دېھقان شېھىت بولدى، قالغانلىرى تامنىڭ دالدىسى بىلەن قېچىپ، لەڭگەرگە قايتىپ كەلدى.

## ئۇرۇش تاكتىكىسىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى

ئاقسۇ يېڭىشەھەر مۇھاسىرە قىلىنغاندىن كېيىنكى ئۇرۇش ئەھۋالى پولكقا دوكلات قىلىندى. پولكوۋنىك سوپاخۇن دوكلاتنى ئاڭلاپ:

— بىز كونىشەھەرنى ئازاد قىلغاندىن كېيىن ئىشلەشكە تېگىشلىك خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغۇچە، يېڭىشەھەرگە چىقىشقا ئازراق كېچىكىپ قالدۇق. ئەمدى ئۇرۇش تاكتىكىمىزنى ئۆزگەرتەيلى، — دېدى - دە، جاكۇۋۇرۇككە بىر ۋۇزۇۋۇت ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا كىچىك كوماندىرلاردىن بىرىنى بەلگىلىدى، ئاندىن ھەممە كوماندىرلارغا رازۋېتكا قىلىشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى.

## بىر جەدە ئاتلىق ئادەم

تۈگمەن بېشىغا چۈشكەن ۋۇزۇوت ئۈچ جەڭچىنى ئاجرىتىپ قىزىل كۆۋرۈكنى رازۋېتكا قىلىشقا ئەۋەتكەنىدى. ئۇلار ئاتلىرىغا مىنىپ قىزىل كۆۋرۈكنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى تېرەكلىككە كېلىپ، ئاتلىرىنى ئازغاننىڭ دالدىسىغا باغلاپ قويۇپ، مۆكۈپ ئولتۇرۇشىغا، گومىنداڭ ئوفىتسېرى شەكلىدە كىيىم كىيگەن بىر ئادەم جاكۆۋرۈك تەرەپتىن خۇرجۇن ئارتىلغان بىر جەدە ئاتنى ئۆلەتىرلىشىگە باقماي چاپتۇرۇپ كەلدى. رازۋېتچىكلار گۇمان بىلەن بىر پاي ئوق ئاتقانىدى، ئۇ ئادەم ئاتتىن ئۈگدىسىغا يىقىلىپ چۈشتى. شۇ چاغدا ئازغاننىڭ دالدىسىدىكى ئات كىشنىگەنىدى، جەدە ئات شۇ كىشنىگەن تەرەپكە قاراپ چاپتى. رازۋېتچىكلار ئارقىسىدىن بېرىپ خۇرجۇننىڭ ئىچىنى تەكشۈرگەنىدى، ھەممىسى پۇل ئىكەن. ئۆلگەن ئادەم ئاۋات ناھىيىلىك باج ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ، خۇرجۇندىكى پۇل گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە ئەكەلگەن ئىئانە ئىكەن.

## ھۇججۇمنى كۈچەيتىپ، دۈشمەننى ھالسىرىتىش

ھەرقايسى ۋۇزۇوتلار رازۋېتكا خىزمىتىنى كۈچەيتكەندىن كېيىن، گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى ئېھتىيات قىلىپ سىرتقا تولا چىقمايدىغان بولۇپ قالدى. چۈنكى، رازۋېتچىكلارغا ئۇچراپ قالسا، ئېتىلىپ كېتىشىدىن قورقاتتى. ھەر بىر روتىغا ياردەم بېرىشكە كەلگەن دېھقانلار كۆپ بولۇپ، ئاخشىمى قاراڭغۇ چۈشكەندە ھەممە روتا سېپىلنىڭ تۆت تەرىپىدىن زەمبىرەك، پىلىموت، مىناميوت، مىلتىق قاتارلىق قوراللار بىلەن شەھەر



ئىچىگە قار - يامغۇردەك ئوق ياغدۇراتتى. ياردەمگە كەلگەن دېھقانلار «ھۇررا!» دەپ توۋلاپ، گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى قورقۇتۇپ جېنىنى ئالاتتى. ئۇلار مۇشۇ تەقلىتتە مۇھاسىرىنى كۈچەيتىپ، گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى سېپىلدىن باش چىقارغۇزماي، ئاقسۇ يېڭىشەھەرنى 18 كۈن مۇھاسىرە قىلىپ تۇردى. 19 - كۈنى چىڭقى چۈش ۋاقتىدا، ئۈرۈمچىدىن بىر ئايروپىلان كېلىپ، يېڭىشەھەرنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدا بىر سائەتتەك چۆگىلەپ تەشۋىق ۋەرەقىلىرى تاشلىدى. تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنىڭ شەھەر ئىچىگە چۈشكەنلىرىنى گومىنداڭچىلار تېپىۋالدى، شەھەر سىرتىغا چۈشكەنلىرىنى مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى يىغىپ، پولكوۋنىك سوپاخۇن باشلىق ساۋاتلىقلارغا ئوقۇتۇپ ئاڭلىدى. ئۇنىڭ مەزمۇنى گومىنداڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا «11 ماددىلىق بىتىم» تۈزۈلگەنلىكى توغرىسىدا بولۇپ، بۇنىڭدىن كېيىن گومىنداڭ ئارمىيىسى بىلەن مىللىي ئارمىيە بىر - بىرىگە ئوق چىقارماسلىق، «11 بىتىم» گە ئىتائەت قىلىش لازىملىقى ئېيتىلغان. 20 - كۈندىن باشلاپ مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى سېپىل ئىچىگە قارىتىپ ئوق ئېتىشنى توختاتتى. 21 - كۈنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى، بولۇپمۇ جاۋخەنچىڭ بىلەن ۋۇشاۋبىڭ ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىپ، شەھەر ئىچىدىكى ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى سېپىلدىن چۈشۈرۈپ، تۆت دەرۋازىنىڭ ھەممە جايلىرىغا مۆكتۈرۈپ قويدى. چىڭقى چۈش ۋاقتىدا بىر ئايروپىلان ئىككى سائەتتەك ئېگىز - پەس ئايلىنىپ، ئاندىن ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ تۆپىسىگە بىر ساندۇقنى تاشلىدى. «گۇمباك...!!!» قىلغان دەھشەتلىك ئاۋاز شەھەر ئىچىدىكىلەرنى قاتتىق چۆچۈتىۋەتتى. ساندۇق ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئاشخانىسىنىڭ ئۆگزىسىگە چۈشكەن بولۇپ، ئاشخانىنىڭ جەگە ياغ-

چىنى سوندۇرغاندىن تاشقىرى، قازان ـ قومۇش، چىنە ـ قاچىلارنىمۇ سۇندۇرۇپ پارە ـ پارە قىلىۋەتكەن. ئاندىن بۇ ئايروپىلان شەھەر ئەتراپىنى بىر سائەتتەك ئەگىتىپ ئۇچۇپ، تەشۋىق ۋەرەقىلىرى، قورال ـ ياراق، ئوق ـ دورا، گىراناتلار ۋە تۈرلۈك ماددىي لاۋازىمەتلەرنى تاشلاۋەردى. مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى مۇھاسىرە ئورۇنلىرىدىن چىقىپ، ئايروپىلان تاشلىغان نەرسىلەرنى يىغىۋالغىلى مېڭىۋىدى، مۆكۈپ ياتقان گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئۇلارنى ئوققا تۇتقىلى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇرۇش يېڭىباشتىن باشلىنىپ، بىردەم گومىنداڭ ئەسكەرلىرى مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىنى سۈرۈپ ـ توقاي قىلسا، بىردەم مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى قوغلاپ زەربە بېرەتتى. دېمەك، گومىنداڭ ئارمىيىسى «بىتىم»گە خىلاپلىق قىلىپ، ئوق ئېتىشنى توختاتمىدى. 21 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن باشلانغان ئۇرۇش كېچىچە داۋاملىشىپ، 22 ـ كۈنى تاڭ ئاتقاندا تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى «11 بىتىم» نىڭ روھىغا ئاساسەن، يېڭىشەھەردىن چېكىنىپ كوناشەھەرگە قايتتى. كونا شەھەرگە شاھىد قارى ھاجىم ھاكىم ئىدى. جەڭچىلەر ئاتلىنىپ يولغا چىققاندا، گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئۇلارنى قوغلاپ قورغانغىچە باردى. مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى قورغاندىن تۇغ بەلچىگە ئۆتۈپ، ئۈچ كۈن تۇرغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، مۇزداۋان بىلەن غۇلجىغا ئۆتۈپ كەتتى.

## ئابدۇللا روزى ھەققىدە بىلىدىغانلىرىم

1942 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىگە گوچېڭخۇا بىلەن ئابدۇللا روزى بىللە يۆتكىلىپ



كەلگەنىدى. گوچېڭخۇا مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، ئابدۇللا روزى مۇپەتتىشلىككە بەلگىلەندى. ئاڭلىشىمىزچە، گوچېڭخۇا بىلەن ئابدۇللا روزى ماناس مائارىپ ئىدارىسىدە بىللە ئىشلىگەن بولۇپ، ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتىگىمۇ بىللە يۆتكىلىپ بارغان.

1942 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن 1943 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ئابدۇللا روزى مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇپەتتىشلەر ئىشخانىسىدا مۇقىم ئىشلەپ، قوشۇمچە سىفەن مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلارغا دەرس بەردى. گوچېڭخۇا مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قوشۇمچە سىفەن مەكتەپنىڭ مۇدىرى بولدى. 1943 ـ يىلى 7 ـ ئايدا مائارىپ ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئورنىغا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن، گوچېڭخۇا سىفەن مەكتەپنىڭ مۇدىرى بولۇپ قالدى. شۇ چاغدىمۇ سىفەن مەكتەپتە 200 نەپەر ئوقۇغۇچى ئوقۇيتتى، سىفەن قارىمىقىدىكى ئوقۇتقۇچىلار كۇرسىدا 100 نەپەر ئوقۇتقۇچى بىلىم ئاشۇراتتى.

1945 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى سىفەن مەكتەپتىكى بارلىق ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلار تەتىل قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، گوچېڭخۇا بىلەن ئابدۇللا روزىنىڭ مائارىپ نازارىتىگە يۆتكەلگەنلىكى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش كەلدى. گوچېڭخۇا بىلەن ئابدۇللا روزى بىر قورۇدا ئولتۇرىدىغان بولۇپ مۇناسىۋىتىمۇ ناھايىتى قويۇق ئىدى. بۇ ئىككىيلەن ئۈرۈمچىگە بىر كۈندە ماڭىدىغان بولغان. ئابدۇللا روزى ئۇچتۇرپانغا بېرىپ تۇغقانلىرىم بىلەن خوشلىشىپ كېلەي دەپ، ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بىلەن ئۇچتۇرپانغا كەتتى. ئۈچ كۈندىن كېيىن «ئابدۇللا روزىنى قاماپ قويىدى» دېگەن خەۋەر كەلدى. گوچېڭخۇا بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۇرالماي، ئابدۇللا روزىنى ئاجرىتىپ كېلىمەن

دەپ، ئۇچتۇرپانغا ماڭدى. ئۇچىنچى كۈنى ئىككىسى بىللە قايتىپ كەلدى. ئۇچتۇرپاندىن كېلىپ ئەتىسى گوچېڭخۇا بىر يۈك ماشىنىسىنى باشلاپ كەلگەنىدى. گوچېڭخۇانىڭ يۈك - تاقلىرىنى ماشىنىغا بېسىشىپ بەردۇق. ئابدۇللا روزىنىڭ يۈك - تاقلىرىنى ئېلىپ چىقىپ بېسىشىپ بېرەيلى دېسەك، ئۇ: «مەن بۈگۈن ماڭالمايمەن، ئازراق ئىشىم بار، ئەتە ئىشىم تۈگىسە ئاندىن ماڭايلى» دېدى. ئەتىسى ماشىنا يەنە كەلدى. گوچېڭخۇا ئالدۇللا روزىنى چاقىرىپ: «بۈگۈن ماڭايلى» دېگەنىدى، ئابدۇللا روزى يەنە «ئەتە ماڭساق، مېنىڭ ئىشىم تۈگىمىدى» دەپ ئۇنىمىدى. شۇنداق قىلىپ، ماشىنا 10 كۈنگىچە كۈندە كەلدى، ئابدۇللا روزى ماڭغىلى ئۇنىماي ئارقىغا تارتىۋەردى. 11 كۈنى ماشىنا يەنە كەلدى. ئابدۇللا روزى يەنە ئارقىغا سۈرگەندىن كېيىن، گوچېڭخۇا قېيىداپ ئۆزى ماشىنا بىلەن كېتىپ قالدى (ئابدۇللا روزى «ياش ئۇچقۇنلار تەشكىلاتى»غا قاتناشقانىدى). ئۇ كۈنى كەچ بولدى. ئابدۇللا روزى، مامۇتخان ئۇچىمىز ئۆز ئۆيىمىزگە كىرىپ ئۇخلاپ قالدۇق. ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا سىرتقا چىقىپ قارىساق، ئابدۇللا روزى ياتقان ئۆينىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرى ئۇلۇغ ئوچۇق تۇرۇپتۇ. مەن ھەيران بولۇپ مامۇتخاندىن: «ئابدۇللا روزىغا نېمە بوپتۇ؟» دېسەم، «كەشى ساڭايان بولۇپ قاپتۇ» دېدى. ئاندىن مادەيۋېن، مامۇتخان، مەن ئۇچىمىز ئابدۇللا روزىنىڭ ياتقىنىغا كىرىپ قارىساق، بىر پارچە پالاز ۋە كۆرپىدىن باشقا ھېچ نەرسىسى قالماپتۇ. مادەيۋېن كۆرپىنى قايرىۋىدى، ئاستىدىن بىر دانە «دالايىل» چىقتى. مادەيۋېن ئۇنى ئېلىۋالدى. بىز بىللە چىقىپ كەتتۇق. شۇنىڭدىن تارتىپ ئابدۇللا روزىنى قايتا كۆرمىدۇق. ئاقسۇدا ئۇرۇش ئاياغلاشقاندا، ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلىدۇق.



## مۇنىرىدىن غوجا ھەققىدە بىلىدىغانلىرىم

مۇنىرىدىن غوجا 1940 - يىلىدىن باشلاپ ئۈرۈمچى دارىلفۇنۇن مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1942 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، قاراشەھەر ئوتتۇرا مەكتىپىگە ئىلمىي مۇدىر بولۇپ بەلگىلەندى. 1944 - يىلى 12 - ئايدا ئاقسۇغا كەلگەندە، موللا بەگ ھاجىنىڭ ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇردى. 1945 - يىلى 5 - ئاينىڭ بىر كۈنى بىرى كېلىپ ئۇنىڭ ئىشىكىنى قاققانىدى. سىڭلىسى ئەختەرنىساخان چىقىپ قارىسا، بۇ ئادەم:

— مۇنىرىدىن غوجىنىڭ ئۆيى مۇشۇمۇ؟ — دەپ سورىدى.

ئەختەرنىساخان:

— مۇشۇ — دېدى.

— سىز نېمىسى؟

— مەن سىڭلىسى بولىمەن.

— ئەمىسە، ئابدۇللا باقى كەپتۇ، كۆرۈشەمەن دەيدۇ، دەڭ، — دېدى ھېلىقى ئادەم.

ئەختەرنىساخان كىرىپ مۇنىرىدىن غوجىغا مەلۇم قىلدى.

— ئۆيگە باشلاپ كىرىڭ، — دەپ جاۋاب بەردى مۇنىرىدىن غوجا.

ھېلىقى ئادەم ئىشىك تۈۋىگە كېلىپلا توختاپ تۇرۇپ، مۇنىرىدىن غوجىدىن:

— مەن ئاتۇشقا بارغاندا ئىككى كۈن تۇرسام بولامدۇ؟ — دەپ سوزۇۋىدى.

— ياق، بولمايدۇ، بىر كۈن تۇرۇپ خوتەنگە ئۆتۈپ كېتىڭ، — دەپ جاۋاب بەردى مۇنىرىدىن غوجا.

مۇنىرىدىن غوجا ئابدۇللا باقىنى قەشقەر، خوتەن ۋىلا-

يەتلىرىنىڭ ياشلىرىنى ئويغىتىپ، ياش ئۇچقۇنلار تەشكىلاتىنىڭ تەشكىلىي دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە ماگدۇرغانىدى. كېيىن ئاقسۇدىكى زۇلۇمغا قارشى ئىنقىلابىي كۈرەش غەلىبە قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن، باشقا ۋىلايەتتىكى پائالىيەتلەرمۇ جىمىقىپ قالدى.

1942 - يىلى مۇنىردىن غوجىنىڭ ئاكىسى موھىدىن غوجىنى «سىياسىي جىنايەتچى» دەپ قولغا ئېلىپ، ساقچى ئىدارىسىنىڭ تۈرمىسىگە ئۈچ يىل قاماپ قويىدى. 1945 - يىلى ساقچى ئىدارىسىنىڭ سەنئەتچىلىرى «تاھىر - زۆھرا» دراممىسىنى ئوينىماقچى بولۇپ، سەنئەتچىلەرگە «12 مۇقام» نىڭ نەغمە قائىدىسىنى ئۆگىتىش ئۈچۈن، موھىدىن غوجىنى تۈرمىدىن ۋاقىتلىق چىقارغۇزغانىدى. بىر كۈنى موھىدىن غوجا مۇنىردىننىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلدى. مۇنىردىن غوجا تۈرمىدىكى ئاكىسى موھىدىن غوجىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. موھىدىن غوجا ئۆيگە كىرىپ، مۇنىردىنغا:

— مېنى موك جوپجاڭ ئەۋەتتى، «سەن بېرىپ ئىنىڭغا گەپ قىل، ئىنىڭ قاراشەھەرگە كەتسۇن، ئىنىڭ ۋەلىخان تۆرە دېگەن ئۆزبېكنىڭ جاسۇسى ئىكەن، سەنمۇ ئۆزبېك ئىكەنسەن، ئەگەر كەتمىسە جازالايمىز» دەيدۇ. ئۇكام، سىز قايتىپ كېتىڭ، — دېگەنىدى. مۇنىردىن غوجا:

— مەن بۇ جايىنى تاشلاپ كېتەلمەيمەن، مېنىڭمۇ 30 نەچچە ئوقۇغۇچىم بار، ئۇلارغا كۆزۈم قىيمايدۇ، — دەپ ئۇنىمىدى.

بىر كېچىسى مۇنىردىن غوجا ئۇخلىغىلى ياتقان يېرىدە تامنى ئاتلىغىلى تۇردى. ئەختەرنىساخان:

— ئاكا، تامنى نېمىشقا ئاتلايلا؟ — دېگەنىدى. مۇنىردىن غوجا:



— مەن بىر قورقۇنچلۇق چۈش كۆرۈپتىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى. ئەختەرنىساخان:

— قانداق چۈش كۆرۈپتىلا؟ — دەپ سورىغانىدى.

— يەر تەۋرەپ كەتتى، خەلق ئاتلىق يار تۆپىسىگە قېچىپ كەتتى. مەن پىيادە قېچىپ كېتىۋاتسام، ئىككى پىستە ئىت ئارقامدىن قوغلاپ كېلىپ مېنى چىشلىۋالدى. شۇنىڭدىن قورقۇپ ئويغىنىپ كەتتىم، — دېدى مۇنىردىن غوجا. ئاندىن يەنە: ئاخشام ئەكەلگەن غاز گۆشىنى پىشۇرۇپ بەرسىلە، — دېدى.

ئەختەرنىساخان ئوت قالاپ گۆش پىشۇرۇۋاتقاندا، بىلال ئەزىزى كىرىپ كەلدى. ئۇ، مۇنىردىن غوجا بىلەن كۆرۈشۈپ:

— مېنى قارا تالشا سوجاڭلىققا تەيىنلىدى. سوجاڭ بولامدىمەن ياكى قارا يەرگە كىرەمدىمەن، ھازىرچە بىر نېمە دېمەك تەس. مۇنىردىن، سىز مۇتەللىپنىڭ ئۆيىدىن رەسىم ئاپپاراتىنى ئەكېلىپ قويۇڭ، دېگەن ئىدىڭىز، ئەكىلىپ قويسام، ئاخشام بىر ساقچى كېلىپ ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ، — دېدى-دە، مۇنىردىن غوجىنى باشلاپ چىقىپ كەتتى.

شۇ ئاخشىمى ياش ئۇچقۇنلار مۇتەللىپنىڭ ئۆيىگە جەم بولۇپ سۆھبەتلىشىۋاتقاندا، ماراپ يۈرگەن ئىشپىيونلارنىڭ مەلۇمات بېرىشى بىلەن ساقچىلار كېلىپ، ل. مۇتەللىپ، بىلال ئەزىزى، مۇنىردىن غوجا، ھوسەن تۇردى، يۈسۈپ قادىر، ئابدۇكېرىم تۇردى قاتارلىق ياشلارنى تۇتۇپ كەتتى. ئاقسۇدا ئەختەرنىساخاننىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ياكى باشقا قارىغۇدەك كىشىسى بولمىغاچقا، ئۇ ئەتىسى كۇچادىكى تۇغقانلىرىنىڭ يېنىغا كەتكەنىدى. 1945 - يىلى 10 - ئايدا مۇنىردىننىڭ كۇچادىكى ساز ئۆگەتكەن بىر شاگىرتى: «مۇنىردىن غوجامنى ساقچى ئىدارىسىدە ئۆلتۈرۈۋەتتى» دەپ خەۋەر يەتكۈزدى. شۇنىڭ

بىلەن ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ھازا تۇتۇپ يىغلىشىپ، نەزىر - چىراغلىرىنى كۆچادا ئۆتكۈزدى.

## مەمتىلى يالاقچى

1945 - يىلى 9 - ئايدا مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى ئاقسۇ ئۇرۇشىدىن چېكىنىپ غۇلجىغا قايتىش ۋاقتىدا، كۇچالىق تۇرغۇنجان دېگەن بىر جەڭچى ھەربىي قىسىم چۈشكەن جايدا قاتتىق ئۇخلاپ قېلىپ، قىسىم قوزغىلىپ كونىشەھەرگە قاراپ ماڭغاندا ئايرىلىپ قالغانىكەن. بىر چاغدا ئويغىنىپ قوپۇپ، قىسىمنىڭ ئارقىسىدىن يېتىشىپ باراي، دەپ كۆپ ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ، يول - يولدا قويۇلغان ماراقچىلارنىڭ قاپقىنىغا چۈشۈپ قېلىشتىن قورقۇپ، كونىشەھەر يولىغا ماڭماي، قورالىنى بىر يەرگە يوشۇرۇپ قويۇپ، تىلەمچى سۈپىتىدە مېڭىپ، باغچى 2 - دادۈيگە كېلىپ قالغان؛ قورسىقىنىڭ ئاچلىقىدا ئىلاجسىز نان تىلەپ، مەمتىلى كۆكبېشىنىڭ ئۆيىگە كىرگەن. مەمتىلى دېگەن ھىيلىگەر جاسۇس بۇ بالىنىڭ تەقى - تۇرقىغا قاراپ، گۇمان بىلەن ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ، نان - چاي بىلەن مېھمان قىلىپ، ھال - ئەھۋال سورىغان قىياپەتتە:
— ئۇكام، تەرقى - تۇرقىڭىزغا قارىغاندا، سىز نان تىلەيدىغان دىۋانە ئەمەس. قولىڭىزدىن خېلى ئىش كېلىدىغان يىگىتتەك تۇرىسىز. قانداق ئىشىڭىز بولسا يوشۇرماي ماڭا دەڭ، مەن سىزنىڭ ھاجىتىڭىزنى راۋا قىلىمەن، — دېگەن. تۇرغۇنجان بېشىغا ئىش كەلمىگەن ياش بالا بولغاچقا، جاسۇسنىڭ بۇ ياغلىما سۆزىگە ئىشىنىپ كېتىپ، ئۆزىنىڭ بارلىق سىرلىرىنى ئېيتىپ بەرگەن ھەم يىغلاپ تۇرۇپ:
— مېنى ئاشكارىلاپ قويمىسىلا، مەن سىلىگە ئون يىل



ھەقسىز ئىشلەپ بېرەي، — دەپ يالۋۇرغان.
مەمتىلى كۆكبېشى دېگەن خائىن: «مىلتىق قەيەردە؟ ماڭا كۆرسىتىڭ» دەپ، تۇرغۇنجاننى سىيلىق گەپلەر بىلەن ئالداپ ئىشەندۈرگەن. تۇرغۇنجان مەمتىلىنى توختى بەگنىڭ بېغىنىڭ ئارقىسىدىكى قوغۇرغا تىكەنلىككە باشلاپ ئاپىرىپ، مىلتىقنى ئوقدان بىلەن كۆرسەتكەن. مەمتىلى كۆكبېشى مىلتىقنى قولىغا ئېلىپ، بەش تال ئوق سېلىپ، ئاندىن تەرىنى بۇزۇپ تۇرۇپ:
— ئالدىمغا كىرىپ ماڭ، سەن ئوغرىنى ئەدلىيىگە بېرىدىغان يەرگە ئاپىرىمەن، — دېگەن ۋە ئۇنى ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ ماڭغانچە، ساقچى ئىدارىسىنىڭ سەكپاچىدىكى شاللىقنى باقىدىغان جۇبەنجاڭنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ، مىلتىق بىلەن تۇرغۇنجاننى تاپشۇرۇپ بەرگەن. جۇبەنجاڭ تۇرغۇنجاننى تاپشۇرۇۋېلىپ، مەمتىلىنى ماختاپ ئۇچۇرغان. مەمتىلى خۇش بولۇپ قايتقاندىن كېيىن، جۇبەنجاڭ تۇرغۇنجاننى ئۆز مىلتىقىدا ئېتىپ تاشلاپ، ياش يىگىتنىڭ غۇنچىدەك ھاياتىنى نابۇت قىلغان، ئۆلۈكىنى شاللىقنىڭ ئېرىقىغا تاشلىۋەتكەن.

## 1945 - يىلىدىكى ماتەم كۈنلىرى

1945 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسى ئاقسۇ يېڭىشەھەردىن چېكىنىپ كونىشەھەر بىلەن يار تۆپىسىگە چىقىپ كەتكەندى. ئۇلار كېتىپ ئۈچ كۈنگىچە، ئاقسۇ يېڭىشەھەردىن كونىشەھەرگە كېلىدىغان يولدا گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. بۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇر خەلقى گومىنداڭ جاللاتلىرىنىڭ ئېتىپ ئوينايدىغان ئوبيېكتىپىغا ئايلىنىپ قالدى. يارنىڭ تۆپىسى دۆڭلەڭزىدىن ئارتىپ كونىشەھەر يەڭگى بويىدىكى كۆۋرۈككىچە يېتىپ كەتكەن ئۆلۈكلەرنىڭ ھەددى - ھېسابى يوق ئىدى. ئۆلگەن

ئۆلۈكنىڭ كۆپىنچىسى پىدائىي قىسىم (مىللىي ئارمىيە) جەڭچىلىرى ۋە سىرتتىن كەلگەن يولۇچىلار بولۇپ، گومىنداڭچىلار ئۇرۇش مەزگىلىدە ئۆز جېنىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ھەر تەرەپكە قېچىپ ماڭغانلار ئۇچراپ قالسىمۇ «تاغ ئوغرىلىرى» دەپ ئېتىۋېرەتتى. جەسەتلەر ئىتقا يەم بولۇپ تۈگەيتتى، سۆڭەكلىرى سايدا قالاتتى. ئىنسانپەرۋەر دىنىي ئالىم - ئۆلىمالىرىمىزدىن دانىش داموللام، ساۋۇر قارىئاخۇنۇم، نەمەت قارى، مەتىمىن قارىئاخۇنۇم، نىياز بەگ، قاسىم ھاجىم قاتارلىقلار مەسلىھەتلىشىپ، ئۆزلىرى ھازىدار بولۇپ، بۇ جەسەتلەرنى يىغىپ يۇيۇپ، نامىزىنى چۈشۈرۈپ، ئون كۈندە ئاران يەرلىكىگە قويۇپ بولدى.

بۇ جەسەتلەرنى كۆپچىلىكنىڭ يىغا - زارى بىلەن ئەپچىقىپ دەپنە قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان ۋە ئىلگىرى تۈرمىدىكى ئۇرۇق - تۇغقان، قوۋم - قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆلۈك - تىرىكىنى بىلەلمەي يۈرەكزادە بولۇپ كەتكەن كىشىلەر ئارقا - ئارقىدىن ئاقسۇغا كېلىپ ھازا تۇتتى. ھازىدار بولغۇچىلار كۈندىن كۈنگە كۆپىيىپ، توپ - توپ بولۇشۇپ ساقچى ئىدارىسىگە بېرىپ: 1945 - يىلى ساقچى ئىدارىسىنىڭ ساقچىلىرى تۇتۇپ كەتكەن ل. مۇتەللىپ، ئابدۇللا روزى، مۇنىرىدىن غوجا، بىلال ئەزىزى قاتارلىق ياش ئىنقىلابچىلارنىڭ جەسىتىنى قەيەرگە كۆمگەن؟ تېپىپ بەرسۇن، بىز ئۇلارنىڭ ماتەمىنى تۇتۇپ، قايتا كېپەنلەپ، نامىزىنى چۈشۈرۈپ، يەرلىكىدە قويىمىز، دەپ تۇرۇۋالدى. بۇنى كۆرۈپ، ساقچى ئىدارىسىنىڭ مەن - مەن دېگەن باشلىق ۋە ئوفىتسېرلىرىمۇ يۈندىغا چۈشكەن چاشقاندەك شۈمشىيىپ، مۆكۈۋېلىشتى. قاتتىق غەزەپكە كەلگەن خەلق تۈرمىنىڭ ئىچى-سىرتىنى كولاپ ئىزدىگەن بولسىمۇ، ئادەم كۆمۈلگەن جاينى تاپالمىدى. بۇنىڭغا خەلقنىڭ غەزىپى تېخىمۇ تېشىپ، ئوفىتسېر



ۋە ساقچىلارنى قاتتىق قىستاپ تۇرۇۋالغانىدى، ئەلەتتى سەت بىر خەنزۇ ساقچى: «45 - يىلى تۈرمىنى جۇ بەنجاڭ باققانتى، تۈرمىنىڭ ئاچقۇچى شۇنىڭدا، ھازىر ئۇ سەكپاچى شاللىقتا» دەپ جاۋاب بەردى. بۇنى ئاڭلاپ بىر ئادەم ئاتلىق سەكپاچىغا بېرىپ جۇبەنجاڭنى چاقىرىپ كەلدى. جۇبەنجاڭ شۇنچە كۆپ ئادەمنىڭ ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، قورققىنىدىن سارغىيىپ تىترەپ كەتتى. خەلق توپى ئىچىدىن ئىبراھىم خەلپىتىم ئالدىغا چىقىپ: «45 - يىلى دەرۋازا تاقىلىپ قېلىشتىن ئىلگىرى تۈرمىگە سولىنىپ مەخپىي ئۆلتۈرۈلگەنلەرنى قەيەرگە كۆمگەن؟ بۇ ئىشنى سەن بىلىسەن! سەن شۇ چاغدا تۈرمە باققۇچى ئىكەنسەن» دېگەنىدى. جۇبەنجاڭ كۆپچىلىكنى باشلاپ، تۈرمە دەرۋازىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى بىر چوشقا قوتىنىنى كۆرسەتتى. قوتاننىڭ ئالدى تەرىپى سېپىل، كەينى تەرىپى تۈرمىنىڭ خىش تېمى بولۇپ، ئۇلار ئۆلۈكلەرنى مۇشۇ ئارىلىققا كۆمۈپ، ئۇنىڭ ئۈستىنى چوشقا قوتىنى قىلغانىكەن. غەزەپلەنگەن خەلق قوتاننى بۇزۇپ، يەرنى ئىككى مېتىر چوڭقۇرلۇقتا كولىغانىدى، قولى باغلاقلىق، پۇتىغا ئىشكال سېلىنغان 50 ئادەمنىڭ ئۆلۈكى چىقتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ يۈرىكى ئويۇپ ئېلىنغان، بەزىلىرىنىڭ بېشى كېسىلگەن، كىملىكىنى تونۇغىلى بولمايتتى. شۇ ھامان دىنىي ئۆلىما، ئىنسانپەرۋەر ئاخۇنلىرىمىز ئورنىدا سەكرەپ چۈشۈپ، ناھەق ئۆلۈپ كەتكەن شېھىتلەرنى ئاۋايلاپ ئېلىپ، پاك زېمىنغا ياتقۇزدى. ئاندىن بۇلارنى بىر - بىرلەپ كېپەنلەپ، نامىزىنى چۈشۈرۈپ، بىرەر مىڭ ئادەم بىلەن قارىلىق تۇتۇپ، يەرلىكىدە قويدى. 1945 - يىلى ئاقسۇدا يۈز بەرگەن بۇ قانلىق قىرغىنچىلىق خەلقنىڭ ئېسىدىن ھەرگىز چىقمايدۇ.

بۇ ئەسلىمىنى يېزىشتا، ئوسمان مامۇت، قادىرۋۇ، قاسىم

كېرەم، ساۋۇت مۇسا، ئابلىمىت ساماق... قاتارلىق يولداشلار مېنى مانىرىيال بىلەن تەمىنلىدى؛ ئابدۇرىشىت سەمەت، ئابدۇرىشىت ئابدۇكېرىم قاتارلىق ياشلار رەتلەپ كۆچۈرۈش ئىشلىرىغا ياردەملەشتى. بۇ يولداشلارغا چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

(ئاپتورى: ئاقسۇ شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى



# شەرقىي - شىمالدىن تىيانشانغا ئېتىلگەن سەپەر

— شەرقىي - شىمال ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پىدائىيلار قوشۇنى كورسانتلار لېيەنىنىڭ ئۇرۇمچىگە كېلىش جەريانى

گۇمىڭلىڭ

## قايناپ تۇرغان ياشلىق دەۋر

ياپون ئىمپېرىيالىزمى ئۇزۇندىن بۇيان ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمال زېمىنىنى يۇتۇۋېلىش قەستىدە بولۇپ كەلگەنىدى. 1931 - يىلىدىكى «18 - سېنتەبىر» ۋەقەسىنىڭ ئالدىدا، ياپون ئىمپېرىيالىزمىنىڭ تاجاۋۇزچى كۈچلىرى شەرقىي - شىمالنىڭ ھەممە يېرىنى قاپلاپ كەتتى. ئۆز ۋاقتىدا شەرقىي - شىمالدىكى بەزى مىلىتارىست سىياسەتۋازلار ياپون ئىمپېرىيالىزمىنىڭ ئايىغىغا باش ئۇرۇپ، ۋەتەنگە، خەلققە ئاسىيلىق قىلغان بولسىمۇ، لېكىن شەرقىي - شىمال خەلقى، بولۇپمۇ ياش ئوقۇغۇچىلارنىڭ دۈشمەنگە بولغان غەزەپ - نەپرىتى بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقانىدى. 1929 - يىللىرى مېنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىم ئىدى. ياپون ئىمپې

رېئاللىزمى شەرقىي ـ شىمالغا قاراتقان تاجاۋۇزىنى جىددىيلەشتۈرۈپ، يوللارنى ياساپ، ھەدەپ «مانجۇ ـ موڭغۇل سىياسىتى»نى يولغا قويدى. ئۇلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى خاربىن ساقچى نازارىتىنىڭ باشلىقى سەي يۈنشىڭ بىلەن تۈزگەن، ۋەتەننىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىدىغان مەخپىي شەرتنامىسى خاربىن ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىنى قوزغاپ، ئۇن مىڭدەك ئوقۇغۇچى داۋ ۋە شۈي يولىدىكى مەيداندا ھەيۋەتلىك ئەيىبلەش يىغىنى ئاچتى. ياشلار مىللىي مۇستەقىللىقنى، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن، خەلقنى ۋەتەن ساتقۇچ خائىنلارنى يوقىتىپ، ۋەتەننى مۇنقەرز قىلىدىغان بۇنداق نومۇسسىز شەرتنامىگە قارشى تۇرۇشقا چاقىردى. يىغىندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلار سەپ بولۇپ تىزىلىپ نامايىش قىلدى. نامايىش قوشۇنىنىڭ بېشى جىڭيالڭ كوچىسىغا يېتىپ بارغاندا، ساقچىلار بىلەن توقۇنۇش يۈز بېرىپ، ئوقۇغۇچىلار ۋەكىلىدىن بىرمۇنچە كىشى تۇتۇپ كېتىلدى. نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار تاياق يەپ، باش - كۆزى قانغا بويالدى. قىز ئوقۇغۇچىلار چوڭقۇر ئۆستەڭگە قىستاپ چۈشۈرۈلۈپ، نۇرغۇنى يارىدار بولدى. لېكىن، ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقى پەلەككە يەتكەن ياش ئوقۇغۇچىلار بۇنىڭ بىلەن ئارقىغا چېكىنمىدى، نامايىشچىلار قوشۇنى ھەيۋەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، داۋلىي كوچىسىنى قاراپ كېتىۋەردى.

ئەينى ۋاقىتتا، خاربىننىڭ بۇ داۋلىي كوچىسى ياپونىيە مۇھاجىرلىرى ئولتۇراقلاشقان جاي، شۇنداقلا ياپونىيىنىڭ سودا مەركىزى ئىدى، نامايىشچىلار بۇ يەردىن «ياپون ئىمپېرىيالىزمىنى يوقىتايلى» دەپ ئۈنلۈك شوئار توۋلاپ ئۆتۈشتى. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا تۇرغان ياپونلۇقلار ئۆچمەنلىك بىلەن تىللاشتى. خاربىن شەھىرى ئالاھىدە رايون 1 - ئوتتۇرا مەكتىپى (يەنى گۇاڭيى ئوتتۇرا مەكتىپى) شۇشۇي داۋجې كوچىسىغا



يېقىن ئىدى. بۇ مەكتەپتە ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىلاتتى، ئوقۇتقۇچىلىقنى 18 - لۈيدىن تەكلىپ قىلىنغان جۇلىڭيۈن ئۈستىگە ئالغانىدى، مەكتەپتىن ئوقۇغۇچىلارغا ئوخشاش قىلىپ، يوللۇق كۆك رەختتىن تىكىلگەن، ئاق تۈگمە قادالغان مەكتەپ پورمىسى تارقىتىپ بېرىلگەنىدى، ئوقۇغۇچىلار بىردەك، بېلىنى رىمەن بىلەن باغلاپ، بېشىغا ھەربىي شەپكە كىيىپ يۈرۈشەتتى. ياپونىيە مۇھاجىرلىرى بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى تونۇيتتى، شۇڭا، ياپون باسقۇنچىلىرى خاربىننى بېسىۋالغاندا، بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى دەھشەتلىك تۈردە ئۆچ ئېلىشقا ئۇچرىدى ۋە مەكتەپ ياپون ژاندارمېرىيىسىنىڭ قوماندانلىق شتابى قىلىندى. بۇ مەكتەپنىڭ خاربىندىن چىقىپ كېتەلمىگەن ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھەممىسى ياپونىيە ژاندارمىسى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

شەرقىي ـ شىمالدىكى ئۈچ ئۆلكە كەينى كەينىدىن قولدىن كەتكەندىن كېيىن، قول بولۇشنى خالىمىغان شەرقىي ـ شىمالدىكى ئارمىيە ۋە خەلق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى جەڭگە ئاتلاندى. خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ باشلىقى ماجەنسەن كەڭ ۋەتەنپەرۋەر ئامىمىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، ياپون ـ باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇغنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قان كېچىپ جەڭ قىلدى. بولۇپمۇ خەيلۇن ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى زور تۈركۈمدىكى ياش ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى سەپكە ئاتلىنىشىغا ئىلھام بولدى.

## كۇرسانتلار لېنى قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە

خەيلۇن جېڭىنىڭ غەلىبىسىدىن كېيىن، كومپارتىيە ئەزالىرىدىن دۇڭ جېڭگۇەن، چېڭ پېيفۇ، سۇن جىڭياڭ قاتارلىق يولـ

داشلار مەخپىي ھالدا خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ خۇلۇنبىر (يەنى خەيلار) دېگەن يېرىگە بېرىپ، گارنىزون قوماندانى قوشۇمچە خاربىن - مانجۇرىيە تۆمۈر يولى مۇھاپىزەتچى ئارمىيىسى 2 - لۈيىنىڭ قوماندانى سۇبىڭۇدىن بىلەن كۆرۈشتى. سۇبىڭۇدىن دۇڭ جىڭۇىنىڭ ئوقۇغۇچىلارنى تەشكىللەپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قوشۇنغا قاتناشتۇرۇش ھەققىدىكى تەلىپىنى قوبۇل قىلدى. دۇڭ جىڭۇن، چېڭ پېيفۇ، سۇن جىڭياڭلار جىلىن ئۆلكىسىنىڭ نىڭئەن، مۇلىڭ ناھىيىلىرى ۋە خاربىن شەھىرى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئالاقە ئورنىتىش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان جايلاردىكى ئوقۇغۇچىلار بەس - بەس بىلەن بوكتو، خەيلارغا كېلىپ ئۆزىنى تىزىمغا ئالدۇردى. سۇبىڭۇدىن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈچنى تولۇقلاش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئايانچ بازىلارنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلارنى تەشكىللەپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى ۋە بۇ ئىككى جايغا يىغىلغان 300 ئوقۇغۇچىنى ئىككى دۈي قىلىپ تەشكىللىدى. خەيلار قوماندانلىق شتابى جايلاشقان يەر بولغاچقا، بۇ يەردىكى ئوقۇغۇچىلارنى 1 - تەشۋىقات دۈيى، بوكتودىكى ئوقۇغۇچىلارنى 2 - تەشۋىقات دۈيى قىلىپ ئۇيۇشتۇردى. بۇ ئوقۇغۇچىلار جاي - جايلاردىن كەلگەچكە، كىيىملىرىمۇ خىلمۇ خىل ئىدى، ئۇلار گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ، كوچىلاردا ۋە يېقىن ئەتراپتىكى ناھىيىلەردە تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى. ئوقۇغۇچىلار تەشۋىقات دۈيىنىڭ خىزمىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن، 1932 - يىل ئەتىيازدا بۇ ئىككى جايدىكى تەشۋىقات دۈيى ئوقۇغۇچىلار دۈيىگە ئۆزگەرتىلىپ، ھەربىي پورما تارقىتىلىپ، ئۇنىڭغا «كۇرسانتلار لىيەنى» دەپ نام بېرىلىپ، ھەربىي



تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىلدى. مەشقنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئاساسىي مەشقتىن باشلاپ تەدرىجىي ھالدا بەن، پەي، لىيەن، يىڭ، تۇەن بويىچە مەشق ئېلىپ بېرىلدى. قارىغا ئېتىش، پىيادە ئەسكەرلەر بىلىمى، فوتوگرافىيە قاتارلىق ئالتە خىل دەرس ئۆتۈلدى. ئىككى جايدىكى ئوقۇغۇچىلار ئىككى ئوقۇغۇچىلار لىيەنى قىلىپ ئايرىلدى، ئەسلىدىكى خەيلار ئوقۇغۇچىلار لىيەنىگە 2 - لۈي سەنمۇ باشقارمىسىنىڭ سەنمۇسى شۈي پىڭنەن لىيەنجاڭ بولدى. لىيەن ئۈچ شۆبە دۈيگە، ھەربىر شۆبە دۈي يەنە ئۈچ بەنگە ئايرىلىپ، ھەربىر بەننىڭ شتاتىدا 10 دىن 12 گىچە ئادەم بار ئىدى، ئاشپەز، كانايچى قاتارلىقلارنى قوشقاندا، لىيەندە 120 دەك ئادەم بار ئىدى. 1 - شۆبە دۈينىڭ باشلىقى گۇەن ياۋدۇڭ، 2 - شۆبە دۈينىڭ باشلىقى خورۇڭچاڭ، 3 - شۆبە دۈينىڭ باشلىقى چېڭ يۈيشۇ ئىدى. 1932 - يىلى يازدا، بىر قىسىم كۇرسانتلار كەينى - كەينىدىن ئالدىنقى سەپكە يۆتكىلىپ، قىسىمنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك كوماندىرلىقىغا تولۇقلىنىپ جەڭگە قاتناشتۇرۇلدى. بۇ چاغدا ئارمىيىمىز خېيلۇڭجياڭ كۆۋرۈكى بويىدا دۈشمەن بىلەن تىركىشىپ، قاتتىق جەڭ قىلىۋاتاتتى. جۇجياكەن ئۇرۇشىدا ئارمىيىمىز ناچار قوراللار بىلەن دۈشمەننىڭ خىل قوراللىرىغا تاقابىل تۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىي بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى باتۇرلارچە جەڭ قىلدى، نۇرغۇن جەڭچىلەر قۇربان بولدى. مەسىلەن، بىرىنچى تۇەننىڭ بايراقچىلار باشلىقى خەن ۋېنجۇ تۆت بايراقچىنى باشلاپ بايراقنى دۈشمەن سېپىلىغا قاداۋاتقاندا، كۆكرىكىگە تۆت پاي ئوق تەگكەن ئەھۋالدىمۇ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىگەنىدى. بۇنداق ئۆلۈمگە پىسەنت قىلمايدىغان شانلىق ئوبرازلار كىشىلەر قەلبىدە مەڭگۈ ساقلانغۇسى.

ھەربىي ئىشلار نەزەرىيىسى، ستراتېگىيە، تاكتىكا ئۆگىنىشى ۋە ئەمەلىيەتكە تەدبىقلاشنى ياخشى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، كورسانتلار لىيەنى 1932 - يىل 7 - ئايدا تەربىيەلەش سىنىپىغا ئۆزگەرتىلىپ، ئۆگىنىشنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى، يەنە، تۆۋەن دەرىجىلىك كادىرلارنى تەربىيىلەشنى داۋاملاشتۇردى. كۇرسانتلار تولۇپ - تاشقان ئىشەنچ بىلەن، ھېرىپ - چارچاشتىن قورقماي، دۈشمەننى يوقىتىش ماھارىتىنى ئۆگەندى. پايانسىز كەتكەن خۇلۇنبېرىيايلىقىدا كورسانتلار جىددىي ئۆگىنىش ۋە مەشقلەرنى ئېلىپ باردى. ئۇلار ئەتىگەندىن كەچكىچە تىنىم تاپماي ئۆگەندى، يايلاق ۋە ئورمانلىقلاردا مەشىق قىلدى، جەڭگە قوماندانلىق قىلىش تاكتىكىلىرنى ئۆزلەشتۈردى. ئۇلار مەشققە چىقىش ۋە مەشىقتىن قايتىش ۋاقتىدا سەپ بولۇپ كېتىۋېتىپ، مۇنداق ناخشا ئېيتىپ ماڭاتتى:

كۈن پاتقاندا قايتىمىز يۈرۈشتىن بىز،
سەپ - سەپ بولۇپ ناخشا ئېيتىپ چىغىر يولدا.
قولىمىزدا مىلتىق - قىلىچ، كۆكتە تۇغلار يەلپۈنەر.
ھەيۋەتلىك مارش جاراڭلايدۇ كەڭ دالىدا.

يول بويىدا ئۇزىتار دائىم بىزنى چوڭ كىچىك،
قۇربان بولساق رازىمىز، قايتمايمىز بىز ئارقىغا.
ئەزىمەتلەر قورقماس ئۆلۈمدىن يا جاپادىن،
باش كەتسە رازىمىزكى، تىز پۈكمەيمىز ۋەھشىي دۈشمەنگە.

ھايات - ماماتلىق بۇ جەڭدە كەلدى ھەممە غەزەپكە،
مەردانىلەر ئاتلاندى ياۋغا قارشى ھەر سەپتە.



ئەمدى بىزنى توسالماس ھەرقانداق خېيىم - خەتەر،
توختىماستىن ئىلگىرىلەيمىز شوئارىمىز: باس ئالغا!.

ئۇنىڭدىن باشقا يۆفىيىنىڭ «مەنجىياڭخۇڭ» دېگەن ناخشىسىنىمۇ ئېيتاتتى. بەزىدە، كومپارتىيە ئەزاسى يولداش دۇڭ جىڭۋېننىڭ دېرىژورلۇقىدا «ئىنتېرناتسىئونال» ناخشىسىنىمۇ خۇپپىيانە ئېيتىشاتتى. تەربىيىلەش سىنىپىدىكى ساۋاقداشلار ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىپ، دۆلەت ۋە مىللەت ئۈچۈن، مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھەر ۋاقىت قۇربان بېرىشكە تەييارلىق كۆرۈپ قويۇشقانىدى.

1931 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا خاربىن، چىچىخارلار كەينى - كەينىدىن قولدىن كەتتى، ياپون باسقۇنچىلىرى چىچىخاردىن مانجۇرىيىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئاساسىي شەھەر ۋە ئايرودروملاردا ئاز ساندىكى خەلقئارا ساقچىلارنى تۇرغۇزۇپ، شۇ جايلاردا تۇرۇۋاتقان قوشۇنلارنىڭ ھەرىكىتىنى نازارەت قىلدى. ماجەنشەن ياپون باسقۇنچىلىرى بىلەن چىچىخار يېنىدا قاتتىق ئېلىشقاچقا، جايلاردىكى ياپون قوشۇنلىرى غەربتىكى ئىشلارغا چولىسى تەگمەي، تۇرغان جايىدىن ۋاقىتنچە قوزغىلالمىدى. بۇنىڭ بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قوشۇنىمىز پۇرسەت كەلگەندە دەرھال قوزغىلىپ، دۈشمەننى يوقىتىشقا ئوبدان تەييارلىق قىلىشۋالدى. 1932 - يىل 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى تاڭ سەھەردە، 2 - لۈي چىچىخاردىن مانجۇرىيىگىچە بولغان 700 كىلومېتىر ئارىلىقتىكى ياپونىيە قوشۇنلىرىنى يوقىتىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئارقا سەپتىكى بىر يوشۇرۇن ئاپەتنى تۈگەتتى، ئارمىيىمىزنىڭ ئارقا سەپ ئالاقە يولىنى راۋانلاشتۇردى. مانجۇرىيە رايونىدىكى 2 - لۈي ياپونىيىنىڭ ئەلچىخانىسىنى مۇھاپىزەت قىلىشۋاتقان

قوشۇن بىلەن قاتتىق جەڭ قىلدى. ئارمىيىمىز مىنامىيوت بىلەن ئەلچىخانىنى توپقا تۇتتى، ياپون قوشۇنى تەسلىم بولدى.

دەل شۇ كۈنى چوڭ تىپتىكى بىر يولۇچىلار ئايروپىلانى ئۈلكە مەركىزىدىن ئۇچۇپ كەلدى. ئۇ ئەسلىدە خەيلارغا قونماقچى ئىكەن، لېكىن بۇ چاغدا ئايرودروم بىز تەرەپتىن ئىشغال قىلىنىپ بولغان ھەمدە ئايرودرومنى مۇھاپىزەت قىلىۋاتقان خەلقئارا ساقچى قوشۇنى بىز تەرەپتىن يوقىتىلىپ، جەڭچىلىرىمىز ئولجا ئالغان ياپون ئەسكەرلىرىنىڭ كىيىمىنى كىيىۋېلىشقانىدى. ئايروپىلان ئايرودروم ئۈستىدە بىر دەم ئايلانغاندىن كېيىن، ئورۇنلاشتۇرۇلغان قونۇش بەلگىسىدە خاتالىق بارلىقىنى سېزىپ قېلىپ، قونۇشقا جۈرئەت قىلالماي، مانجۇرىيە تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپ كەتتى. مانجۇرىيە ئايرودرومىدىمۇ ئەھۋالنىڭ باشقىچە ئىكەنلىكىنى بايقاپ ھەم ياپونىيە ئەلچىخانىسىنىڭ ھۇجۇمغا ئۇچرىغانلىقىنى كۆرۈپ، تۇمشۇقىنى بۇراپ شەرققە قاراپ ئۇچۇپ، جوجىياكەنگە يېتىپ كەلگەندە، مېيى تۈگەپ يەرگە قونۇشقا مەجبۇر بولدى، ئايروپىلان ۋە ئايروپىلاندىكى ئادەملەر بىز تەرەپتىن ئەسىر ئېلىندى. بۇ ئايروپىلان پويىز بىلەن خەيلار ئايرودرومىغا يۆتكەپ ئېلىپ بېرىلىپ، كورسانتلار لىيەنىمىزنىڭ مۇھاپىزەت قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى. يولداشلار ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇشۇپ، بىر رۇس لېيۇتچىكىنى ياللاپ، ئايروپىلاننى ھەيدەتكۈزۈپ كۆردى، لېكىن قونىدىغان چاغدا ئايروپىلاننىڭ چاقى كاردىن چىقتى. 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، ياپون ئالۋاستىلىرىنىڭ تۆت بومباردىمانچى ئايروپىلانى خەيلار تۆمۈر كۆۋرۈكى ۋە ئۇن زاۋۇتىنى بومباردىمان قىلدى ۋە ھېلىقى ئايروپىلانىمىزنىمۇ پاچاقلاپ تاشلىدى.

1931 - يىل 12 - ئاينىڭ بېشىدا، خېيلۇڭجياڭ دەرياسى بويىدا جەڭ قىزىپ كەتتى. غەلىبە قىلىشىمىزمۇ، مەغلۇپ



بولۇشىمۇ بولۇپ تۇردى. دۈشمەن بىزگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، يېڭى قوراللار بىلەن قوراللانغان ئىككى، ئۈچ يۈز كىشىلىك قوشۇنىنى ئىشقا سېلىپ، يىراقتىن ئايلىنىپ كەنجىرگە كېلىپ، ئارمىيىمىزنىڭ ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق شتابى جايلاشقان زالەنتۇنغا يوشۇرۇن ھۇجۇم قىلدى. زالەنتۇن تۆت ئەتراپى تاغ بىلەن ئورالغان، ئوتتۇرىسى جىلغا جاي ئىدى. تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن دۈشمەن تۆت ئەتراپتىكى تاغنىڭ ھەممىسىنى ئىشغال قىلىپ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىتىپ بىزنى ئوققا تۇتۇشقا باشلىدى. قوشۇنىمىز ئەھۋالنى ئاڭقىرالماي، تېرىپپىرەن بولۇپ، چېكىنىشكە باشلىدى. زالەنتۇن قولدىن كەتتى، ئالدىنقى سەپ ئاساسىي قوشۇنىمىز بىلەن بولغان ئالاقىمىزمۇ ئۈزۈلۈپ قېلىپ، ئارقىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدۇق. بۇ دەل قەھرىتان سوغۇق كۈنلەر بولۇپ، تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن 40 گىرادۇسقا چۈشكەنىدى. ھەممە يەرنى قار، مۇز قاپلىغان، جەڭچىلەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى يېلىڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە دۈشمەن كەينىمىزدىن قوغلاپ كېلىپ، تۆمۈر يول كۆۋرۈكلىرىنى ئۈزۈپ تاشلىۋاتاتتى، قوشۇنىمىز يەككە - يېگانە، ياردەم، ئاشلىق، قورال - ياراق تەمىناتلىرىدىن ئۈزۈلۈپ قالغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدى. تۆمۈر يول بويىدا ئولتۇراقلاشقان خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىنىشىغا ئۇچرىماسلىقى ئۈچۈن، قوشۇنىمىز ئامالسىز غەربكە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى.

1932 - يىل 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، تەربىيىلەش سىنىپىنىڭ بارلىق ئوقۇغۇچىلىرى قوماندانلىق شتابىغا ئەگىشىپ مانجۇرىيىگە قاراپ چېكىندى. ۋوگزالدا نەچچە مىڭ ئادەم ئالاقزادىلىك، ئەندىشە ئىچىدە بۇيرۇق كۈتۈۋاتاتتى.

## شەرقىي شىمالدىن ئايرىلىش

12 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن باشلاپ، ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى، ئوق - دورا، ئاشلىق قاچىلانغان پويىزلار كەينى - كەينىدىن چېگرىغا قاراپ يول ئالدى. بۇ پويىزلار 18 چاقىرىم جايدىكى كىچىك بېكەت ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەلىكىگە كىرىپ كېتىۋاتاتتى. تەربىيىلەش سىنىپىدىكى بارلىق يولداشلار تولۇق قوراللانغان ھالدا سەپ - سەپ بولۇپ، پىيادە چېگرىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار پاختىلىق كىيىم، پىيما كىيىۋېلىشقانىدى. گەرچە تېمپېراتۇرا 40 گىرادۇستىن تۆۋەن بولسىمۇ، تىزغا كېلىدىغان قېلىن قارنى كېچىپ كېتىۋاتقاچقا، ھەممىسى قارا تەرگە چۆمگەنىدى. ئۇلار ئۈن - تىنسىز كېتىۋېتىشسىمۇ، قەلبىدە دۈشمەنگە غەزەپ - نەپرەت، ۋەتەنگە چوڭقۇر مۇھەببەت، ۋەتەن تۇپرىقىدىن ئايرىلىشقا قىيماسلىق ھېسسىياتى تولۇپ-تاشقانىدى. بەزىسىنىڭ يۈزىدىن ئېقىۋاتقان تەر تامچىلىرى ئىختىيارسىز ھالدا كۆزىدىن ئېقىۋاتقان ياشقا قوشۇلۇپ ئاقماقتا ئىدى. مۇنۇ مىسرالار ئۇلارنىڭ شۇ چاغدىكى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيتتى:

باستى تۇمان شەرقىي شىمال ئاسمىنىنى،
قانغا بويالدى ئانا تۇپراق، تاغۇ دەريا.
قالدى ۋەتەن ئوت ئىچىدە، زۇلمەتتە،
ئوغلانلىرى تولدى كۆچكە، غەزەپكە.

جۇڭخۇا ئوغلانلىرى مانا شۇنداق ھېسسىيات بىلەن، سوۋېت ئىتتىپاقى تۇپرىقىغا قەدەم قويدى. سوۋېت چېگرىسى



ئىچىدە، سوۋېت تەرەپنىڭ پىيادە، ئاتلىق، توپچى، بىرونېۋىك قىسىملىرى تولۇق قوراللانغان ھالدا قاتار تىزىلىپ تۇرۇشقانىكەن. بىز تەرتىپ بىلەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يول بىلەن 100 مېتىردەك مېڭىپ، بارلىق قورال - ياراق ۋە ھەربىي ئەشيالىرىمىزنى يەرگە قويۇپ كەينىمىزگە قايتتۇق. بۇ نەرسىلەرنى سوۋېت چېگرا ئارمىيىسىنىڭ ئاپتوموبىللىرى قاچىلاپ ئېلىپ كەتتى. بىزنى چېگرىدىن 500 مېتىر ئىچكىرىدىكى ياغاچتىن ياسالغان ئۆيلەرگە ئورۇنلاشتۇردى ۋە شۇكۈنلا بىزگە بولكا، كاپوستا شورپىسى تارقىتىپ بەردى. كېچىسى تام مەش ئەتراپىغا ئولۇشۇپ، ئىسسىنىپ ئولتۇرۇپ تاڭ ئاتقۇزدۇق. ئەتىسى سەھەردە ئەتىگەنلىك تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن، بىر يۈك پويىزىغا ئولتۇرۇپ، سوۋېت تۇپرىقىغا بارغانسېرى ئىچكىرىلەپ يۈرۈپ كەتتۇق. تەخمىنەن سائەت 12 لەردە «مارتىز» دېگەن بىر كىچىك بېكەتكە يېتىپ كەلدۇق. قوماندان سۇ بىڭۋۇ نەچچە مىڭ كىشىلىك يىغىن ئېچىپ، بارلىق جەڭچىلەردىن ھەربىي ئىنتىزامغا قاتتىق رىئايە قىلىش، دۆلەتنىڭ ئابرويىنى ساقلاشنى تەلەپ قىلدى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدا قېلىپ ئوقۇشنى خالايدىغان ياشلار يىغىندىن كېيىن تىزىملىغا ئالدۇرسا، سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرىلىرىنىڭ ئۇلارنى موسكۋاغا ئېلىپ بېرىپ ئوقۇتىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. تەربىيىلەش سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپى تىزىملىغا ئالدۇردى. يىغىندىن كېيىن بىر قىسىم ساۋاقداشلار باشقا ۋاگونغا چۈشۈرۈلۈپ، ئىركۇتسكىغا بارغاندا ئايرىلىپ ماڭماقچى بولدى.

قاپقاراڭغۇ ۋاگوندا پويىز چاقىنىڭ ئاۋازىدىن باشقا ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن ئاپئاق قار قاپلىغان پايانسىز سىبىرىيە دالاسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. پويىز چوڭ بېكەتلەردە توختىماي، كىچىك بېكەتلەردە توخ-

تايتتى. شۇنداق چاغلاردا يەرگە چۈشۈپ ھاجەت قىلىۋالاتتۇق ۋە يېمەكلىك تارقىتاتتى. ۋاگوندا ئوت قالاشقا رۇخسەت قىلىنمايتتى. ھاۋا سوغۇق، قورساق ئاچ، سەپىرىمىز جاپالىق ئىدى. نەچچە كېچە - كۈندۈز شۇنداق يول يۈرۈپ، تاغ - دەريا، كۆل ۋە باغۇ - بوستانلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئاۋات ئىركۇتسكىغا يېتىپ كەلدۇق. ئەسلىدە سوۋېتتە قېلىپ ئوقۇشقا تىزىمغا ئالدۇرغان ساۋاقداشلارنىڭ كۆپچىلىكى بۇ يەرگە كەلگەندە، تېزرەك ۋەتەنگە قايتىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى جەڭ قىلىش ئىستىكىنىڭ تۈرتكىسىدە، ئەسلىدىكى ئارزۇسىدىن يالتىيىپ، ۋەتەنگە قايتىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى جەڭگە قاتنىشىش تەلىپىنى بىلدۈردى. ئايرىم ساۋاقداشلار، مەسىلەن: چېڭ سىنفۇ، سۇن يۈيجىن قاتارلىقلار ئىركۇتسكىدا بىزدىن ئايرىلىپ موسكۋاغا كەتتى. پويىز ئىركۇتسكىدا بىرقانچە سائەت توختىغاندىن كېيىن، ئىككى كۈن يول يۈرۈپ، يېرىم كېچىدە دومىسكى شەھىرىگە يېتىپ كەلدى.

## يات ئەلدىكى سەپەر خاتىرىسى

كۆكتە يۇلتۇزلار چاقناپ تۇرغان، شىۋىرغان سوغۇق جاندىن ئۆتىدىغان بىر قەھرىتان سوغۇق كېچىسى گازارمىمىزغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ گازارمىدا ياغاچتىن ياسالغان ئون نەچچە كورپۇس ئۆي بار بولۇپ، ھەربىر كورپۇسقا ئىككى - ئۈچ يۈز ئادەم سىغاتتى. ئۈچ قەۋەت كارىۋات قويۇلغان ياتاقلار يىڭ، ليەنلەر بويىچە تەقسىم قىلىندى. تاختايدىن ياسالغان قاشا تام ئۈستىگە تىكەنلىك سىم ئورنىتىلغانىدى، ئەتراپتا سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى قاراۋۇللۇق قىلاتتى.

ھەر كۈنى ئۈچ ۋاق تاماق بېرىلەتتى. بۇ ۋاقىت



سوۋېت ئىتتىپاقى غەلىبىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەت يۈرگۈزۈۋاتقان مەزگىل بولغاچقا، قىيىنچىلىقى بىر قەدەر كۆپ ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىغا كىرگەن بىزنىڭ بۇ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئارمىيىمىز ئۇ يەردە خەلقئارا قانۇن بويىچە پاناھلانغاچقا، دۆلەت سوۋېت تەرەپكە تاشقى پىرنۇوت تۆلەيتتى. كۈندىلىك ئۈچ ۋاق تاماقتا سەككىز سەر بولكا، بىر چىنە كاپۇستا شورپىسى (سۇيى كۆپ، سېيى ئاز)، بىر پارچە كالا گۆشى، بىر چاقماق قەنت، بىر سىلىم چاي بېرىلەتتى. بۇ بىز ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى تەمىنات ئىدى. دەسلەپكى كۈنلەردە جەڭچىلەرنىڭ ئۆزلىرى ئالغاچ كەلگەن ئوزۇقلۇقلىرىمۇ بولغاچقا، تويمىغاندا شۇنىڭ بىلەن جاھاندارچىلىق قىلىپ تۇردى. لېكىن بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ئوزۇقلۇق يېتىشمەي، قورساق تويماي، جەڭچىلەر جىسمانىي جەھەتتىن ئاجىزلىشىپ ماغدۇرىدىن كېتىپ، چىرايلىرى سارغىيىپ، كارىۋاتتا يېتىپ قېلىشقا باشلىدى. بىرقىسىم يولداشلار ئەمگەككە قاتنىشىش چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، تاققا چىقىپ، يەرلىك ئىشچىلارغا ياردەملىشىپ دەرەخ كەستى. بۇنىڭدىن مەقسەت كۈندە بىر قېتىم بولسىمۇ تويغۇدەك تاماق يېيىش ئۈچۈن ئىدى. شۇنداقتىمۇ كۆپىنچە ھاللاردا يېرىم ئاچ، يېرىم توق يۈرۈپ، ئوزۇقلۇق ئىزدەشكە توغرا كەلەتتى. لېكىن، پۈتۈن يەر - جاھاننى قېلىن قار - مۇز قاپلىغان بۇنداق قەھرىتان سوغۇق كۈنلەردە، ئوزۇقلۇق تېپىش نەدىمۇ ئۇنداق ئاسان بولسۇن؟ ئاخىرىدا، توپا ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغان قىشلىق سەي قالدۇقلىرىمۇ ئۇزۇنغا قالماي تېپىلماس بولۇپ كەتتى. خولۇبىردىن دومىسكىغا كېلىپ نەچچە ئايدىن بۇيان ھېچكىم يۇيۇنالمىغان، چېچىنى ئالغۇزالمىغان بولغاچقا، ھەممەيلەننى پىت بېسىپ كەتكەنىدى. يۇيۇنۇۋېلىش مەسىلىسىنى

ھەل قىلىش ئۈچۈن، جەڭچىلەر ئىككى ئېغىز ياغاچ ئۆينى مۇنچا
قىلىپ، بىرىدە گۈڭگۈرتنىڭ ھورى بىلەن كېيىم - كېچەك،
جۇۋىلىرىدىكى پىتلارنى تازىلىسا، يەنە بىرىنى ھورمۇنچا قىـ
لىپ يۇيۇندى. ھەر قېتىمدا يىگىرمىدەك ئادەم يۇيۇنالايتتى.
مىڭدەك ئادەم ئاساسەن بىر قېتىمدىن يۇيۇنۇپ بولغاندا، مۇنـ
چىغا قارايدىغانلارنىڭ بىخەستەلىكىدىن، كېيىم تازىلايدىغان
ئۆينىڭ تېمپېراتۇرىسى بەك يۇقىرى بولۇپ كېتىپ، ئوت كېـ
تىپ، يۇيۇنۇۋاتقانلار قېچىپ چىقىشقا ئاران ئۈلگۈرەلىدى، لېـ
كىن، ئۇلارنىڭ كىيىملىرى ۋە مۇنچا كۆيۈپ كەتتى. بۇنىڭدىن
بىزنىڭ بۇ ئۈچ يېرىم ئاي ۋاقىتنى قانداق تەسلىكتە ئۆتكۈزـ
گەنلىكىمىزنى كۆرۈۋېلىش تەس بولمىسا كېرەك.

باھار بايرىمى كېچىسى جەڭچىلەر بىر كونا چاپانغا بىر
ياۋا توشقاننى تېگىشىپ كېلىپ، شورپا قىلىپ، بىرانىدى ھاـ
رىقى بىلەن 1933 - يىلىنىڭ باھارىنى كۈتۈۋالدى. جەڭچىلەر
ۋەتەنگە قايتىدىغان كۈننى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈشمەكتە ئىدى.

مۇساپىر بولۇپ چەت ئەلدە،
غېرىبلىق يەتتى ھەر كىمگە.
قالدى ۋەتەن تۆمۈر تاپان ئاستىدا،
قانداق چىدىغاي ئوغلانلىرى بۇ ئازابقا.

مۇشۇنداق تەقەززالىقتا يەنە خېلى كۈنلەر ئۆتكەندىن كېيىن،
تاغقا دەرەخ كېسىشكە چىقىپ كەتكەنلەرمۇ كەينى - كەينىدىن
قايتىپ كېلىشكە باشلىدى. بىر كۈنى شەھەردىن ياپون
باسقۇنچىلىرىغا قارشى قوشۇننىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كومانـ
دىرى كېلىپ، ۋەتەنگە قايتىش ئورۇنلاشتۇرۇشىنى تۆۋەندىكىچە
ئۇقتۇردى: (1) يۇقىرى دەرىجىلىك كوماندىرلار



ياۋروپا ئارقىلىق ۋەتەنگە قايتىدۇ؛ (2) خوتۇن - بالىلار
سىبىرىيە ئارقىلىق تيەنجىنگە قايتىدۇ؛ (3) ھەر قايسى
قىسىملار تۈركۈم بويىچە قازاقىستان ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ
چۆچەك شەھىرىگە بارىدۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن
يولداشلار خۇشاللىقىدا ئاچلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قېلىپ، ئەتىنى
كۈتۈشكە باشلىدى. ئەتىسى كەچ سائەت ئونلاردا تەلىم -
تەربىيە سېپىدىكى 100 دەك جەڭچى بىرىنچى بولۇپ
دومىسكىدىن پويىزغا ئولتۇرۇپ، ئىككى كۈن يول يۈرگەندىن
كېيىن، ئاياگوس ۋوگزالىغا يېتىپ كەلدۇق. پويىزدىن چۈشۈپ
ئازراق دەم ئالغاندىن كېيىن، سوۋېت تەرەپ تەييارلاپ
قويغان تۆت ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ، لەپىلدەپ يېغىۋاتقان
قاردا يولغا چىقتۇق. ئاپتوموبىلغا چىقىدىغان چاغدا ھەر بىر
كىشىگە تۆت كۈنلۈك ئوزۇقلۇق بىراقلا تارقىتىپ بېرىلدى.
لېكىن ئېچىرقاپ كەتكەن بۇ كىشىلەر بولكىنى كۆرگەندە كۆزىگە
ھېچ نەرسە كۆرۈنمەي، بىر قېتىمدىلا ھەممىنى يەپ تۈگەتتى.

قارلىق دالىدا ئاپتوموبىل ناھايىتى تەستە ئىلگىرىلەـ
ۋاتاتتى، ھەربىر كىلومېتىر ماڭغىچە 4 — 5 قېتىم بۇزۇلاتتى،
بەزىدە قارغا پېتىپ قالغاندا ئادەملەر ئاپتوموبىلدىن چۈشۈپ
ئىتتىرىشكە توغرا كېلەتتى، ئورۇقلاپ بىر تېرە بىر ئۇستىخان
بولۇپ قالغان بۇ ئادەملەرنىڭ ئاپتوموبىلنى ئىتتىرىپ بولغانـ
دىن كېيىن ئاپتوموبىلغا چىققۇدەك مادارى قالمايتتى. يولنى
قېلىن قار بېسىپ كەتكەچكە، ئادەملەر پىيادە، ئاپتوموبىل
قۇرۇق ماڭدى. سەپنىڭ بېشىدا سوۋېت تەرەپنىڭ يول
باشلىغۇچىسى يول باشلاپ كېتىۋاتاتتى. پايانسىز قارلىق
دالىدا ھالىدىن كەتكەن ئادەملەر ھەر بىر قەدەمنى ناھايىتى
تەسلىكتە بېسىپ ئىلگىرىلەيتتى. بۇ پايانسىز قارلىق دالىدا
ئىلگىرىلىگۈدەك مادارى قالمىغان قانچىلىغان كىشىلەرنىڭ

گەۋدىسى قېلىن قار ئاستىدا مەڭگۈلۈك كۆمۈلۈپ قالغاندۇ، ھە!

30 چاقىرىمدەك يول يۈرگەندىن كېيىن، كېچە سائەت 12 لەردە بىر كىچىك ئۆتەڭگە يېتىپ كەلدۇق. بۇ ئۆتەڭدە ئىككى ئائىلىلىكلا قازاق چارۋىچى بولۇپ، ئۇلار ئىككى ئېغىز كىسەك ئۆي، ئىككى ئېغىز كىگىز ئۆيدە تۇرىدىكەن. بالدۇر يېتىپ بارغانلار قىستىلىپ ئۆيگە كىرىۋالغان بولسىمۇ، كېيىن يېتىپ بارغانلار تالادا قالدى. يوقلىما قىلىنغاندا ئون نەچچە ئادەمنىڭ كەملىكى ئېنىقلىنىپ، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى ئادەم ئەۋەتىپ بىر نەچچە سائەت ئىزدەپ، ئۇلارنى ئاران تېپىپ كەلدى. تاڭ سۈزۈلگەندە يىغىلىش سىگنالى چېلىنىپ يولغا چىقتۇق، 100 دەك ئادەم نەچچە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سوزۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. گۇگۇم چۈشكەندە 25 كىلومېتىردەك يول يۈرۈپ بىر يېزىغا يېتىپ كەلدۇق. كۈچى بار، قاۋۇلراقلار يېتىپ كېلەلىگەن بولسىمۇ، نۇرغۇن ئادەملەر يولدا ھالىدىن كېتىپ يېتىپ قالدى. سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى جىددىي تەدبىر قوللىنىپ، يولدا ھالىدىن كەتكەن ئادەملەرنى ئات قوشۇلغان چانا بىلەن يىغىپ كەلدى. بۇ كۈنى ئادەم چىقىم بولمىدى. كەنتتە ھەر بىر ئائىلىگە 6 — 7 دىن ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇلدى. كۆپچىلىك ئارپا ئۇنىدا قىلىنغان ئوماچ بىلەن قورساق تويغۇزدى. ئىسسىق ئوماچنى ئىچىپ بولۇپ، ھەممەيلەن شىرىن ئۇيقۇغا كەتتى.

ئەتىسى سەھەردە شۇۋىرغان توختىغانىدى. ھاۋا ئوچۇق بولسىمۇ، سوغۇق جاندىن ئۆتەتتى. ئەتىگەنلىك تاماقنى يەپ بولغاندا، يولدا بۇزۇلۇپ قالغان ئاپتوموبىللارنىڭ ھەممىسى قونالغۇغا يېتىپ كەلدى. ئەسلىدىكى ئاپتوموبىللارغا ئولتۇرۇپ يەنە يولغا چىقتۇق. قار قېلىن بولغاچقا ئالغا ئىلگىرىلەش ناھايىتى تەس ئىدى. لېكىن، ۋەتەن تۇپرىقىغا



يېتىشكە بىر كۈنلۈكلا مۇساپە قالغاچقا، جەڭچىلەر ھېچنېمىگە قارىماي ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. شۇ كۈنى كەچتە ئاخىرى سوۋېت ـ جۇڭگو چېگرىسىدىكى باقتۇر دېگەن يەرگە يېتىپ كەلدۇق. بۇ خېلى چوڭ يېزا ئىدى، شورپا، بولكا نورمىسىز بېرىلگەچكە، كۆپچىلىك راسا ئوبدان تويۇۋالدى، جەڭچىلەر بەنلەر بويىچە ئائىلىلەرنىڭ ئۆيىگە جايلاشتى. ئائىلىلەر بىزنى ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋالدى، بۇ، بىزنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرغان ئۈچ ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت جەريانىدا تۇنجى قېتىم بۇنداق ياخشى كۈتۈۋېلىنىشىمىز ئىدى. ئەتىسى ۋەتەن تۇپرىقىغا قايتىشنىڭ خۇشاللىقىدا، تاڭ ئاتقۇچە كىرپىك قاقماي چىقتۇق.

تاڭ سەھەر شەرقتىن قۇياش كۆتۈرۈلگەندە ئانا ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلدۇق، كۈتكەن ئارمىنىمىزغا يەتتۇق. ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن، يولداشلار ياڭراق كاناي ساداسى ئىچىدە تىزىلدى، يوقلىما قىلىنغاندىن كېيىن، چەكسىز خۇشاللىق ھېسسىياتى بىلەن رەتلىك قەدەم تاشلاپ، ۋەتەن تۇپرىقىغا قەدەم قويدى.

## ۋەتەن قوينىغا قايتىش

جۇڭگو ـ سوۋېت چېگرىسى تىنىپ كەتكەن بىر قۇرۇق ئۆستەڭ بىلەن ئايرىلىپ تۇراتتى. قۇرۇق ئۆستەڭنىڭ شەرقىي قىرغىقىدا يەنى جۇڭگو تەرەپتە 100 دەك ئات قوشۇلغان چانا تۇراتتى، چانىچىلار قازاق ئىدى. جەڭچىلەر كەينى ـ كەينىدىن يېتىپ كېلىپ يىغىلىپ بولغاندا، يوقلىما قىلىندى، ئاندىن بەن، پەيلەر بويىچە چېگرىدىن ئۆتتۇق. قىسىم چانىلار تۇرغان جايغا يېتىپ كەلگەندە، چۆچەك ۋىلايىتى

ئۇيۇشتۇرغان كۈتۈۋېلىش ئۆمىكى بىزنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. جەڭچىلەر تەسىرلەنگىنىدىن يىغلاپ كېتىشتى. ئادەمدىن چانا كۆپ بولغاچقا، چانىلارغا ئۈچ - تۆتتىن بۆلۈنۈپ ئولتۇرۇشتۇق. ھەممەيلەن چانىغا چىقىپ بولغاندا، 100 دەك چانا يىلاندەك ئۇزۇنغا سوزۇلغان ھالدا يولغا چۈشتى. دۆلىتىمىزنىڭ چېگرا قاراۋۇل پونكىتىغا يېتىپ كەلگەندە، ئىشىكلىرىگە چاپلانغاندىكى «سودىغا ئېتىبار بېرىپ، خەلقنى سۆيەيلى» دېگەنگە ئوخشاش خەتلەر يېزىلغان قىزىل قەغەزلەر چاپلانغان خىش ئۆيلەردە مول يېمەك - ئىچمەك، چاي، تاماكا، قەنتلەر بىلەن كۈتۈۋېلىندۇق. ۋەتىنىمىز تۇپرىقىدا ئاڭلىنىۋاتقان ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى، توخۇلارنىڭ چىللاشلىرى، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى ۋە كىشىلەرنىڭ قىزغىن پاراڭلىرى كىشىگە ئالاھىدە يېقىملىق تۇيۇلاتتى. ئازراق دەم ئالغاندىن كېيىن، قۇمۇشلۇق (يەنى باقتۇ) دىن ئۆتۈپ، بىر سائەتتەك يول يۈرگەندىن كېيىن چۆچەككە يېتىپ كەلدۇق. چانىدىن چۈشۈپ، سەپكە تىزىلىپ، رەتلىك قەدەم بىلەن «پىدائىيلار مارشى» نى ئېيتىپ، كاناي - سۇنايلارنى ياڭرىتىپ، شەھەر رايونىغا كىردۇق. چۆچەك خەلقى بىزنى يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا تۇرۇپ، قوللىرىدا قەغەز بايراقچىلارنى پۇلاڭلىتىپ، «شەرقىي - شىمال ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پىدائىيلار قوشۇنىنى قارشى ئالىمىز!»، «شەرقىي - شىمال ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پىدائىيلار قوشۇنىغا ئېھتىرام بىلدۈرىمىز!» دېگەنگە ئوخشاش شوئارلارنى توۋلاپ قىزغىن كۈتۈۋالدى. يولنىڭ چېتىدە ئۇ يەر - بۇ يەرگە قويۇلغان شىرەلەرگە مېۋە - چېۋە، قەن - گېزەكلەر تىزىپ قويۇلغانىدى. ئانا ۋەتەن خەلقىنىڭ مېھرى - مۇھەببىتىدىن تەسىرلەنگەن جەڭچىلەرنىڭ كۆزىدىن ھاياجانلىق ياشلىرى تاراملاپ



ئاقماقتا ئىدى.

شەھەرگە كىرىش مۇراسىمىدىن كېيىن، ناھىيىلىك باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ سىنىپلىرىغا ئورۇنلاشتۇق. ئەمما ئاللىقاچان يوغان داش قازانلاردا مەززىلىك پولولارنى ئېتىپ، چايلارنى قاينىتىپ، كۈتۈپ تۇرۇشقانىكەن. جەڭچىلەرنىڭ بۇنداق ئىللىق مۇھەببەتتىن كۆڭۈللىرى يايراپ كەتتى.

چۆچەكتە ئۈچ كۈن دەم ئالدۇق. ھەر بىر كىشىگە ئۈچ تەڭگە قىممىتىدىكى قەغەز پۇل تارقىتىپ بېرىلدى (شىنجاڭ ئۆزى بېسىپ تارقاتقان پۇل)، بۇنىڭغا چاچ ئالغۇزدۇق، مۇنچىغا چۈشتۇق، كىيىم يۇغۇزدۇق. 4 - كۈنى سەھەردە ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقتۇق.

## چېگرا رايونىدىكى كاسات شەھەر

چۆچەكتىن ئۈرۈمچىگە 18 كۈندە يېتىپ كەلدۇق. 1933 - يىل 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، ئۇزۇندىن بۇيان ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان شىنجاڭنىڭ ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدۇق. بۇ شەھەرنى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدىن تارتىپلا بىلەتتىم. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پىدائىيلار قوشۇنىغا قاتناشقاندىن كېيىن، ئۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن ئېلىپ يۈرگەن بىر پارچە ھەربىي خەرىتىدىكى چاكچۇن بىلەن بىر مېرىدىئان سىزىقىغا جايلاشقان بۇ شەھەر دائىم مېنىڭ قىزىقىشىمنى قوزغايتتى. قوشۇنىمىزدا ھېچكىم ئىلگىرى ئۈرۈمچىگە كېلىپ باقمىغان بولسىمۇ، خاربىننىڭ كىشىلەردە قالدۇرغان تەسىرى تۈپەيلىدىن بولسا كېرەك، كۇرسانتلار لىيەندىكى بىر مۇنچە زىيالىي ياشلارنىڭ نەزىرىدە ئۈرۈمچى تازىمۇ ئەجەبىيلەشكەن شەھەر ئىدى. لېكىن، بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن، كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمىزنىڭ ئەسلىدىكى تەسىراتىمىزدىن تامامەن

باشقىچە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇق. ئۇ چاغ ماجۇڭيىڭنىڭ قول ئاستىدىكى ماچۇەنلۇ ئۈرۈمچىنى قورشىۋېلىپ، جىن شۇرېننىڭ قوشۇنى بىلەن شىدداچىياۋدا قاتتىق جەڭ قىلغىنىغا ئەمدىلا ئىككى ئاي بولغان، شەھەر دەرۋازىسىنى ئاچماسلىق توغرىسىدىكى بۇيرۇق تېخى ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىغان كۈنلەر ئىدى. شۇڭا بىز، ئەينى چاغدىكى شەھەرنىڭ شەرقىي دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدىكى گازارمىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدۇق (كېيىنكى يېڭى گازارما)، گازارمىدىن ئىختىيارىي چىقىشىمىز، ئىختىيارىچە شەھەرگە كىرىشىمىز، ئەتراپنى كۆزىتىشىمىز مەنئىي قىلىندى. ئۇرۇش جاراھەتلىرى تېخى ساقايمىغان، شىدداچىياۋ ئەتراپى ئۇرۇش خارابىسىغا ئايلانغانىدى، كىشىلەر ئەركىن - ئازادە كوچىغا چىقالمايتتى. ئاز سانلىق مىللەت رايونى بولغان نەنمېن ئەتراپىدا جىددىي ھالەت تېخى ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىغانىدى. بىزنىڭ كۈندۈزى كۆرىدىغىنىمىز پەقەتلا ئەتراپتىكى قەبرىستانلىق، خارابىلىق، سۈرلۈك سېپىل ۋە سېپىل دەرۋازىسى بولسا، كېچىسى ئاڭلايدىغىنىمىز ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى ۋە شەھەر سېپىلىدىكى گۈزەتچىلەرنىڭ ۋارقىراش - جارقىراشلىرى ئىدى. ئارىلاپ - ئارىلاپ ئوق ئاۋازلىرىمۇ ئاڭلىنىپ قالاتتى.

ئۇزۇن ئۆتمەي، تۇەنجاڭ سۇن چىڭلىياڭ باشچىلىقىدىكى 800 دىن ئارتۇق ئەسكەر (كۇرسانتلار لىيەنمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) بىلەن تۇەنجاڭ جاۋ شۇچېن باشچىلىقىدىكى 900 ئەسكەر كەينى - كەينىدىن يېتىپ كەلدى. جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى بىلەن سۆزلىشىش ئارقىلىق، كىچىك ئەترەتلەر بويىچە شەھەرگە كىرىپ تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىشىمىزغا رۇخسەت قىلىندى. ئەينى ۋاقىتتا شەھەردىكى سودا بازارلىرىدا مالنىڭ تايىنى بولمىسىمۇ، لېكىن دۇكانلارنىڭ



ئىشىكىگە «پىدائىيلار قوشۇنىنىڭ جەڭچىلىرىگە مالنىڭ باھاسى چۈشۈرۈپ سېتىپ بېرىلىدۇ» دېگەن خەت يېزىلغان قىزىل قەغەزلەر چاپلاپ قويۇلغانىدى. بىز قانداقلا دۇكانغا كىرسەك، دۇكان ئىگىلىرى بىزنى ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ چاي قۇياتتى، تاماكا تۇتاتتى، بىزدىن شەرقىي - شىمالدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئەھۋالىنى سورايتتى. لېكىن، بەزى ئاممىۋى سورۇنلار، كىشىلەر كۆپ يىغىلىدىغان جايلار، چېك خۇاڭمياۋ بۇتخانىسى، ھەتتا ئاشپۇزۇل، مۇنچىلارغىمۇ «دۆلەت ئىشلىرى ئۈستىدە پاراڭ قىلماڭ!» دېگەندەك ئاگاھلاندۇرۇش سۆزلىرى چاپلاپ قويۇلغانىدى. كىشىلەر بىزگە ھېسداشلىق نەزىرى بىلەن قارايتتى. بەزىلەر پەس ئاۋازدا: «سىلەر نەدىن كەلدىڭلار؟»، «سىلەر ماجۇڭيىڭنىڭ ئەدىپىنى بەرگىلى كەلدىڭلىمۇ؟» دەپ سورىشاتتى. ئەينى ۋاقىتتا، ئۈرۈمچىدىكى كۆپ ساندىكى خەلق بىزنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پىدائىيلار قوشۇنى ئىكەنلىكىمىزنى، ياپون باسقۇنچىلىرىنىڭ شەرقىي - شىمال زېمىنىمىزنى بېسىۋالغانلىقىنى تېخى بىلمەيتتى. بەزى قېرىنداش مىللەتتىن بولغان كىشىلەر بىزنى ھەتتا «قىزىل ساقال» لار دەپ قاراپ، بىزدىن ئۆزىنى قاچۇراتتى، ئېھتىيات قىلاتتى. بۇنداق ئەھۋالدا جەڭچىلىرىمىز، بولۇپمۇ قېنى ئۇرغۇپ تۇرغان ياش ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزىنى بېسىۋېلىشى تەس ئىدى، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكى سۆزلىرىنى چېگرا رايوندىكى قېرىنداشلارغا ئېيتقۇسى كېلەتتى.

## جەمئىيەتكە يۈزلىنىپ، كۆرەشكە قاتنىشىش

جىن شۇرېن بىزدىن ئېھتىيات قىلاتتى. بىر مەھەل سۆزلەشكەندىن كېيىن، گەرچە بىزنىڭ كىچىك ئەترەتلەر

بويىچە شەھەرگە كىرىپ تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىشىمىزغا قوشۇلغان بولسىمۇ، لېكىن قورال ئېلىپ يۈرۈشىمىزگە رۇخسەت قىلمىغانىدى (ئەمەلىيەتتە، بىزدە تۆمۈرنىڭ سۇنۇقىمۇ يوق ئىدى)، ئامما بىلەن ئۇچرىشىشىمىزنى، غەيرىي سۆزلەرنى تارقىتىشىمىزنى چەكلىگەنىدى، بۇنىڭغا كۆرسانتلار لېيەنىدىكى يىگىتلەرنىڭ نارازىلىقى كۈچلۈك ئىدى. تۆۋەنجاڭىمىز جىن شۈرىنغا كۆپچىلىكنىڭ پىكرىنى ئىنكاس قىلغاندىن كېيىن، نۆۋەتچىلىك قىلغاندا ئىشلىتىش ئۈچۈن ھەر بىر لېيەنگە ئىككىدىن قىلىچ تارقىتىپ بېرىلدى، لېكىن ئۇنىمۇ سىرتقا ئېلىپ چىقىشقا بولمايتتى. ئەينى ۋاقىتتا، جىن شۈرىن ھۆكۈمىتىدىكى ياشراق كىشىلەر بىزگە يېقىن ئىدى، ئۇلار كۆرسانتلار لېيەنىنىڭ كوچىغا چىقىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ھەققىدە تەشۋىقات ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، بىزگە شوئار يازىدىغان بىر مۇنچە قەغەز ياردەم قىلدى. بىز شوئارلارنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن، ئون نەچچە تەشۋىقات دۈيى تەشكىللەپ، كوچىمۇ-كوچا يۈرۈپ شوئار چاپلاپ، نۇتۇق سۆزلەپ، تەشۋىق-تەرغىبات ئىشلىرىنى ئېلىپ باردۇق. بۇرۇن ئۈرۈمچىدە بۇنداق ئىشلار ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغاچقا، ئامما بىزنى ئويۇن كۆرگەندەك ئوراۋالاتتى. بىز ئاممىغا «18-سىنتەبىر» ۋەقەسىنىڭ جەريانىنى، ياپون ئالۋاستىلىرىنىڭ شەرقىي-شىمالدىكى جىنايى قىلمىشلىرى ۋە شەرقىي-شىمال پىدائىيلار قوشۇنىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئىش ئىزلىرىنى ھاياجان بىلەن سۆزلەپ بېرەتتۇق. بەزى ساۋاقداشلار سۆزلەۋېتىپ يىغلاپ كېتەتتى، ئاممىمۇ تەسىرلىنىپ يىغلاپ كېتەتتى ۋە بىز بىلەن بىرگە «ياپون جاھانگىرلىكىنى يوقىتايلى!» دەپ شوئار توۋلىشاتتى. ئېسىمدە قېلىشىچە، بىر قېتىم بىز ھازىرقى خەلق مەيدانىدىكى



رەئىس سەھنىسى ئالدىدا تەشۋىق قىلىۋاتقاندا، ئامما بىزگە چاي ئەكىلىپ بەردى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ھەققىدە سوئال سورىدى. ئۇ تەسىرلىك مەنزىرىلەر ھازىرمۇ ئېسىمدە ئېنىق تۇرۇپتۇ.

بىزنىڭ تەشۋىقاتىمىز ئۈرۈمچىنىڭ تىنچلىقىنى بۇزۇۋەتكەچكە، ئامما ئىچىدە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. پىدائىيلار قوشۇنىدىكى ياش جەڭچىلەرلا كۆرسانتلار لېيەنى بىلەن بىرلىكتە پائالىيەت ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ قالماستىن، بىر مۇنچە يەرلىك ياش ئوقۇغۇچىلارمۇ كۆرسانتلار لېيەنىگە قاتنىشىشنى، بىزگە ئوخشاش «ئىسسىق قېنىمىز بىلەن ۋەتەننى قوغدايلى» دېگەن قىزىل خەت بېسىلغان قارا يەڭ بەلگىسىنى تاقاشنى تەلەپ قىلىشتى. بۇ بىز ئۈچۈن ئىنتايىن زور ئىلھام - ھە! لېكىن، جىن شۈرىن بىزنىڭ ئۇنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىنى قالايمىقان قىلىۋېتىشىمىزدىن ئەنسىرەپ، بىزنىڭ يەرلىكنىڭ ئىشىغا ئارىلاشماسلىقىمىزنى قايتا-قايتا تەكىتلىدى. بىزنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنى تەشۋىق قىلىشىمىز قانداقمۇ «يەرلىكنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشقانلىق» بولسۇن؟ كۆرسانتلار لېيەنىدىكى 100 دىن ئارتۇق جەڭچى ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي، كوچىلاردا تەشۋىقات ئېلىپ بارغاندىن سىرت، جانلىق تىياتىرلارنى قويدى، مەكتەپلەرگە بېرىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ھەققىدىكى ناخشىلارنى ئۆگەتتى. ئۇزۇنغا بارماي، «دۆلەتنىڭ ئىشلىرى ئۈستىدە سۆزلەشمەڭلار» دېگەنگە ئوخشاش ئاگاھلاندۇرۇشلارغا خەلق پىسەنت قىلمايدىغان بولۇپ قالدى. كىشىلەر ھەممە يەردە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ھەققىدە سۆزلىشىدىغان بولۇپ قالدى، بىر مۇنچە ئامما گازارمىغا كېلىپ بىزدىن ھال سورىدى.

1933 - يىلى 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، ياشلارنىڭ باشلامچىلىرىدىن بولغان چىڭ جۇڭ، لى شىياۋتيەن، ئاۋمىنيۈلەر روسىيىدىن قېچىپ كەلگەن ئاقلار قوشۇنىنى قۇترىتىپ، سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىپ جىن شۇرېننىڭ چىرىك ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. ئوق ئاۋازى ھەممە يەرنى قاپلاپ، ئەھۋال بىردىنلا جىددىيلەشتى. پىدائىيلار قوشۇنىمىزدا بىرتالمۇ قورال بولمىغاچقا، سەگەكلىك بىلەن ۋەزىيەتنى كۆزەتتۇق. 4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئەتىگەندە جەڭ تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ، توپلار گۈلدۈرلەپ، كوچا ئۇرۇشى قىزىپ كەتتى. سېپىل ئۈستىگە چىقىۋالغان ئۆلكە ئارمىيىسىنىڭ ياڭ جىڭجۇڭ باشچىلىقىدىكى قىسمى بىلەن ئاقلار قوشۇنى كەسكىن ئېلىشتى، ھەر ئىككى تەرەپ قورال - ياراق ئىدارىسىنى تالىشىپ، ئىككىلا تەرەپتىن نۇرغۇن ئادەم چىقىم بولدى، شۇ كۈنى كەچتە ئاقلار قوشۇنى قورال - ياراق ئىدارىسىنى ئىشغال قىلدى ۋە پىدائىيلار قوشۇنىنىڭ ياردەم بېرىشىنى ئىلتىماس قىلدى. شۇنىڭدەك، ئامباردىكى تۈرلۈك قوراللارنى ئاپتوموبىلغا بېسىپ شەرقىي دەرۋازا سىرتىدىكى پىدائىيلار قوشۇنى تۇرغان جايغا ئېلىپ كەلدى. تەرتىپكە سېلىش، تەڭشەش ئارقىلىق بىر پولك ئەسكەر تەشكىللىنىپ، ئۇلاردىن ئىككى لېيەن شەرقىي چوڭ دەرۋازىدىن كىرىپ، سېپىلگە چىقىپ ئاقلار قوشۇنىغا ياردەم بېرىشكە، قالغان ئىككى لېيەنمۇ شەرقىي چوڭ دەرۋازىدىن كىرىپ، سېپىل بويلاپ ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىلدى. جەڭ باشلانغاندىن كېيىن، ياڭ جىڭجۇڭ ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پىدائىيلار قوشۇنىغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى سېزىپ، ئۆزلۈكىدىن چېكىنىپ، جىن شۇرېننى قوغداپ، خۇگسەن تېغى ئېغىزى بىلەن ئالدى - كەينىگە قارىماي،



چۆچەككە قاراپ قېچىپ كەتتى. 14 - كۈنى گۇرسانتلار لېيەنى بۇيرۇققا بىنائەن شەھەردىن چىقىپ، دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ مال - مۈلكىنى، خەزىنىسىنى، ئارخىپلىرىنى ساقلاشقا ئەۋەتىلدى. بىز جىددىي ھەرىكەت قىلىپ، چۈش سائەت 14 دە دۇبەن مەھكىمىسىنى ئىگىلەپ، ھەربىي ئىدارە قىلىپ، دۇبەن مەھكىمىسىدىكى قىممەتلىك يادىكارلىقلار، ئارخىپلار، مال - مۈلۈكلەر، خەزىنىدىكى نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈشلەر ۋە تۈرلۈك مۇھىم نەرسىلەرنى ساقلاپ قالدۇق.

«12 - ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، شېڭ شىسەي ھوقۇقنى قولغا كىرگۈزىۋالدى. ئەينى ۋاقىتتا، ماجۇڭيىڭ ئۈرۈمچىگە قىستاپ كېلىپ قالغانىدى. شېڭ شىسەي پىدائىيلار قوشۇنىنىڭ ھەمكارلىشىپ، ئۇرۇش مالىمانچىلىقىنى تىنچىتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. ئۇ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرىدىغانلىقىنى تەكرار - تەكرار بىلدۈرگەچكە، ئاخىردا جىلىن ئۆلكىسى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قوغدىنىش ئارمىيىسىنىڭ بىر قىسمى بىلەن خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ۋەتەن قۇتقۇزۇش قوشۇنىنىڭ بىر قىسمىنى ئالدىنقى سەپكە بېرىشقا كۆندۈردى. بىز 1933 - يىل 6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقىپ، 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى زىيچۈەن دېگەن يەردە ماجۇڭيىڭنىڭ قوشۇنى بىلەن ئۇچراشتۇق. ماجۇڭيىڭنىڭ قوشۇنى بىرىنچى جەڭدىلا مەغلۇپ بولۇپ تىكىۋەتتى. بىز 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى غەلىبە بىلەن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدۇق.

شەرقىي يولدا گەرچە ماجۇڭيىڭنى مەغلۇپ قىلغان بولساقمۇ، لېكىن ئۈرۈمچى يەنىلا قورشاۋ ئىچىدە قالغانىدى. شۇڭا، شېڭ شىسەي ھەدەپ قىسىملىرىنى تولۇقلاشقا ۋە

گېڭەيتىشكە باشلىدى، كۇرسانتلار لېيەنى بۇنىڭغا تازا باب كېلەتتى. شۇڭا، كۇرسانتلارنى ھەرقايسى قىسىملارغا تۇەنجاڭ، يىڭجاڭ، لىيەنجاڭ قىلىپ بەلگىلىدى، باشقىلىرىمۇ كوماندىرلىق ۋەزىپىلىرىگە قويۇلدى. بىر قىسىم ساۋاقداشلار ئوفىتسېرلار مەكتىپىنىڭ دادۇيجاڭ، جۇڭدۇيجاڭ دېگەنگە ئوخشاش ۋەزىپىلىرىگە تەيىنلەندى. مۇشۇ قېتىمقى قوشۇننى تەرتىپكە سېلىشتىن كېيىن، كۇرسانتلار لېيەنى پارچىلىنىپ تۈگەپ كەتتى. 1931 - يىل 10 - ئايدا قۇرۇلغان كۇرسانتلار لېيەنى 1933 - يىل 8 - ئايغىچە جەمئىي بىر يىل 10 ئاي مەۋجۇت بولۇپ تۇردى.

## قانلىق ھەم يالقۇنلۇق يىللاردا

كۇرسانتلار لېيەنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئوتىدا دۇنياغا كېلىپ، قانلىق جەڭلەرنىڭ سىنىقىدىن ئۆتتى، سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقىنىڭ جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلىش، يېڭى دۇنيا يارىتىشتەك ئىنقىلابىي روھىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. بولۇپمۇ شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ سەممىي غەمخورلۇقى ۋە دوستانە مۇئامىلىسى ئۇلارنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى. شۇڭا، ئۇلار ھازىرچە يۇرتىغا قايتماي، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن ئۆز كۈچىنى تەقدىم قىلىش قارارىغا كەلدى.

كۇرسانتلار لېيەنىنىڭ 3 - جۇڭدۈيى شەرقىي شىمالدىكى ۋاقتىدىلا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قىسىملارغا تەقسىم قىلىنىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ لېيەندىن شىنجاڭغا ئاران 97 ئادەم كەلگەنىدى. بۇلار ھەممىسى ئوقۇغۇچىلىقتىن كېلىپ چىققان، مەدەنىيەت سەۋىيىسى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىن



يۇقىرى ئىدى. 1933 - يىل 8 - ئايدا قىسىملارغا تەقسىم قىلىۋېتىلگەندىن كېيىن، كۇرسانتلار لېيەنى ئەمەلدىن قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ خىزمىتىدە مۇھىم رول ئوينىغانىدى. ئەينى ۋاقىتتا 60 ئادەم قىسىملارغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىندى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە 80% دىن كۆپى لېيەن دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كوماندىرلىق ۋەزىپىلىرىنى ئۈستىگە ئالدى، مەسىلەن: قەشقەر گارنىزونىنىڭ قوماندانى قوشۇمچە 48 - تۇەننىڭ باشلىقى سۇي رۇڭچاڭ، چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋۇ زوجۇن، ماشىنىلاشقان لوي توپچىلار تۇەنىنىڭ باشلىقى ۋاڭ شىشىن، بىرونېۋىك بىرىگادىسىنىڭ باشلىقى گوۋەن يۇيلياڭ، ئورۇمچى شەھەر مۇداپىئە يىڭىنىڭ باشلىقى ۋاڭ جاۋچياڭ، ئوفىتسېرلار مەكتىپى ئىلمىي باشقارمىسىنىڭ باشلىقى لى رۇڭدى قاتارلىقلار. قىسىمدا شتاب باشلىقى، يىڭجاڭ، لىيەنجاڭ بولغانلار تېخىمۇ كۆپ ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ھاۋا ئارمىيىسىدە ماتۇڭلياڭ قاتارلىق ئالتە كىشى تېخنىك ۋە لېتچىك بولغانىدى. يەنە نۇرغۇنلىغان ساۋاقداشلار بانكا، مالىيە، پوچتا - تېلېگراف، قاتناش قاتارلىق تارماقلاردا رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالدى. 1937 - يىلى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، شىنجاڭدا ھەر قايسى ئورۇنلاردا خىزمەت قىلىۋاتقان سابىق كۇرسانتلار لېيەنىنىڭ جەڭچىلىرى شىنجاڭدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پىدائىيلار قوشۇنىنىڭ بارلىق جەڭچىلىرىگە ئوخشاش يۈكسەك قىزغىنلىق، ھەسسىلەپ تىرىشچانلىق بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش كۈرىشىگە ئاتلاندى. بولۇپمۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىكسەپ خىزمىتى شىنجاڭدا غەلىبىگە ئېرىشىپ، زور تۈركۈمدىكى كومپارتىيە ئەزالىرى شىنجاڭغا خىزمەتكە كەلگەندىن كېيىن، سابىق كۇرسانتلار لېيەنىنىڭ جەڭچىلىرى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن

هالدا ماركسىزملىق تەربىيىگە ئىگە بولۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئاكتىپلىقى ئىنتايىن يۇقىرى پەللىگە يەتتى. لېكىن، ياۋۇز شېڭ شىسەي 1938 - يىلىدىن 1942 - يىلىغىچە بولغان مەزگىلدە، ئاتالمىش سوۋېت روكچاك باشچىلىقىدىكى «توپىلاڭ كۆتۈرۈش سۇيىقەستىدە بولغان گۇرۇھ» دېگەن دېلونى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، سابىق كۇرسانتلار لېيەننىڭ ھەرقايسى ئورۇنلاردىكى جەڭچىلىرىدىن پوچتا - تېلېگراف، قاتناش، بانكا، سودا، ھەربىي مەكتەپتىكى 10 نەچچە ئادەمدىن باشقىسىنىڭ ھەممىسىنى بۇ دېلوغا چېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۇرسانتلار لېيەندىكى يولداشلارنىڭ ئىسسىق قېنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەيدانىدا ئەمەس، بەلكى شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە تۆكۈلدى. بۇنى ئويلىساق، يولۋاسنىڭ ئاغزىدىن ئامان قالغان بىزلەر غەزىپىمىزنى ئۆرۈۋايەت باسالمايمىز.

ئىزاھات:

1) يۇقىرىدىكى سانلىق مەلۇماتلار مەرھۇم ۋۇزۇجۇن قالدۇرغان خاتىرىدىن ئېلىندى.

2) كۇرسانتلار لېيەندىكى 97 كىشىدىن 44 كىشى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. بۇ ئومۇمىي ئادەم سانىنىڭ 55.3% نى ئىگىلەيدۇ. قىسمىدىكى 60 ئادەم ئىچىدە شېڭ شىسەي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگىنى 39 ئادەم بولۇپ، قىسمىدىكى ئادەم سانىنىڭ 65% نى ئىگىلەيدۇ.

3) ئىز - دېرەكسىز يوقىلىپ كەتكەن 34 ئادەم ئىچىدە تۆت ئادەم سوۋېت ئىتتىپاقىدا قالغانىدىن باشقا، قالغانلارنىڭ ھەممىسى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن بولۇشى مۇمكىن، لېكىن بۇ ھەقتە ئېنىق مەلۇمات يوق.

4) ئىككى ئادەم قۇربان بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە ۋاجۇفېن 1933 - يىل ئايرودرومدىكى سوقۇشتا قۇربان بولدى، تاۋيۇيلياڭ 1937 - يىل جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قوماش دېگەن جايدا سۇيىقەستكە ئۇچراپ قازا تاپتى.

ئادىل ئەخمەت تەرجىمىسى

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى



# دانىش داموللا قالدۇرۇپ كەتكەن تارىخىي ھۆججەت

ئىمىنجان ئەخمىدى

1985 - يىلىدىن بۇيان ئاقسۇ ۋىلايىتى ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى بىر قىسىم زىيالىيلار مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىن 60 - يىللىرىغىچە ئارىلىقتا ئاقسۇدا مۇھىم ئىجتىمائىي، ئىلمىي ۋە ئەدەبىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، خەلق ئارىسىدا تونۇلغان جامائەت ئەربابى، ئەدىب دانىش ھەنىفى (تولۇق ئىسمى: موللا دانىش ھەنىفى فەرزەندى ياقۇپ ھاجى) نىڭ ھاياتى، ئىجتىمائىي - ئىلمىي پائالىيەتلىرىنى ئىگىلەپ، ئۇنىڭغا ئادىل ۋە توغرا باھا بېرىش ھەققىدە ھەققانىي تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئىش مېنى بەزى قىممەتلىك ماتېرىياللار ۋە يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلىدى. 1988 - يىلى 7 - ئايدا مەن خىزمەت ئورنۇم — شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئاقسۇغا بېرىپ، بۇ ھەقتە مەخسۇس تەكشۈرۈش ئېلىپ باردىم. ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ۋە ئاقسۇ شەھەرلىك پارتكوملار

مېنىڭ بۇ ئىلمىي پائالىيىتىمنى قىزغىن قوللىدى. ئاقسۇ شەھەرلىك پارتكومنىڭ بىرلىك سەپ بۆلۈمى دانىش ھەنىفنىڭ يېقىن تۇغقانلىرى، زامانداش - دوستلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك خادىملارنى تەكلىپ قىلىپ، سۆھبەت يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇپ بەردى. سۆھبەت يىغىنى ئىشتىراكچىلىرى مەرھۇمنىڭ ھاياتى، ئىجتىمائىي ۋە ئىلمىي پائالىيەتلىرى ھەققىدە كەڭ - كۇشادە سۆزلىشىپ، ئۇنىڭ تۆھپىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. دانىش ھەنىفنىڭ ئايالى ھېۋىزخان: «مەرھۇمنى پارتىيە ۋە خەلق ھازىرمۇ ئۇنتۇماپتۇ» دەپ، تەسىرلىنىپ كۆز يېشى قىلدى. مەرھۇمنىڭ زامانداش - دوستلىرىدىن مەتىمىن ھاجى، سەمەت قارى ھاجى، مەھەممەت نۇر ھاجى قاتارلىق تونۇلغان دىنىي زاتلار؛ جامال بەكرى، ئۆمەر بۇلبۇل قاتارلىق ھەممىدىن خەۋەردار پېشقەدەملەر مەرھۇمنىڭ تەرىپىنى قىلىپ ئۇزاق سۆزلەشتى.

ئاقسۇ شەھەرلىك پارتكومنىڭ بىرلىك سەپ بۆلۈمى مېنىڭ كۆرۈپ بېقىشىمغا بەرگەن دانىش ھەنىفكە دائىر ئارخىپلار ئىچىدە دىققىتىمنى ئالاھىدە تارتقىنى مەرھۇم ئۆز قەلىمى بىلەن يازغان بىر پارچە ماتېرىيال بولدى. پاتلانغان خوتەن قەغىزىدىن 12 بەتلىك قىلىپ تىكىلگەن بۇ كىچىك دەپتەرگە (فورماتى 13.5cm × 9.5cm) ئاقسۇ شەھەر ئىچى خەلقى «ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ھەرىكىتى» دە چاۋشيەن خەلقىگە ۋە پىدائىي قىسىم جەڭچىلىرىگە ئىئانە قىلغان پۇل ۋە باشقا ماددىي بۇيۇملار خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇ دەپتەر ئەينى مەزگىلدە ئاقسۇ شەھەر ئىچىدە ئولتۇرۇشلۇق ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلارنىڭ يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئىنتېرناتسىئونالىزملىق روھىنى نامايان قىلىپ بېرىدىغان



قىممەتلىك تارىخىي ھۆججەت ئىدى.

ئاقسۇ خەلقىنىڭ «ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ھەرىكىتى» دە ئەڭ پائالىيەتچان ۋە قىزغىن تەشۋىقاتچى ھەم تەشكىلاتچى بولغان دانىش ھەنىفى خەلق ئىئانە قىلغان پۇل ۋە ماددىي بۇيۇملارنى بۇ كىچىك دەپتەرگە قومۇش قەلەم بىلەن ھۆسنىخەت شەكلىدە چىرايلىق، رەتلىك قىلىپ خاتىرىلەپ چىققان. دەپتەرنىڭ 1 - بېتىگە «ئاقسۇ دىنىي تەشۋىق بىلەن كورېيە ياردىمى» دەپ ماۋزۇ قويۇلغان بولۇپ، ئۇنى تولۇق قىلىپ ئېيتقاندا «ئاقسۇ دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ تەشۋىقاتى بىلەن چاۋشيەنگە بېرىلگەن ياردەم» دېگەن بولىدۇ. تۆۋەندە دانىش ھەنىفنىڭ ھاياتى، ئىجتىمائىي ۋە ئىلمىي پائالىيەتلىرىگە دائىر ئەھۋاللارنى، ئاندىن بۇ تارىخىي ھۆججەتنى تونۇشتۇرىمەن.

دانىش ھەنىفى 1898 - يىلى ئاقسۇ ناھىيىسىنىڭ قاراتال يېزىسى سات كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق، ئەجدادىدىن تارتىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ياقۇپ ھاجى ئىسىملىك ئوقۇمۇشلۇق كىشىنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ياقۇپ ھاجى ئوغلى دانىشنى 1908 - يىلدىن 1916 - يىلغىچە قاراتال بازىرى ۋە ئاقسۇ كونىشەھەر بازىرىدىكى دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇتقان. 1917 - يىلى دانىش ياقۇپ بىلىم ئېلىش ئىستىكى بىلەن قەشقەرگە بارغان ۋە ئۆتكۈر زېھنى، بىلىمى بىلەن قەشقەر خانلىق مەدرىسە مۇدەررىسلىرىنى قايىل قىلىپ، بۇ ئالىي بىلىم يۇرتىغا قوبۇل قىلىنغان. كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، مەدرىستىكى تالىپلار ھوجرىلىرىدىن ئۇنىڭغا جاي چىقمىغاچقا، دەسلەپكى يىللاردا ئۇ، تۈمەن دەرياسى بويىدىكى يار بېشىغا كولانغان پاناھ جايلارنىڭ بىرىدە

يېتىپ - قوپۇپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرغان ھەمدە ساۋاقداشلىرى ۋە جامائەتچىلىك ئارىسىدا «دانىش خەلپەت» نامى بىلەن تونۇلغان. قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە ئون يىلدىن كۆپرەك ئىلىم تەھسىل قىلىش جەريانى دانىش ياقۇپنىڭ ھاياتىدىكى ئەھمىيەتلىك دەۋرلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ، بۇ جەرياندا ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىپ، ئەرەب، پارس تىللىرىنى، ئوتتۇرا - يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى، شۇ دەۋردىكى يۇقىرى دەرىجىلىك بىلىم يۇرتلىرىدا ئۆتۈلىدىغان پەنلەرنى تولۇق ئۆزلەشتۇرگەن. مەشھۇر ئالىم، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىسى ئابدۇقادىر بىننى ئابدۇۋارىس قەشقەرى (ئابدۇقادىر داموللام — تەخەللۇسى «غازى») بىلەن يېقىندىن تونۇشۇپ، ئۇنىڭ تەسىرىدە ۋەتەن ۋە خەلقنى ئۆز قەلبىگە پۈككەن تەرەققىيپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر زات بولۇپ يېتىلگەن. ئۇنىڭ ئەدەبىي پائالىيىتى شۇ مەزگىللەردە باشلانغان بولۇپ، ئۆز ئەسەرلىرىدە «ھەنىفى» («پاك، ساغلام» دېگەن مەنىدە) تەخەللۇسنى قوللىنىپ، ئۆزىنى «دانىش ھەنىفى» دەپ ئاتىغان.

دانىش ھەنىفى 1929 - يىلى ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، قۇمباش يېزىسىدىكى مەدرىسكە مۇدەررىس بولىدۇ؛ ئۇزاق ئۆتمەي، ئاقسۇ ناھىيىسىنىڭ قازىلىقىغا، 1935 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك دوبەن مەھكىمىسىنىڭ يارلىقى بىلەن ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ قازى قۇززاتلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. شۇ يىلى ئاقسۇ خەلقى يەنە، ئۆز ۋىلايىتى بويىچە بىلىمدە تەڭدىشى يوق، مەرىپەتپەرۋەر ۋە خەلقپەرۋەر بۇ زاتنى ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلايدۇ. دانىش ھەنىفى شۇ يىللاردا «ئاقسۇ شىنجاڭ گېزىتى» نى تەسىس قىلىش ئىشىغا باشچىلىق



قىلغان؛ ئاقسۇدا تۇنجى ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇش ئىشىغا ۋە ئۇنىڭ ئوقۇتۇش خىزمىتىگە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ، مەكتەپنىڭ بىر قىسىم دەرسلىكلىرىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىنى ئۆزى ئۈستىگە ئالغان. ئۇ ئەڭ دەسلەپ ئۆتكەن دەرس — ئۆزى ئېتىقاد قىلغان ئۇستازى ئابدۇقادىر داموللام تۈزگەن «ئەقائىد زۆرۈرىيە» بولغان. ئۇ بىر كۈنى ئوقۇغۇچىلار بىلەن سۆھبەتلىشىش داۋامىدا، مەلۇم بىر مۇئەللىمنىڭ «يەرنى بىر كالا مۈڭگۈزىدە كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ» دەپ سۆزلىگىنىنى ئاڭلاپ، ناھايىتى ئاچچىقلانغان ۋە دەررۇ ھېلىقى مۇئەللىمنى چاقىرتىۋېلىپ، قاتتىق تەنقىد قىلغان. دانىش ھەنىفى يەنە خوتۇن - قىزلارنىڭ يېڭى مەكتەپلەرگە كىرىش دولقۇنىنى قوزغاپ، ئاياللار ئازادلىقى يولىدا ئاكتىپ تەشۋىقاتچى بولغان. ئاقسۇدىكى مەشھۇر «مىللەتلەر كۇلۇبى» دانىش ھەنىفىنىڭ سەپەرۋەرلىكى، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن بىنا قىلىنغان. ئۇ شۇ يىللاردا يەنە، ئاقسۇدا ئۇيغۇر يېڭى زامان تىياتىرچىلىقىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا پائال كۈچ چىقارغان. ئاقسۇ خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي ئازادلىق كۈرىشىگە ياردەم بېرىش پائالىيىتىنى تەشكىللىگەن ۋە ئۇنىڭدا ئاكتىپ رول ئوينىغان.

شۇ يىللاردا ئاقسۇ ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا كاتىپ بولغان جامال بەكرى مۇنداق دەيدۇ: «دانىش ھەنىفى دىنىي ئىلىمدە، ئىلمىي مەنتىقىدە كامالەتكە يەتكەن زات ئىدى. سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى شېئىرىي نۇتۇق بىلەن يېشىپ بېرەتتى. 1936 - يىلىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئۇ، ئۇيۇشما ئىشخانىسىغا ئۆزىنىڭ بىر شېئىرىنى ھۆسنخەت بىلەن يېزىپ چاپلاپ قويۇپتۇ. ئېسىمدە قېلىشىچە، شېئىرنىڭ 1 - كۇپلېتى مۇنداق ئىدى:

«دوستۇم، جانابىڭ، ئىشچىمۇسەن - ياق؟
گەر ئىشچى بولساڭ، بۇ سۆزگە بىر باق:

دىلىڭدا ئويلا، تىلىڭدا سۆزلە،
كۆزۈڭدە كۆزلەپ، قولۇڭدا ئىشلە ...»

1937 - يىلى شىڭ شىسەي يېڭىدىن جوش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان مەدەنىي ئاقارتىش ۋە مەرىپەتچىلىك ئېقىمىغا زەربە بېرىپ، جەمئىيەتكە تونۇلغان زاتلارنى ھەر خىل بەتنامىلار بىلەن باستۇرغاندا، دانىش ھەنىفىمۇ چەتتە قالمىغان. ئۇ، مەلۇم ۋاقىت نەزەربەنت قىلىنغان ۋە ئۇزاق ئۆتمەي، 1938 - يىلى ناھەق قارىلىنىپ قولغا ئېلىنىپ، 1943 - يىلغىچە ئۈرۈمچى تۈرمىسىدە ياتقان.

دانىش ھەنىفىنىڭ 30 - يىللاردا ئۆز شېئىرلىرىنى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ دىۋان تۈزۈش تەرتىپى بويىچە تومىلام قىلىپ رەتلەپ چىققانلىقى مەلۇم. بۇ ھەقتە ئۇنىڭ شۇ دەۋردىكى يېقىن دوستى، ھازىر ئاقسۇ شەھەر ئىچى چوڭ خانىقا ئىمامى مەمتىمىن ھاجى مۇنداق دەيدۇ: «دانىش داموللام تۈرمىدىن چىقىشتىن بىر قانچە يىل بۇرۇن، مەن ئاقسۇ شەھىرىدىكى بىر كىتابپۇرۇشنىڭ كىتابلىرى ئارىسىدا ناھايىتى نەپىس ئىشلەنگەن بىر قول يازما دىۋاننى كۆرۈپ قالدىم. دىققەت قىلىپ قارىسام، ئۇ دانىش داموللامنىڭ ئۆزىنىڭ ئەرەبىي، پارسىي ۋە ئۇيغۇرچە شېئىرلىرىنى ئۆز قەلىمى بىلەن رەتلەپ تۈزۈپ چىققان دىۋانى ئىكەن. مەن دىۋاننىڭ قانداق قىلىپ بۇ كىتابپۇرۇشنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغىنىنى سورۇشتۇرسام، ئۇ ئېنىق بىر نېمە دېيەلمىدى. مەن داموللامنىڭ دىۋانى باشقا بىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ يوقىلىپ كەتمىسۇن دەپ، ئۇنى كىتابپۇرۇشتىن يېرىم سەر كۈمۈش تەڭگىگە سېتىۋالدىم. دىۋاندىكى ئەرەبچە، پارسچە شېئىرلارنى ئوقۇيالمىساممۇ، ئۇيغۇرچە شېئىرلارنى ھەۋەس بىلەن ئوقۇپ چىقتىم ۋە ماڭا ناھايىتى بەك يارىغان ئىتتىپاقلىق - بىرلىك



ھەققىدىكى بىر شېئىرنى يادلىۋالدىم (ئۇ شېئىر ھازىر ئېسىمدىن چىقىپ كېتىپتۇ). داموللام تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، مېنىڭ ئۆيۈمدە ئۆز دىۋانىنى كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالدى. ئۇ قولغا ئېلىنىپ، ئۆيى ئاختۇرۇلغاندا ئېلىپ كېتىلگەن بۇ ئەمگەك مېۋىسىنىڭ قولۇمغا چۈشۈش تەپسىلاتىنى ۋە ئۇنى مېنىڭ قەدىرلەپ ساقلىغىنىمنى بىلىپ، ماڭا قايتا - قايتا مىننەتدارلىق بىلدۈردى. مەن دىۋاننى داموللامنىڭ ئۆزىگە قايتۇرۇپ بەردىم».

دانىش ھەنىفى تۈرمىدىن چىقىپ ئاقسۇغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىر قانچە يىلغىچە مۇدەررىسلىك ۋە تېۋىپلىق بىلەن شۇغۇللانغان. تۈرمىدىن چىققاندا قاتتىق ئاجىزلاپ ۋە يېرىم پارالىچ بولۇپ، ھاسا تاياق بىلەن تەستە ماڭالايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغان. دانىش ھەنىفى ئۆزىنى ئۆزى داۋالاپ ساقايتقان. بۇ جەرياندا ئۇ يەنە، پارالىچ بولۇپ قالغان ئاقسۇ كۆكباشلىق بىر بالىنىمۇ داۋالاپ ساقايتىپ، نامى چىققان. بۇ يىللاردا ئۇ، ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىنىمۇ توختىتىپ قويمىغان؛ مەركىزىي (ئۆلكىلىك) ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىدىغان «مەدەنىيەت» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىر ھەيئىتى ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ ژۇرنالنىڭ خىزمىتىگە يېقىندىن ياندىشقان؛ ھەر ساھە ئەربابلىرى، ئىلىم ئەھلىلىرى بىلەن قويۇق ئالاقىدە بولۇپ، ئۇلار بىلەن دائىم پىكىرلىشىپ تۇرغان؛ كىشىلەر ئۇنىڭ شۇ چاغلاردا تونۇلغان شائىرلاردىن نىمشېھىت ئەرمىيە ئېلى داموللا، لۇتپۇللا مۇتەللىپلەر بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغانلىقىنى، نىمشېھىتنىڭ «مىڭ ئۆي ۋە پەرھاد - شېرىن» داستانىنى «ئاقسۇ گېزىتى» دە ئېلان قىلىشتىن بۇرۇن دانىش ھەنىفىنىڭ كۆرۈپ بېقىشىغا سۇنغانلىقىنى، لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «خەمسە ناۋائىي» دىن باشلاپ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىشكە كىرىشكەندە دانىش ھەنىفى

دىن دائىم تەلىم ئېلىپ تۇرغانلىقىنى ئېيتىشىدۇ.

1945 - يىلى 18 - سېنتەبىر كۈنى ئاقسۇدا ئۇنتۇلماس بىر پاجىئە يۈز بەردى: مۇنىرىدىن غوجا، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، بىلال ئەزىزى قاتارلىق بىر تۈركۈم ئىنقىلابچىلار گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلدى. بۇ پاجىئە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي قوشۇنلىرى جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىش ھارپىسىدا، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن كەلپىنگە كۆچۈرۈلۈپ نەزەربەند قىلىنغان دانىش ھەنىفگە ناھايىتى قاتتىق تەسىر قىلغان. ئۇ 1946 - يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى رەئىسلىكىنى قايتىدىن ئۈستىگە ئېلىپ، خۇددى 30 - يىللاردىكىدەك غەيرەت - شىجائەت بىلەن ئىشلىگەن: ئويغانغان ئىنقىلابىي ئامما ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي تەرەپتە قەتئىي تۇرۇپ، ھەر خىل ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرغان: سايلام ھەرىكىتىدە ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن زىچ ھەمكارلاشقان.

1946 - يىلى 18 - سېنتەبىر كۈنى ئۇ ئۆزى مۇدەررىسلىك قىلىۋاتقان ئاقسۇ لەڭگەر خانىقاسى ئالدىدا يىغىن ئۇيۇشتۇرۇپ، ل. مۇتەللىپ قاتارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلار ۋاپاتىنىڭ بىر يىللىقىنى خاتىرىلىگەن. ئۇنىڭ يىغىندا ئىنقىلابىي قۇربانلارنى مەدھىيىلەپ، ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتنى سۆكۈپ سۆزلىگەن جاراڭلىق نۇتقى يىغىن قاتناشچىلىرىنى قاتتىق ھاياجانلاندۇرغان. يىغىننىڭ ئاخىرى ئاممىۋى نامايىشقا ئايلانغان، نامايىشچىلار قوشۇنى مۇستەبىت تۈزۈمگە قارشى جاراڭلىق شوئارلارنى ياڭرىتىپ ئاقسۇ زېمىنىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ تەشۋىقات ئورگىنى بولغان «ئاقسۇ گېزىتى» نى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى نامىغا ئۆتكۈزۈۋالغان ۋە بۇ گېزىتنى ئۈچ ئايغىچە خەلقچىللىق سايلام ھەرىكىتىنىڭ ئىنقىلابىي تەشۋىقات مۇنبىرىگە ئايلاندۇرغان.



«بېتىم» بۇزۇلۇپ، شىنجاڭ ئاسمىنىنى قايتىدىن قارا بۇلۇتلار قاپلىغاندا، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت دانىش ھەنىفنى قايتىدىن قاتتىق ئىسكەنجىگە ئالغان ۋە مۇتەئەسسىپ، ياللانما موللىلارنى دانىش ھەنىفكە قارشى نامايىش قىلىشقا قۇتراتقان. دانىش ھەنىفى ئەتراپىنى قورشىۋېلىپ قىيا - چىيا قىلىشىۋاتقان «نامايىشچىلار» نىڭ ئالدىغا جەسۇر قىياپەت بىلەن چىقىپ، ئۆزىنىڭ تىز پۈكمەس روھىنى نامايان قىلغان.

ئازادلىقتىن كېيىن، دانىش ھەنىفى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى، دېموكراتىك ئىسلاھاتنى قىزغىن ھىمايە قىلغان ۋە قوللىغان؛ يەر ئىسلاھاتى ھەيئىتىنىڭ تەركىبىگە كىرگۈزۈلۈپ، پارتىيىنىڭ يەر ئىسلاھاتى سىياسىتىنى ئاممىغا تەشۋىق قىلغان؛ «ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ھەرىكىتى» دە ئاكتىپ تەشۋىقاتچى ۋە تەشكىلاتچى بولغان؛ ئالىي كوپېراتسىيىلىشىش ھەرىكىتىدە كوپېراتسىيىدىن چىقىپ كەتمەكچى بولغانلارغا خىزمەت ئىشلەپ، ئۇلارنى توسۇپ قالغان. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» غىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك ئىسلام دىنىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنىي جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولغان؛ شۇنىڭدەك، ئاقسۇ ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ئاقسۇ ناھىيىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ كەلگەن. ئۇ، ئەنە شۇنداق ۋەزىپىلەردە بولغان بولسىمۇ، شتاتنىڭ سىرتىدىكى خادىم بولۇپ، يۇقىرىدىن بېرىلگەن ئاز مىقداردىكى تەمىنات پۇلىدىن باشقا، ھېچقانداق ھەق ۋە ئىمتىياز تەلەپ قىلماي، ئىنچىل ۋە بەجانىدىل ئىشلىگەن. جامائەتچىلىك ئارىسىدا ئاكتىپ ۋە جۇشقۇن ئىجتىمائىي پائالـ

يەتچى، دىننىي ئۆلىما، ئەدىب ۋە ئالىم سۈپىتىدە تونۇلغان دانىش ھەنىفى ھەققىي خەلق ۋەكىلى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغان. شۇ دەۋردىكى بەزى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ، بىرقانچە قېتىملىق خەلق قۇرۇلتايلىرىدا ئۆزىنىڭ ناتىقلارغا خاس چەۋەرلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان پىكىر ۋە تەكلىپلىرى بىلەن قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى ئارىسىدا يۇقىرى ھۆرمەت ۋە ئابرويغا ئىگە بولغان. ئۇنىڭ 1960 - يىلى ئۈرۈمچىگە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىغا كېتىۋېتىپ، ئۆز ناھىيىسىدىكى مەلۇم بىر ھاكىمنىڭ خىزمەت ۋە تۇرمۇش ئىستىلىدىكى چاكىنىلىقلارنى تەنقىد قىلىپ يازغان بىر شېئىرى، سەممىي پىكىرنى قوبۇل قىلالمىغان بىر بيۇروكرات كادىرغا قارىتىپ يازغان «نېمە بولدۇڭ زېرەك دوستۇم، پىكرىم ئېغىر كەلدىمۇ» دېگەن مىسرا بىلەن باشلانغان بىر شېئىرى ھەمدە مەلۇم بىر باشقۇرغۇچى خادىمنىڭ خىزمەت ئىستىلىنى قاتتىق تەنقىد قىلىپ يازغان بىر شېئىرى ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان.

دانىش ھەنىفى شۇ چاغدىكى «سوتسىيالىستىك تەلىم - تەربىيە ھەرىكىتى» دە ئۆۋالچىلىققا ئۇچراپ، شەھەردىكى خىزمەتلىرىدىن ئايرىلىپ، ئۆز يېزىسىغا كېتىپ قېلىشقا مەجبۇر بولغان. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا بولسا، يېزىدىن تۇتۇپ كېلىنىپ، «مەسىلە تاپشۇرۇش» قا مەجبۇر قىلىنغان ۋە تەنقىد، كۆرەش قىلىنىپ، ئېغىر جىسمانىي ئەمگەككە سېلىنغان. شۇ ۋاقىتلاردا ئۇ، 60 ياشتىن ئېشىپ قالغان بولسىمۇ، ھەقىقەتنىڭ ھامان غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ، ئۆزىنى تەمكىن، روھلۇق تۇتقان. ئەپسۇسكى، 1970 - يىل 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى تاڭ سەھەردە تۇيۇقسىز كەلگەن ئەجەل ئۇنى مەڭگۈ ئېلىپ كەتكەن. بىلىدىغانلارنىڭ ئېيتىشىچە، دانىش ھەنىفى



40 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا «ئاقسۇنىڭ مەدەنىيەت ۋە مائارىپى» ناملىق، 50 - يىللاردا «شىنجاڭدىكى پەلسەپۋى ئېقىملار» ناملىق ئەسەرلەرنى يازغان. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ ئەسەرلىرى ھازىرغىچە تېپىلمىدى. ئۇنىڭ 30 - يىللاردا تۈزگەن دىۋانى (شېئىرلار توپلىمى) نى ئازادلىقتىن كېيىنمۇ كۆرگەنلەر بار، دانىش ھەنىفى ۋاپاتىدىن بۇرۇن يازغان خاتىرىلىرىنىڭ بىرىدە بۇ دىۋان ھەققىدە ئېنىق ئۇچۇر بېرىپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا يېزىدىن تۇتۇپ كېلىنگىنىدە، ئۇ دىۋانىنىڭمۇ «جىنايەت پاكىتى» سۈپىتىدە ئېلىپ كېلىنگەنلىكىنى يازغان. دىۋاننىڭ كېيىنكى تەقدىرى ھازىرغىچە مەلۇم ئەمەس. مەرھۇمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ باشلىرىدىكى ئاختۇرۇش، كۆيدۈرۈشلەردىن بىر ئامال قىلىپ ساقلاپ قالغان بىرقىسىم مۇھىم كىتاب ۋە قول يازمىلارنى (ئېيتىلىشىچە، 72 پارچە) 1980 - يىلى ئەينى ۋاقىتتىكى بىكتۇەن يېزا ئىگىلىك 1 - شىسى ئاممىۋى خىزمەت بۆلۈمىنىڭ كادىرى تەرجىمان ياڭ ×× (خۇيزۇ) «مەن ساقلاپ پايدىلىناي، داموللامنىڭ مەسلىسىنى ھەل قىلىپ بېرەي» دېگەن سۆزلەر بىلەن ھەربىر كىتاب ۋە قول يازمىغا 2 يۈەندىن پۇل بېرىپ ئېلىپ كەتكەن. مەن 1988 - يىلى كۈزدە بىكتۇەننىڭ ئاممىۋى خىزمەت بۆلۈمىگە بېرىپ، ياڭ ×× نى سۈرۈشتۈرگەن بولساممۇ، ئۇ ئېغىر كېسەل بولۇپ داۋالىنىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، كۆرۈشەلمىگەنىدىم. 1989 - يىلى ئەتىيازدا 2 - قېتىم سۈرۈشتۈرۈپ بارغىنىمدا، ئۇ ئۆلۈپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئېلىپ كەتكەن كىتاب ۋە قول يازمىلارنىڭ تەقدىرىنى بىلىشكە ئامالسىز قالدىم.

مەرھۇم دانىش ھەنىفى يېزىپ قالدۇرغان تۆۋەندىكى مۇھىم تارىخىي ھۆججەتنى تونۇشتۇرىمەن.

## ئاقسۇ دىنىي تەشۋىق بىلەن كورىيە ياردىمى

داننىش ئاخۇن ئون كۈمۈش دوللار.

مەھەممەت سىدىقبەگ ئۈچ كۈمۈش دوللار، سەكسەن قەغەز دوللار.

توختىش خانىم يېرىم تىللا ئالتۇن.

ئابدۇۋەلى ھاجىم ئۈچ كۈمۈش دوللار.

ئەرشىدىن ئون ئۈچ كۈمۈش دوللار.

ھۇشۇر قازى بەش كۈمۈش دوللار.

ئەيسا جۇيجاڭ ئۈچ يۈز قەغەز دوللار.

روزىبەگ سەككىز كۈمۈش دوللار، سەكسەن قەغەز دوللار.

ئابىتخان باققال بىر يۈز يىگىرمە قەغەز دوللار.

ھۇشۇر كۆكباشى ئىككى يۈز قەغەز دوللار.

داۋۇت ھاجىم ئىككى يۈز قەغەز دوللار.

ھاپىز كۆكباشى بىر كۈمۈش دوللار.

ھېمىتبەگ ئون گەز ماتا.

ئەرشىدىن بوجاڭ بىر كۈمۈش دوللار.

يۈسۈپبەگ بىر يۈز ئەللىك قەغەز دوللار.

مەھەممەت نىياز ئاخۇن خۇمدانچى ئەللىك قەغەز دوللار.

بەشىرىق ئۆمەر ھاجىم ئىككى كۈمۈش دوللار، قىرىق قەغەز دوللار.

سارە خېنىم ئىككى كۈمۈش دوللار.

ئابدۇللا تۇففاشى بىر دانە كونا كىگىز.

يېڭى بازار ئابلەق ئون بىر كۈمۈش دوللار.



ئابدۇراخمان خەلپىتىم بىر كۈمۈش دوللار ھېسابىغا قىرىق قەغەز دوللار.

ئىززەت ئەلەم بىر يۈز ئاتمىش قەغەز دوللار.

قالپاق ھېمىت ئاخۇن بىر كۈمۈش دوللار.

لەنگەر پولات ھاجىم بىر ماتا.

تۆمۈر مەئزۇم يېرىم سەر كۈمۈش تەڭگە.

بوياقچى مەھەممەت نىياز ئاخۇن ئاكام ئوغلى ئىككى كۈمۈش دوللار.

ئەرشىدىن ھاجى بىر كۈمۈش دوللار، سەكسەن قەغەز دوللار.

كەلپىن نىياز ئاخۇن بىر كۈمۈش دوللار.

خۇدا قۇلى ھاجىم بىر كۈمۈش دوللار.

خۇيجاڭ مەھەللىسى زىۋىدىنخان ئۈچ گەز شەنبەزە.

قىزىل كۆۋرۈك قازانچى خوجا ئاخۇن يېرىم سەر تەڭگە.

مەھەممەت ئىززىخان*

مەھەممەت نىياز خاتىپ بەگ تۆت مال.

خەدىچە خېنىم ئىككى كۈمۈش دوللار.

تۈگمەنچى مەھەممەت مۇلازىم تۆت كۈمۈش دوللار.

قاسىم ئىمام ئىككى كۈمۈش دوللار.

خۇيجاڭ مەھەللىسى مەھەممەت ئىمىن بوجاڭ يۈز قەغەز دوللار.

توختى ئاخۇن بىر كۈمۈش دوللار.

ھامۇت بوجاڭ سەكسەن قەغەز دوللار.

سابىتخان ئوتتۇز قەغەز دوللار.

نامان قارى بىر كۈمۈش دوللار.

---

*ئاخىرى يېزىلمىغان — ئاپتور.

داۋۇت خۇيجاڭ بىر كۆمۈش دوللار.
تۇردى ئاخۇن ئۇستام قىرىق قەغەز دوللار.
مەھەممەت سىدىق ئاخۇن بىر كۆمۈش دوللار.
سېلىم خەلپەم ئوتتۇز قەغەز دوللار.
زۇجاڭ ئابدۇۋايىت قارى بىر كۆمۈش دوللار.
ھامۇت ئاخۇن پاغاچچى يىگىرمە قەغەز دوللار.
خانىقا مەھەللە پاتىمخان بىر كۆمۈش دوللار.
جانانخان بىر كۆمۈش دوللار.
ئابدۇرېھىم ئاخۇن سودىگەر ئىككى كۆمۈش دوللار.
ھافىز بوجاڭ قىرىق قەغەز دوللار، بىر كۆمۈش دوللار.
سىراجىدىن بىر ماتا، بىر ئاق دوپپا، بىر دۆجىنە قېرىنداش.
تۇرسۇن ئاخۇن ئاكام يەتتە گەز شايى.
ئابدۇلئەزىز قارى ئىككى يۈز قەغەز دوللار.
توختى ئاخۇن بوياقچى ئىككى كۆمۈش دوللار.
تەنزىچى ئىسمايىل ئاخۇن بىر دانە كاتەكچە ماتا.
مەھمۇت ئەلەم ئاخۇنۇم ئىككى كۆمۈش دوللار.
رەھمەت قازى ئاخۇن پېرىم سەر تەڭگە.
ئېلى قارى ئاخۇن بىر كۆمۈش دوللار.
ئىبراھىمبەگ يۈز قەغەز دوللار.
سەيلە خېنىم بىر تاۋار چاپان.
مەھبانەخان بىر تاۋار كۆڭلەك.
توختى گەيجاڭ بىر جۈپ شىشە لۇڭگە.
مەقسۇت ناۋاي قىرىق قەغەز دوللار.
تەنزىچى سەفەر ئىبراھىم ئاخۇن يىگىرمە قەغەز دوللار.



روشەن ئاخۇن ئون بەش دوللار.
موللا ھافىز ئاخۇن قىرىق قەغەز دوللار.
تۆمۈرچى مامۇتخان بىر كۆمۈش دوللار.
قاسىم ئاخۇن ئۇستام يىگىرمە قەغەز دوللار.
ھېمىت ئاخۇن ئون قەغەز دوللار.
زۇجاڭ تۆمۈرچى ياسىن ئاخۇن*
ئەھمەدخان*
تۈگمەنچى يۈسۈپ ئەپەندى ئەلالىك قەغەز دوللار.
مەرەمنىسا خېنىم بىر جۈپ پىيالە چىنە.
خوجى سابىت ئاخۇن ئىككى كۆمۈش دوللار.
بەختى ئاخۇن قىرىق قەغەز دوللار.
توختىنىياز ئون ئىككى كۆمۈش دوللار.
ھېيتاخۇن بىر مىڭ سەككىز يۈز قەغەز دوللار.
روزى ئاخۇن يەتتە يۈز قەغەز دوللار.
ياسىن ئاخۇن بىر ئۆتۈك، يېرىم چەكمەن.
ئەرشىدىن بوجاڭ ئىككى كۆمۈش دوللار.
سابىتخان تۆت يۈز قەغەز دوللار، بىر كىگىز.
كەنجە ئاقساقال ئۈچ يۈز قەغەز دوللار.
راشىدىن ئاقساقال بىر قارا پاقلان.
ئاشپەز ئىمىن ئاخۇن سەكسەن قەغەز دوللار.
رىزمالچى قېرى ئەھمەت ئاخۇن بىر كۆمۈش دوللار،
ئون قەغەز دوللار.
سېلىم ئاخۇن خەلپەت يەتمىش قەغەز دوللار.
ئاسۇق مەقسۇت بوجاڭ سەككىز گەز ماتا.
ئابدۇكېرىمخان بىر يۈز سەكسەن قەغەز دوللار.

*بۇ ئىككىسىنىڭمۇ ئىئانە قىلغان پۇللىرى يېزىلماي قالغان.

سېپتە ئىشلەنگەن قېلىن ئاق قەغەزدىن كېسىپ تىكىلگەن بۇ خاتىرىدىكى تىزىملىك شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ھالبۇكى، خاتىرىنىڭ ئاخىرىنى كۆرگەن كىشى بىر قاراپلا تىزىملىكنىڭ داۋامى بارلىقىنى ھېس قىلالايدۇ.

(ئاپتورى: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىرى: دىلدار ئېزىز



# شىنجاڭدىكى «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» ۋە قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشى

يەن دىيەنچىڭ

XX ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدا، شىنجاڭدىكى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتتە جاھانگىرلىككە، فېئوداللىزمغا ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنى گەۋدە قىلغان خەلق قوزغىلىڭى پارتلىدى. مانا بۇ — شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدا «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» دەپ ئاتىلىدۇ.

يولداش ماۋ زېدۇڭ شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇ: «شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پۈتكۈل جۇڭگو خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى①» دەپ كۆرسەتكەن. بۇ، شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ جۇڭگو ھازىرقى زامان ئىنقىلابىي تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن ئىگىلەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھاكىمىيەت قۇرۇپلا قالماي، بەلكى ئەدلىيە ئورگىنى قۇرۇپ، بىر قاتار قانۇن، ئەمىر - پەرمان، تۈزۈملەرنى تۈزگەن ۋە ئېلان قىلغان. بۇلار شىنجاڭنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى قانۇن - تۈزۈم

ئەھۋالىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىشتا، شىنجاڭنىڭ ھازىرقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى مىللىي رايونلار قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

(1)

1944 - يىلى كۈزدە، شىنجاڭنىڭ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتتە «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» پارتلىدى. «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» نىڭ داغدۇغىسى زور، تەرەققىياتى تېز بولدى. قىسقىغىنە ئىككى يىلدا جاھانگىرلىكنىڭ، فېئودالىزمنىڭ ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىنىڭ «ئۈچ ۋىلايەت» تىكى ھۆكۈمرانلىق كۈچىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، «ئۈچ ۋىلايەت» ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنى قۇردى.

1944 - يىلى 11 - ئايدا «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» نىڭ غايەت زور غەلىبىگە ئېرىشكەنلىكىنىڭ ئالامىتى ئىدى. لېكىن، «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» ھاكىمىيىتى مۇستەھكەم ئەمەس ئىدى. ئۇ چاغدا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ «ئۈچ ۋىلايەت» تىن باشقا كەڭ يەرلىرىنى ئىگىلەپ تۇراتتى، ھەربىي جەھەتتىمۇ خېلىلا ئەمەلىي كۈچكە ئىگە ئىدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ھەر ۋاقىت «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» نى تۇنجۇقتۇرۇۋېتىشنى ئويلايتتى، ھەربىي جەھەتتە ھۇجۇم قىلىش، سىياسىي جەھەتتە پارچىلاش ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە قامال قىلىشتىن باشقا، يەنە دائىم كۆپلىگەن ئىشپىيون، جاسۇس ۋە غالچىلارنى ئەۋەتىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھاكىمىيىتى ئىچىدە ئاغدۇرمىچىلىق، بۇزغۇنچىلىق قىلىپ تۇراتتى. «ئۈچ ۋىلايەت» گەرچە ئىنقىلابىي ئۇرۇش ئارقىلىق گومىنداڭنىڭ



ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىق ئورگىنىنى ۋە كونا ئەدلىيە سىستېمىسىنى پاچاقلاپ تاشلىغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئۇرۇش مۇھىتى ۋە دۈشمەن قورشاۋى ئىچىدە تۇراتتى، ئەگەر تېزدىن ئەدلىيە ئورگىنىنى قۇرمايدىغان ۋە ئىنقىلابىي قائىدە - نىزاملارنى تۈزمەيدىغان بولسا، ئۇ ھالدا «ئۈچ ۋىلايەت» نىڭ ئىنقىلابىي تەرتىپىنى قوغدىيالمايتتى ۋە «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» نىڭ غەلىبىيەت مېۋىلىرىنى ساقلاپ قالالمايتتى. شۇڭا «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شۇ ۋاقىتتىكى شەرت - شارائىت ناھايىتى قىيىن ۋە مۇرەككەپ بولسىمۇ، ئىنقىلابىي قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشى خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى.

«ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» نىڭ قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشى ھەر دەرىجىلىك ئەدلىيە ئورگانلىرىنى قۇرۇش بىلەن باشلاندى. 1944 - يىلى 11 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تەركىبىدە ئىچكى ئىشلار نازارىتى (ساقچى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى)، ئەدلىيە نازارىتى، ئالىي سوت مەھكىمىسى ۋە دىنىي ئىشلار نازارىتى قاتارلىق ئورگانلارنى تەسىس قىلدى: 1945 - يىلى 2 - ئايدا، «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى 23 - نومۇرلۇق قارارنى ماقۇللاپ، ئەدلىيە نازارىتىنى رەسمىي قۇرۇشنى قارار قىلدى ھەم ئەخمەتجان مەخسۇمنى نازىرلىققا تەيىنلىدى. 1945 - يىلى 3 - ئايدا «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى 33 - نومۇرلۇق قارارنى ماقۇللاپ، ئىچكى ئىشلار نازارىتىنى رەسمىي قۇرۇشنى بەلگىلىدى ھەمدە رەھىمجان سابىر ھاجىنى ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا، ماسكالوۋنى مۇئاۋىن نازىرلىققا تەيىنلىدى. 1945 - يىلى 4 - ئايدا «ئۈچ ۋىلايەت» ئالىي

سوت مەھكىمىسى رەسمىي قۇرۇلدى، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئەخمەتجان مەخسۇمنى سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى. ئۇزاق ئۆتمەي، دىنىي ئىشلار نازارىتىمۇ رەسمىي قۇرۇلدى، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئابدۇل مۇتىئاللا خەلىپىنى دىنىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلىدى. شۇنىڭغا ئۇلاپلا ھەرقايسى نازارەتلەر قارمىقىدا ۋە ئازاد رايونلاردا كەينى - كەينىدىن ئەدلىيە ئورگانلىرى قۇرۇلدى. ئىچكى ئىشلار نازارىتى قارمىقىدا ھەرقايسى جايلاردا ساقچى ئىدارىسى، پەيچۇسو قاتارلىق ئورگانلار قۇرۇلدى؛ ئالىي سوت مەھكىمىسى قارمىقىدا ۋىلايەت ۋە ناھىيە دەرىجىلىك سوت ئورگانلىرى قۇرۇلدى؛ دىنىي ئىشلار نازارىتى قارمىقىدا مەھكىمە شەرئىي ۋە ئىماملار② تەسىس قىلىندى. بولاردىن باشقا، ئىنقىلابىي قوشۇن ئىچىدە يەنە ھەربىي سوت قۇرۇلۇپ، قوشۇن ئىچىدىكى جىنايەت ئەنزىلىرىنى سوت قىلدى. شۇ چاغدىكى تارىخىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، ئەدلىيە ئورگانلىرى ئۆز ئالدىغا قۇرۇلمىغان بولسىمۇ، ئەمما ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ بىر تارمىقى بولغان، قانۇن ئۈستىدىن نازارەت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. يۇقىرىقى تارماقلار «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى ئاساسىي ئەدلىيە سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەن.

ھەر دەرىجىلىك ئەدلىيە تارماقلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قانۇن - نىزاملارنى تۈزۈپ، ئىنقىلابىي ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشتى. 1945 - يىلى 5 - ئايدا «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى «جىنايى ئىشلار قانۇنى» نى ئېلان قىلدى. بۇ «جىنايى ئىشلار قانۇنى» جەمئىي يەتتە باب 111 ماددا بولۇپ، جىنايى ئىشلار جىنايەتلىرىنىڭ تۈرلىرى ۋە جازا ئۆلچەملىرىدىن باشقا، يەنە ئاساسىي قانۇن



ۋە جىنايى ئىشلار دەۋا تەرتىپى قانۇنى جەھەتلەردىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» ھۆكۈمىتى تۈزگەن تۇنجى تۈپ قانۇن ئىدى. شۇنىڭغا ئۇلاپلا «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى 1945 - يىلى 8 - ئايدا يەنە «جىنايى ئىشلار دەۋا تەرتىپى قانۇنى» (تۆۋەندە قىسقارتىپ «جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى» دەپ ئېلىندى) نى ئېلان قىلدى. مەزكۇر قانۇن 301 ماددا بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ ئەنزىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش تەرتىپى، پرىنسىپى، تۈزۈملىرى كونكرېت بەلگىلەنگەن. ھەق تەلەپ دەۋالىرىنى سوراق قىلىش ئىشلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، 1945 - يىلى 6 - ئايدا يەنە «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» ھۆكۈمىتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن ئالىي سوت مەھكىمىسى ھەق تەلەپ، مال - مۈلۈك ماجىرالىرىنى بىر ياقلىق قىلىش ھەققىدە «ۋاقىتلىق قوللانما» تۈزۈپ چىقىپ، سوت مەھكىمىلىرىنى ھەق تەلەپ، مال - مۈلۈك دەۋالىرىنى قاراپ چىقىشتا ئاساسقا ئىگە قىلدى. 1948 - يىلى 1 - ئايدا، يەنە «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» ھۆكۈمىتىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ئىلى ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىسى «ناھىيىلىك سوت مەھكىمىلىرى تەشكىلاتى ۋە ئۇنىڭ خىزمەت قوللانمىسى» نى تۈزۈپ چىقتى. مەزكۇر «قوللانما» ئەمەلىيەتتە سوت مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىيلىق رولىنى ئوينىدى. ئۈچ ۋىلايەت رازۋېتكا ۋە سوراق قىلىش خىزمەتلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا لايىقلىشىش ئۈچۈن، «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، ئىچكى ئىشلار نازارىتى 1945 - يىلى 6 - ئايدا «سوراق قىلىش قانۇنى ۋاقىتلىق نىزامى» نى ئېلان قىلدى. مەزكۇر «نىزام» دا ساقچى ئورگانلىرىنىڭ ۋەزىپىسى، خىزمەت ھوقۇقى دائىرىسى، شۇنىڭدەك سوراق قىلىش، ئەيىبكارلارنى قولغا ئېلىش

پرىنسىپى، تەرتىپى قاتارلىقلار ئېنىق، كونكرېت بەلگىلەنگەن. 1945 - يىلى 9 - ئايدا، ئىچكى ئىشلار نازارىتى يەنە «سوراق قانۇنى ۋاقىتلىق نىزامىنىڭ قوشۇمچە بەلگىلىمىسى» نى ئېلان قىلىپ، «سوراق قانۇنى ۋاقىتلىق نىزامى» نىڭ مەزمۇنى، پرىنسىپى ۋە ئەمەلگە ئاشۇرۇش چارىسىنى تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇردى. تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ خىزمەت ئېھتىياجىغا لايىقلىشىش ئۈچۈن، تەپتىش ئورگانلىرى 1949 - يىلى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ قانۇنىي بۇرچى» ۋە «باش تەپتىشنىڭ ھوقۇقى ۋە تەشكىلى تەرتىپى» قاتارلىق خىزمەت نىزاملىرىنى تۈزۈپ، تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ خاراكتېرى، ۋەزىپىسى، مەسئۇلىيەت دائىرىسى ھەمدە خىزمەت تەرتىپى قاتارلىقلار ئۈستىدە ئېنىق بەلگىلىمە چىقاردى. بۇ ئىككى بەلگىلىمە، ئەمەلىيەتتە، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنلۇق رولىنى ئوينىدى.

بۇلاردىن باشقا، «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» ھۆكۈمىتى ئىنقىلابنىڭ ۋەزىيىتى ۋە تايانچ بازىلاردىكى قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا لايىقلىشىش ئۈچۈن، يەنە نۇرغۇن ھەربىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قاتارلىق ساھەلەرگە دائىر ئەمىر - پەرمان، قائىدە - نىزام، بەلگىلىمە ۋە تۈزۈملەرنى تۈزدى ۋە ئېلان قىلدى.

ئەلۋەتتە، شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، «ئۈچ ۋىلايەت» تامامەت ئۇرۇش مۇھىتى ئىچىدە تۇرغاچقا، ئەدلىيە سىستېمىسى ۋە ئەدلىيە تۈزۈمى خېلىلا تولۇقسىز ئىدى، ئۇنىڭدا چەكلىمىلىكمۇ خېلى چوڭ ئىدى. «جىنايى ئىشلار قانۇنى» ۋە «جىنايى ئىشلار دەۋا تەرتىپى قانۇنى» تۈزۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەت داۋامىدا ئەستايىدىل ئىجرا بولمىدى؛ شۇنىڭدەك قانۇن ماددىلىرىنىڭ پۇختىلىقى، ئىلمىيلىكى كەم بولۇپ، ئۆز



ئالدىغا مۇستەقىل سىستېما ۋە مۇكەممەل قۇرۇلما ھاسىل قىلالمىغان.

(2)

«ئۈچ ۋىلايەت» نىڭ ئەدلىيە ئورگانلىرى ۋە ئەدلىيە تۈزۈمى ئالاھىدە تارىخىي مۇھىتتا ۋە تارىخىي شارائىتتا مەيدانغا كەلگەن. شۇڭلاشقا نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

بىرىنچى، گومىنداڭنىڭ كونا ئەدلىيە ئورگىنى ۋە ئەدلىيە سىستېمىسىنى بىت - چىت قىلىش ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن. ماركسىزمنىڭ قارىشىچە، ئەدلىيە تۈزۈمى باشقا ئۈستقۇرۇلمىغا ئوخشاش، مۇئەييەن ئىقتىسادىي ئاساس ئۈچۈن ۋە مەلۇم سىنىپنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. پرولېتارىيات سىنىپى ۋە بارلىق خەلق ئىنقىلابى ھاكىمىيەتنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ھەرگىز ئاددىيلا ھالدا كونا ئەدلىيە ئورگىنىنى ۋە تۈزۈمىنى ئىنقىلابىي خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرماسلىقى كېرەك. لېنىن «سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىپىلىرى» ناملىق ئەسىرىدە: «كاپىتالىزم جەمئىيىتىدە، سوت مەھكىمىسى، مۇھىمى ئېزىش ئورگىنى بۇرژۇئازىيىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئورگىنىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، پرولېتارىياتنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ئەدلىيە ئورگانلىرىنى ئىسلاھ قىلىش ئەمەس،...... بەلكى پۈتكۈل كونا سوت مەھكىمىلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئورگانلىرىنى تامامەن يوقىتىش ۋە ئۈزۈل - كېسىل پاچاقلاپ تاشلاشتىن ئىبارەت.»[3] دەپ كۆرسەتكەنىدى. «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» گەرچە پرولېتارىيات ئىنقىلابى بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇ، ئازسانلىق مىللەت خەلق ئاممىسى ئاكتىپ قاتناشقان مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابتۇر. بۇ ئىنقىلاب بىلەن گومىنداڭ

ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتى ئۆتتۈرىسىدىكى كۈرەش ھايات - ماماتلىق كۈرەش بولۇپ، ھېچقانداق ياراشتۇرۇشقا، مۇرەسسە قىلىشقا ئورۇن يوق ئىدى. شۇڭلاشقا، «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن ۋە ھاكىمىيەت قۇرغاندىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ كونا ئورگانلىرى ۋە ئەدلىيە تۈزۈمىگە قەتئىي «پاچاقلاپ تاشلاش» پوزىتسىيىسىنى تۇتۇپ، گومىنداڭنىڭ كونا ئەدلىيە ئورگانلىرى ۋە كونا ئەدلىيە تۈزۈمى ئاساسىدا، ئىنقىلابىي خەلقنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان يېڭى ئەدلىيە ئورگىنى ۋە ئەدلىيە تۈزۈمىنى ئورناتتى. بۇ «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» ئەدلىيە ئورگىنى ۋە ئەدلىيە تۈزۈمىنىڭ خەلقچىللىقى ۋە ئىلغارلىقىنى مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

ئىككىنچى، «ئۈچ ۋىلايەت» نىڭ ئەدلىيە ئورگىنى ۋە تۈزۈمى مەلۇم دەرىجىدە خەلق دېموكراتىيىسى روھىنى گەۋدىلەندۈردى. لېنىن قانۇننىڭ ماھىيىتى ئۈستىدە توختالغان چاغدا: «قانۇن غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈپ، دۆلەت ھاكىمىيىتىنى ئىگىلىگەن سىنىپنىڭ ئىرادىسىنىڭ ئىپادىلىنىشىدۇر»④ دەپ كۆرسەتكەنىدى. ئېنگېلس تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ: «...... ئىنقىلاب ئارقىلىق ھاكىمىيەتكە ئېرىشكەن پارتىيە ياكى سىنىپ، ئۆز تەبىئىتىدىن ئېيتقاندا، ئىنقىلاب ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن يېڭى قانۇن - تۈزۈم ئاساسىنىڭ مۇتلەق ئېتىراپ قىلىنىشىنى ھەم مۇقەددەس نەرسە دەپ قارىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ»⑤ دېگەنىدى. «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» نىڭ ئەدلىيە ئورگىنى ۋە ئەدلىيە تۈزۈمى گومىنداڭنىڭ كونا ئەدلىيە سىستېمىسىنى پاچاقلاپ تاشلاش ئاساسىدا، «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» نىڭ ئېھتىياجى ۋە خەلقنىڭ ئىرادىسى ئاساسىدا بەرپا قىلىنغان. ئۇ، دۈشمەنگە زەربە بېرىپ خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداپ،



خەلقنىڭ قانۇنىي ئورنىنى تىكلىدى. «جىنايى ئىشلار قانۇنى» دا مۇنداق دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن: «بارلىق پۇقرالار تامامەن باپباراۋەر»، «ھەر بىر پۇقرا ھۆكۈمەت بەرگەن ھوقۇقتىن تولۇق بەھرىمەن بولىدۇ»، «ھەر بىر پۇقرا...... ھۆكۈمەت بەرگەن سايلاش - سايلىنىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ؛ ئەدلىيە ئورگانلىرى ئەنزىلەرنى دېموكراتىك ئاساستا بېجىرىدۇ ۋە خەلق زاستاتىللىق تۈزۈمىنى يۈرگۈزىدۇ. خەلق ئاممىسىنى سوتنىڭ سوراق ئىشلىرىغا قاتناشتۇرىدۇ. ئەرز - شىكايەتلەرنى ۋە خەلقنىڭ قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ؛ رازۋېتكا، تەپتىش، سوراق ئورگىنىدىن ئىبارەت ئۈچ ئورگان ئەنزىلەرنى بېجىرىشتە ئۆز ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلىپ، ئۆزئارا نازارەت قىلىدۇ، بىر - بىرىنى چەكلەپ تۇرىدۇ». مانا بۇلاردا خەلق دېموكراتىيىسى روھى مەلۇم دەرىجىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن، خەلق دېموكراتىيىسى ئىدىيىسى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ خوجايىنلىق روھى قانۇن قۇرۇلۇشى جەھەتتە كونكرېت ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. لېنىن خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنقىلابىي سوت ئىشلىرىغا قاتنىشىشىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى ئۈستىدە سۆزلەپ كېلىپ: «...... سوت بارلىق كەمبەغەللەرنى دۆلەتنى باشقۇرۇشقا قاتناشتۇرىدىغان ئورگان (چۈنكى ئەدلىيە خىزمىتىمۇ دۆلەتنى باشقۇرىدىغان بىر خىل فۇنكسىيىدۇر)، سوت پرولېتارىياتنىڭ ۋە كەمبەغەل دېھقانلارنىڭ ھاكىمىيەت ئورگىنىدۇر، سوت خەلقنى ئىنتىزامغا رىئايە قىلىشقا تەربىيىلەيدىغان قورالدۇر»⑥ دەپ كۆرسەتكەن. «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» نىڭ سوتىنى گەرچە پرولېتارىياتنىڭ سوتى دېگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن «ئۈچ ۋىلايەت» خەلقنىڭ مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابىي سوتى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ دەل ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئەدلىيە ئورگىنى ۋە ئەدلىيە تۈزۈمى بىلەن گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچى ئەدلىيە ئورگىنى ۋە ئەدلىيە

تۈزۈمىنىڭ ماھىيەتلىك پەرقىدۇر.

ئۈچىنچى، ئەدلىيە بىلەن ھۆكۈمەت بىرلىشىپ كەتكەن. «ئۈچ ۋىلايەت» نىڭ ئەدلىيە ئورگىنى ھەم مەخسۇس قانۇن ئىجرا قىلىدىغان ئورگان، ھەم ھۆكۈمەتنىڭ بىر فۇنكسىيىلىك تارمىقى؛ ھەم مۇستەقىل رازۋېتكا قىلاتتى، سوراق ئىشلىرىنى قانات يايدۇراتتى ھەم «ئۈچ ۋىلايەت» ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلاتتى. بۇنىڭ مۇھىم ئىپادىلىرى: «ئۈچ ۋىلايەت» نىڭ ئالىي سوت مەھكىمىسى بىلەن يەرلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ مۇھىم رەھبەرلىرىنى «ئۈچ ۋىلايەت» ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بىۋاستە تەيىنلەيدۇ ياكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبىرىي خادىملىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئەمەلدارلار قوشۇمچە ئۆتەيدۇ؛ ئالىي سوت مەھكىمىسى چىقارغان ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈمى «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن كۈچكە ئىگە بولۇپ ئىجرا قىلىنىدۇ؛ «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» ھۆكۈمىتى سوت مەھكىمىسى چىقارغان ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈمىنى تەستىقلاش، ئۆزگەرتىش ۋە ئىنكار قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە، ئالىي سوت مەھكىمىسى ئۇنى جەزمەن ئەمەل قىلىپ ئىجرا قىلىشى كېرەك. مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى «ئۈچ ۋىلايەت» نىڭ ئەدلىيە ئورگىنىدا سوت قىلىشتىن ئىبارەت ئەڭ ئالىي ھوقۇقنىڭ ئەڭ يۇقىرى مەمۇرىي ھوقۇق بىلەن بىرلىشىپ كەتكەنلىكىنى، ئالىي سوت ھوقۇقىنىڭ ئاخىر بېرىپ ئالىي مەمۇرىي ھوقۇققا بويسۇنىدىغانلىقى ۋە ئالىي مەمۇرىي ھوقۇق تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغانلىقىنى تولۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ خىل ئەدلىيە قۇرۇلمىسى ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ سوت پائالىيىتىنى مۇستەقىل ئېلىپ بېرىشىغا پايدىسىز بولسىمۇ، ئەمما شۇ چاغدىكى كونكرېت مۇھىت ۋە تارىخىي شارائىتتا،



«ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» يېڭى ھاكىمىيىتىنى كۈچەيتىش ۋە مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ھەقىقەتەن زۆرۈر ئىدى.

تۆتىنچى، سوت ئورگانلىرى بىلەن مەھكىمە شەرئىي بىرلىشىپ كەتكەن. «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» قۇرۇلغاندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى بىلەن تېخىمۇ كەڭ ئىتتىپاقلىشىپ، ئۇلارنى ئىنقىلابقا پائال ئاتلاندۇرۇش ئۈچۈن؛ يەنە بىر تەرەپتىن، قۇدرەتلىك دىنىي كۈچكە دۈچ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، مۇرەسسەلىشىش، يول قويۇش سىياسىتىنى قوللىنىشقا مەجبۇر ئىدى. شۇڭا، ئالاھىدە تارىخىي شارائىتتا، مەھكىمە شەرئىيگە تاقەت قىلىش، ساقلاپ قېلىش، ئىتتىپاقلىشىش، پايدىلىنىش پوزىتسىيىسىنى قوللاندى. يەنى «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى ئومۇميۈزلۈك قۇرۇلغان ئەھۋالدىمۇ، مەھكىمە شەرئىيلەرنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا، «ئۈچ ۋىلايەت» ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە دىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەنزەلەر ۋە دىنىي مۇخلىسلىرىنىڭ بىر قىسىم ھەق - تەلەپ دەۋالىرى ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىشىغا يول قويىدى. ھۆكۈمەت بىلەن دىن بىرلىشىپ كەتكەن، مەھكىمە شەرئىي بىلەن ھۆكۈمەت سوت مەھكىمىلىرى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، سوتنىڭ فۇنكسىيىسىنى تەڭ يۈرگۈزگەن ۋەزىيەت — ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئەدلىيە ئاپپاراتلىرى ۋە ئەدلىيە تۈزۈمى قۇرۇلۇشىدىكى گەۋدىلىك بىر ئالاھىدىلىكتۇر.

بەشىنچى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى تۈزۈمى ئاساسىي نۇسخا قىلىنغان. «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» باشلىنىش بىلەنلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۈچلۈك قوللىشى ۋە ياردىمىگە ئېرىشكەنىدى. شۇڭلاشقا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جىنايى

ئىشلار قانۇنى تۈزۈمى «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» جىنايى ئىشلار قانۇنى تۈزۈمىنىڭ ئاساسىي نۇسخىسى بولۇپ قالغان. «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» نىڭ قانۇن تۈزۈمىدە سوۋېتنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇن تۈزۈمىنىڭ بەزى ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرى ئەكس ئېتىلگەن. مەسىلەن، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى تۈزۈمىنىڭ مەزمۇنىدىن پايدىلىنىپ، جىنايەتنى بېكىتىشنىڭ پرىنسىپلىرى، پۇقرالار قانۇن ئالدىدا باراۋەر بولۇش پرىنسىپى، پاكىتقا ۋە دەلىل ـ ئىسپاتقا ھۆرمەت قىلىش پرىنسىپى، مۇستەقىل سوت قىلىش ۋە بىر جىنايەتكە بىر جازا بېرىش، بىرنەچچە جىنايەتكە قوشۇپ بىر جازا بېرىش، قايتا جىنايەت ئۆتكۈزسە مۇددىتىنى ئۇزارتىش پرىنسىپى قاتارلىق جىنايى ئىشلار قانۇنى پرىنسىپلىرىنى تۈزگەن. جىنايى ئىشلار دەۋا تۈزۈمى جەھەتتە، سوۋېتنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىدىن پايدىلىنىپ، ئوچۇق سوت قىلىش تۈزۈمى، ئىككى سوت بىلەن سوتنى ئاخىرلاشتۇرۇش ۋە كېڭەيتىش تۈزۈمى، ئاقلاش تۈزۈمى، شۇنىڭدەك چەتلەشتۈرۈش تۈزۈمى قاتارلىق تۈزۈملەرنى ئورناتقان. «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» ھۆكۈمىتى سوۋېتنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى تۈزۈملىرىدىن پايدىلىنىپ «ئۈچ ۋىلايەت» نىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى تۈزۈمىنى ئورنىتىشتا، ئەلۋەتتە، «ئۈچ ۋىلايەت» نىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ۋە ئېھتىياجىنى تولۇق ھېسابقا ئالغان، مەزمۇنى ۋە شەكلى جەھەتتە تاللاشقا ۋە يېڭىلىق يارىتىشقا تىرىشقان. ئالايلۇق، «ئۈچ ۋىلايەت» نىڭ «جىنايى ئىشلار ئومۇمىي قانۇنى» دا، جىنايى ئىشلار قانۇنىدا بەلگىلەنگەن ئادەتتىكى مەزمۇندىن باشقا، يەنە پۇقرالارنىڭ ھوقۇقى، مەجبۇرىيەتلىرى بەلگىلەنگەن؛ «ئۈچ ۋىلايەت» نىڭ «جىنايى ئىشلار دەۋا



تەرتىپى قانۇنى» دا، سوۋېتنىڭ جىنايى ئىشلار دەۋا تۈزۈمىدىكى بەزى ئاساسىي پرىنسىپ ۋە مەزمۇنلاردىن باشقا، يەنە «ئۈچ ۋىلايەت» نىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئەدلىيە بىلەن ھۆكۈمەت بىرلەشكەن، سوت مەھكىمىسى بىلەن مەھكىمە شەرئىي بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ئەدلىيە قۇرۇلمىسىنى ئورناتقان.

ئالتىنچى، ئەمەلىي قانۇن بىلەن تەرتىپ قانۇنىغا تەڭ ئەھمىيەت بېرىلگەن. «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە «جىنايى ئىشلار قانۇنى»، «جىنايى ئىشلار دەۋا تەرتىپى قانۇنى» دىن ئىبارەت ئىككى مۇھىم قانۇن تۈزۈلگەن ۋە ئېلان قىلىنغان. ئەمەلىي قانۇن بولغان «جىنايى ئىشلار قانۇنى» ـ جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلەرنىڭ جىنايىتىنى بېكىتىش، جازا ئۆلچەشنىڭ قانۇن ئاساسى. «جىنايى ئىشلار دەۋا تەرتىپى قانۇنى» بولسا، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ قانۇن بويىچە ئەنزە باشقۇرىدىغان مۇھىم مەشغۇلات قائىدىسى. «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» ھۆكۈمىتى ئەمەلىي قانۇنغىمۇ، جىنايى ئىشلار دەۋا تەرتىپى قانۇنىغىمۇ ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن. جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ پرىنسىپلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، «جىنايەت شەكىللەندى دەپ ئېتىراپ قىلىش» ۋاقتىدا، «قانۇنغا ئاساسەن جىنايەت بېكىتىش، جىنايىتىگە ئاساسەن قانۇن يۈرگۈزۈشنى تەكىتلىگەن»، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە «جىنايى ئىشلار دەۋا تەرتىپى قانۇنى جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ تولۇقىسى» ئىكەنلىكىنى، ئەدلىيە ئورگانلىرى جەزمەن قانۇن بويىچە ئەنزە بېجىرىپ، «جىنايى ئىشلار دەۋا تەرتىپى قانۇنى» نىڭ بەلگىلىمىلىرىگە قاتتىق ئەمەل قىلىشى، «جىنايەتچى قانۇننىڭ قايسى ماددىسىغا توغرا كەلسە، ئۇنى شۇ ئورۇنغا ئاپىرىش» لازىملىقىنى تەكىتلىگەن. بۇلا ئەمەس، «ئۈچ ۋىلايەت» نىڭ «جىنايى ئىشلار دەۋا

تەرتىپى قانۇنى» دا، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ فۇنكسىيىلىك ئىش تەقسىماتى، ئەنزىلەرنى باشقۇرۇش تەۋەلىكى، شۇنىڭدەك ئەنزە بېجىرىش تەرتىپى توغرىسىدا ئېنىق، قاتتىق بەلگىلىمە بەلگىلەنگەن. ئۇنىڭغا زىت بولغانلىرى قانۇنغا خىلاپ دەپ ھېسابلانغان. مەسىلەن، «جىنايى ئىشلار دەۋا تەرتىپى قانۇنى» دا، سوت مەھكىمىسى ئەنزىلەرنى قاراپ چىقىشتا، ئەگەر بىر كۈن ئىچىدە سوت قىلىپ ئاخىرلاشتۇرىدىغان ئەنزە بولسا، «چوقۇم شۇ كۈنى ھۆكۈم چىقىرىش لازىم»، «يېرىم كېچىدىن ئۆتۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ سوت باشلىقىنىڭ ۋە باشقا ئىككى نەپەر سوت مەھكىمىسى خادىمىنىڭ مەزكۇر ئەنزىنى ئىككىنچى كۈنىگە قالدۇرۇپ ھۆكۈم چىقىرىشىغا بولمايدۇ»، ئۇنداق بولمايدىكەن، «ھۆكۈم ئىناۋەتسىز» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ، سەل «ئۆلۈك» بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن دەۋا تەرتىپىگە ئەھمىيەت بېرىلگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ، ئۆز ۋاقتىدىكى تارىخىي شارائىتتا، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ ئەنزە بېجىرىشىدە قانۇنغا قاتتىق ئەمەل قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.

(3)

شىنجاڭدا «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» نىڭ بولۇپ ئۆتكىنىگە يېرىم ئەسىر بولۇپ قالدى. ئەمما، ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» نىڭ قانۇن ـ تۈزۈم تارىخىنى تەتقىق قىلىدىغان ئەسەرلەر تېخى بۈگۈنكى كۈنگىچە دۇنياغا كەلمىدى. بۇنى ناھايىتى زور بىر يوقىتىش ۋە ئەپسۇسلىنارلىق ئىش دېمەي بولمايدۇ. شۇنداقتىمۇ، «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» دىن ئىبارەت بۇ تارىخ توغرىسىدا



كىشىلەردە چۈشىنىپ كېتەلمەسلىك، ئاڭقىرالماسلىق ۋە گۇمانسىراش پەيدا قىلغان ئامىللار تۈگەپ، ئۆتمۈش بولۇپ قالدى. بىز سوتسىيالىستىك پەن ـ مەدەنىيەتنى تىرىشىپ گۈللەندۈرۈۋاتقان، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، شىنجاڭدىكى «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» نىڭ قانۇنچىلىق تارىخىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى قىزغىن قانات يايدۇرۇش زۆرۈر بولۇپ قالماي، بەلكى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر.

بىرىنچى، شىنجاڭدىكى «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» جۇڭگو خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابى ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى بولغاندىن كېيىن، «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» نىڭ قانۇنچىلىق تارىخىمۇ ئەلۋەتتە جۇڭگو قانۇنچىلىق تارىخىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولىدۇ. شۇڭا، ھازىر شىنجاڭدىكى «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» نىڭ قانۇنچىلىق تارىخىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى ئاكتىپ قانات يايدۇرۇش جۇڭگونىڭ قانۇنچىلىق تارىخىنىڭ مەزمۇنىنى يەنىمۇ بېيىتىش، تولۇقلاش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇش بىلەن قالماي، بەلكى ئېلىمىزدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ قانۇنچىلىق تارىخىدىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇرغىلى بولىدۇ.

ئىككىنچى، دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا، ھەرقايسى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ قانۇنى بولغان ئاساسىي قانۇننى ئىزچىل ئىجرا قىلىش لازىملىقى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەرقايسى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا بەلگىلەنگەن دائىرىدە، ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، لايىقلاشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى قانۇن، قائىدە ۋە ئايرىم نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىشقا يول قويۇلىدىغانلىقى ئېنىق بەلگىلەنـ

گەن. لېكىن ئېلىمىزنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلىرى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى زادى قانداق ئىزچىللاشتۇرۇشى لازىم؟ ئاساسىي قانۇننىڭ پرىنسىپلىرىغا ئاساسلىنىپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئەھۋالىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان قانۇن، قائىدە ۋە ئايرىم نىزاملارنى قانداق تۈزۈشى كېرەك؟ بۇ ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىن چوڭقۇر تەتقىق قىلىدىغان ۋە ئىزدىنىدىغان بىر نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي مەسىلىدۇر. «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى قانۇن ۋە تۈزۈم دەل مەملىكىتىمىزدىكى ئازسانلىق مىللەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابى جەريانىدا، ناھايىتى مۇرەككەپ مۇھىت ۋە تارىخىي شارائىت ئاستىدا قەدەممۇ قەدەم شەكىللەنگەن ۋە ئورنىتىلغان. ئۇ مول مەزمۇنغا ۋە روشەن ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشىنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىش بىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى تېخىمۇ ئوبدان ئىزچىل ئىجرا قىلىشىمىزدا مەلۇم پايدىلىنىش رولىغىلا ئىگە بولۇپ قالماستىن، بەلكى مىللىي رايونلارنىڭ قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىمۇ ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۈچىنچى، مەملىكىتىمىز كۆپ مىللەتلىك مەملىكەت. مەملىكىتىمىزنىڭ ئۇزاق تەرەققىيات تارىخى جەريانىدا ھەر مىللەت خەلقى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشتا، ئورتاق دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش ۋە مىللىي ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈشتە ھەرقايسىسى ئۆز تۆھپىلىرىنى قوشقان. شىنجاڭدىكى «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىك قىلغان خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكىتىگە زىچ باغلانغان. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى پۈتكۈل مەملىكەت خەلقى بىلەن بىللە مىللىي ئازادلىق ھەرى-



كىتىگە قاتنىشىپلا قالماستىن، بەلكى ئىنقىلاب داۋامىدا يەنە بىر ئۇچۇم مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى»نىڭ قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشىدىكى مۇۋەپپەقىيىتى ۋە تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش مىللىي رايونلارنىڭ قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىلا ئەمەس، بەلكى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى تېخىمۇ ئىلھاملاندۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش ئۈچۈنمۇ ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئىزاھلار:

① 1946 - يىل 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ماۋ زېدۇڭنىڭ شىنجاڭنىڭ غۇلجا ئالاھىدە رايونى خەلق ھۆكۈمىتىدىكى ئەخمەتجانغا ئەۋەتكەن خېتىگە قارالسۇن.

② ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ ناماز ئوقۇشىغا باشچىلىق قىلغۇچى كىشى.

③ «لېنىن ئەسەرلىرى» 27 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 199 - بەت.

④ يۇقىرىقىغا ئوخشاش، 13 - توم 304 - بەت.

⑤ «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى» 36 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 238 - بەت.

⑥ «لېنىن ئەسەرلىرى» 27 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 244 - بەت.

(«شىنجاڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي» ژۇرنىلىنىڭ 1991 - يىللىق 4 - سانىدىن ئېلىندى)

ھەبىبۇللا خوجا لەمجىنى تەرجىمىسى

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى

# يەكەن دەرياسى كۆۋرۈكىنىڭ ئىككى قېتىملىق ياسىلىشىدىن ئەسلىمە

**مەھەممەت پاتىھ**

يەكەن دەرياسى (زەرەپشان دەرياسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچكى چوڭ قۇرۇقلۇق دەريالىرىدىن بىرى. بۇ دەريا پامىر تاغ تىزمىلىرىدىن يەكەن تۈزلەڭلىكىگە كەلگەندە پوسكام بىلەن يەكەن ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ. شۇڭا، بۇ دەريا يەكەن - خوتەن قاتناش لىنىيىسىنىڭ مۇھىم بىر ئۆتكىلى بولۇپ قالماي، بەلكى جەنۇبىي شىنجاڭدا ستراتېگىيە جەھەتتىمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. كونا جەمئىيەتتە بۇ دەريادىن كېمە بىلەن ئۆتەتتۇق. ئۇ چاغلاردا بۇ دەرياغا ياز كۈنلىرى كەلكۈن كېلىدىغان بولغاچقا، كېمە بىلەن ئۆتۈشمۇ خەتەرلىك بولۇپ، بەزى چاغلاردا ئادەم ۋە ھايۋانلار چوڭ خەتەرگە يولۇقاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ھەممە ئادەم بۇ دەريادا بىر كۆۋرۈك بولۇشىنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن. 1937 - يىلى كۈزدە، شېڭ شىسەي قوشۇنلىرى سوۋېت قىزىل



ئارمىيىسىنىڭ ياردىمى بىلەن ماخۇسەن قوشۇنلىرىغا قارشى ھەربىي يۈرۈش قىلىپ يەكەن دەرياسىغا كەلگەندە، ئېغىر تىپتىكى تانكا ۋە برونېۋىك ماشىنىلارنى ئۆتكۈزۈشتە خېلى توسالغۇغا يولۇققان. بۇ، 10 - ئاي مەزگىلى بولۇپ، دەريا سۈيى تېخى تارتىلمىغانىدى. شۇڭا، شېڭ شىسەي قوشۇنلىرى بۇ دەرياغا كۆۋرۈك سېلىشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئىنژېنېر ۋە تېخنىكلارنى ئاجرىتىپ، يەكەن - پوسكام خەلقلىرى بىلەن بىرلىكتە كۆۋرۈك سېلىشقا كىرىشكەن. بۇ قۇرۇلۇش قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇقلىرى ۋە ئەتىيازنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىدا جاپاغا چىداپ ئېلىپ بېرىلغاچقا، 1938 - يىلى يازدا دەرياغا كەلكۈن كەلگۈچە ئاساسىي جەھەتتىن پۈتكەنىدى. بۇ كۆۋرۈك ناھايىتى جىددىيلىك بىلەن ياسالغاچقا، تېخنىكا ۋە سۈپەت جەھەتتىن بىر قەدەر تۆۋەن ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ كۆۋرۈك ئۆز ۋاقتىدا يەكەن - قەشقەر بويىچە مىسلى كۆرۈلمىگەن قۇرۇلۇش ھېسابلىنىپ، قاتناش ئېھتىياجىنى زور دەرىجىدە ئاسانلاشتۇرغان ۋە بىر يېرىم يىلغا قەدەر كەلكۈن سۇلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، قاتناشنى راۋانلاشتۇرغانىدى. ئەپسۇسكى، 1939 - يىلى يازدا دەرياغا چوڭ كەلكۈن كېلىپ، كۆۋرۈكنىڭ ئاۋۋال پوسكام تەرىپىنى، ئاندىن يەكەن تەرىپىنى بۇزۇپ ئېلىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن يەكەن دەرياسىنىڭ قاتنىشى مەلۇم قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىپ، قاتناش قىيىنلاشقانىدى.

1940 - يىللىرى ياپون تاجاۋۇزچىلىرى مەملىكىتىمىزنىڭ شەرق ۋە جەنۇبىدىكى تاشقى ئالاقە يوللىرىنى قامال قىلىپ قويغانلىقتىن، ئىستىپاقداش دۆلەتلەردىن جۇڭگوغا كېلىدىغان ياردەم پەقەت ھىندىستان ئارقىلىق قارا قۇرۇم ئېتىكىدىكى قاغىلىق ھەربىي ئايرودرومىغا كېلەتتى، ئۇ يەردىن ماشىنا بىلەن ئىچكىرىگە توشۇلاتتى. بۇ مەزگىل سوۋېت ئىتتى

پاقىدىمۇ سوۋېت — گېرمان ئۇرۇشى ناھايىتى كەسكىن داۋام قىلىۋاتقان مەزگىل ئىدى. ئەمما، مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە، يەكەن دەرياسىغا قايتا كۆۋرۈك سېلىش ئىستراتېگىيە جەھەتتىنمۇ ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ قالغاچقا، شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى يۈز مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ، قەشقەر ۋالىيسى چېن فاكېيگە بۇيرۇق بەرگەن. قەشقەر ۋالىيسى يەكەن دەرياسىنىڭ كۆۋرۈكىگە مۇناسىۋەتلىك ناھىيەلەرنىڭ ھاكىملىرىنى يىغىپ، «يەكەن دەرياسىغا كۆۋرۈك سېلىش ھەيئىتى» قۇرغان. بۇ ھەيئەتكە ۋالىي باشلىق، مۇناسىۋەتلىك ھاكىملار مۇئاۋىن باشلىق بولۇپ خىزمەتكە رەھبەرلىك قىلغان. بۇ قېتىم كۆۋرۈك سېلىشقا يەكەن يېڭىشەھەر ناھىيىسى، يەكەن كونا شەھەر ناھىيىسى، قاغىلىق ناھىيىسى (بۇ ناھىيە شۇ چاغدا خوتەنگە تەۋە بولسىمۇ، ئەمما كۆۋرۈككە قوشنىدار بولغانلىقتىن قاتناشقان)، پوسكام ناھىيىسى، مەكىت ناھىيىسىدىن ئىبارەت بەش ناھىيە قاتناشتۇرۇلغان. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار شۇ يىلى 4 - ئايدىن باشلاپ ئۈچ يىللىق پىلان بىلەن ئىشقا كىرىشكەن.

ئىككىنچى قېتىم كۆۋرۈك سېلىشتا ئۆتكەنكى تەجرىبە — ساۋاقلار كۆزدە تۇتۇلۇپ، كۆۋرۈكنى ئىلگىرىكىدىن ئىلغار، پۇختا ۋە كۆركەم قىلىپ سېلىش نىشان قىلىنغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ قېتىم كۆۋرۈك چۈشىدىغان دەريا ئېقىنى ئاۋۋال 5 ناھىيىگە بۆلۈپ بېرىلگەن. بۇ ئورۇن يەكەننىڭ ئارال كەنتىدىن تارتىپ پوسكام ناھىيىسىنىڭ پايناپ كەنتىگىچە بىر يېرىم كىلومېتىر كېلەتتى. بەش ناھىيە كۆۋرۈك چۈشىدىغان يەرنىڭ 500 مېتىرچە يۇقىرىسىدىن بۇقا باغلاپ، ياغاچ، شاخ بىسىم تاشلار بىلەن مۇستەھكەم دومبا سوقۇپ، دەريانى چوڭ ئۈچ ئېقىنغا بۆلگەن، ئاندىن كۆۋرۈك چۈشىدىغان يەرنىڭ ئىككى



قىشى ۋە ئۈستىنى ياغاچ، شاخ، تاش، تۆمۈرلەر بىلەن ناھايىتى پۇختا ئىشلەپ تەييارلىغاندىن كېيىن، ئۇزۇنلۇقى 12 مېتىر، دىيامېتىرى بىر مېتىر كېلىدىغان خىل ياغاچلارنى تاللاپ، جەنچاناق (قوزۇق قاقىدىغان چويۈن توقماق) بىلەن ئارىلىقىنى تۆت مېتىردىن بىر رەت قىلىپ، ھەر رەتكە تۆتتىن تۈۋرۈك قوزۇق قاققان؛ بۇ قوزۇقلارنىڭ ئۈستىگە، دىيامېتىرى 1.5 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 15 — 20 مېتىر كېلىدىغان چوڭ ياغاچلارنى مىندۈرۈپ، ئۇلارنى تۆمۈر چەمبەر ۋە مىخ، زاگۇلار بىلەن چىڭىتىپ، كۆۋرۈكنىڭ ئاستى قىسمىنى تەييارلىغان، ئاندىن كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىنى كۆركەم ئىشلەپ، كۆۋرۈكنى پۇختا ۋە ئازادە قىلىپ ياساپ چىققان. قوزۇق تۈۋرۈكلەرنىڭ تۈۋىنى سۇ يالاپ كەتمەسلىك ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ تۈۋىگە مۇكسىيان ساندۇق بېكىتىپ، ساندۇقنىڭ ئىچىگە تاش قاچىلاپ، چۆرىسىنى تاختاي بىلەن ئېتىۋەتكەن. كۆۋرۈكنىڭ يۇقىرى ۋە تۆۋەن ئۇلىغا شاخ ۋە تاش ياتقۇزۇلۇپ پۇختىلانغان. كۆۋرۈك بۆلەكلىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى ئارالچىلارغا جىرىم سېلىنىپ باغ قىلىنغان ۋە قاراۋۇل ئۆيلىرى بىنا قىلىنغان.

بۇ كۆۋرۈك پۈتكىچە خىزمەت شۇنداق جىددىي بولدىكى، ھەر ناھىيىنىڭ ۋە دېھقانلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەھبەرلىرى، يېزا بەگلىرىنىڭ ئىشخانا ۋە چېدىرلىرى دەريا ئىچىدە بولدى. ۋالىي، ھاكىملار نۆۋەت بىلەن كېلىپ خىزمەتنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، سۇسلۇق قىلغانلارنى خىزمەتتىن بوشىتىپ، باشقىلارغا ئىبرەت قىلىپ تۇردى. ئىش مەيدانىنىڭ ئىگىسى بولغان يەكەن ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىرى باقىرجان، چېي فىنچاڭ ۋە لۇيەنچىڭلار (بىرى كەتكەندىن كېيىن بىرى كەلگەن)، پوسكام ھاكىمى مەنناپ (چۈچەكلىك تاتار) باشقا ھاكىملارغا قارىغاندا قۇرۇلۇش ئورنىغا كۆپرەك كېلىپ، نۆۋەت بىلەن رەھبەرلىك قىلىپ

تۆردى. قۇرۇلۇشقا كېرەكلىك ماتېرىيال ۋە ئەمگەك كۈچلىرىنى ھەر قايسى يۇرتنىڭ بەگلىرى يەتكۈزۈپ بەردى، دېھقانلار ئۆيۈشمىلىرى قۇرۇلۇش قاتناشچىلىرىغا (ئاساسەن دېھقانلارغا) تەشۋىق-تەرغىپ قىلىش ۋە ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرۈش خىزمىتىنى ئىشلىدى. ھەممە ناھىيە ئۆز ناھىيىلىرىدە دولقۇن قوزغاپ، خەلقنى بۇ ئىشقا ئومۇمىيۈزلۈك سەپەرۋەر قىلغاچقا، قۇرۇلۇش ئورنىدا ھەر كۈنى ئىككى مىڭدىن ئۈچ مىڭغىچە ئادەم ئىشلىدى. بۇلارنىڭ كۈنلۈك تۇرمۇشىنى تەمىنلەش زۆرۈر بولغاچقا، دەريانىڭ ئىچىدە نەچچە ئون يەردە ناۋايخانا، ئاشخانىلار قۇرۇلۇپ، ھەتتا قاساپ ۋە سودا دۇكانلىرى ئېچىلىپ، چوڭ بازار شەكىللەندى. نەچچە يۈز چۈيۈن توقمىقىنىڭ ئېگىز جادىن چۈشكەندە چىقارغان ئاۋازى، نەچچە مىڭ ئەمگەكچىنىڭ «ھە - ھۇ» دېگەن غۇۋغاسى، نەچچە يۈزلىگەن ياغاچچى، تۆمۈرچىلەرنىڭ بازغان ۋە چوتلىرىدىن چىققان ۋاڭ - چۇڭلار خۇددى توپ - زەمبىرەك ئېتىلىۋاتقان چوڭ بىر جەڭ مەيدانىنى ئەسلىتەتتى. ئەمگەكچىلەرنى ئوبدان دەم ئالدۇرۇش ئۈچۈن، تەشكىلىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ھەر كۈنى كەچتە ئىش ئورنىدا مەشرەپ، ناغرا - سۇناي، ئۇسسۇل - ساما، چېلىشىش ۋە تارتىشماق ئويناشلار قايناپ كېتەتتى. قۇرۇلۇش ئورنىنىڭ ئەتراپىدا ئامانلىق ساقچىلىرى گۈزەت قىلاتتى.

كۆۋرۈك قۇرۇلۇشىنىڭ تېخنىكا جەھەتتىكى ئىشلىرىغا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن گونرولوۋ ۋە ئىۋانوۋلار باشلىق بىر نەچچە ئىنژېنېر - تېخنىكلار رەھبەرلىك قىلدى؛ بۇلار داۋاملىق تۇرالمىغاندا، ئۇلۇغچاتتىكى سىمخانانىڭ كۆۋرۈكنى ياسىغان ئاتۇشلۇق مەتقۇۋان چوڭ، تۇردى ئاخۇن، سەمەت ئاخۇن، ئەبەيدۇللا ۋە ئابدۇللا ئاقساقاللار يېتەكچىلىك قىلدى. كۆۋرۈكنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا يەكەن تەرەپتىن



ئالىپ سۇپۇرگى مەسئۇل بولدى. بۇ ئادەم ئىككى قېتىملىق كۆۋرۈك سېلىشقا باشتىن - ئاياغ قاتنىشىپ، ياخشى كۈچ چىقارغان. بۇ كۆۋرۈككە كېرەكلىك تۆمۈر، پولات، چويۇنلار دەسلەپتە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن توختام بويىچە كەلتۈرۈلەتتى. كېيىن مۇناسىۋەت ئۈزۈلۈپ قالغاچقا، بۇ نەرسىلەرنى ھەر ناھىيە خەلقى ئۆزىدىن چىقاردى. بۇ چاغدا بەش ناھىيىنىڭ ھەممىسىدە تۆمۈر، چويۇنلار قىس بولۇپ كېتىپ، خەلقنىڭ قازان - چۆمۈچ، پالتا - كەتمەنلىرى ناھايىتى قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ قالغان (شۇ چاغلاردا دېھقانلار بىر كەتمەننى 10 چارەك بۇغدايغا سېتىۋالغان). كۆۋرۈك سېلىنىۋاتقان مەزگىلدە، قەشقەر، يەكەن، خوتەن ۋىلايەتلىرىنىڭ ۋالىيلىرى شېڭ شىسەيگە ۋەكالىتەن بىر قېتىم قۇرۇلۇش ئورنىغا كېلىپ، كۆۋرۈككە ئىشلەۋاتقانلاردىن ھال سورىدى. ھەر بىر ناھىيىدىكى ئىدارە - جەمئىيەتلەر، سەنئەت ئۆمەكلىرى، مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرىمۇ نۆۋەت بىلەن كېلىپ ھال سوراپ تۇردى.

كۆۋرۈكنىڭ ئومۇمىي چىقىمى جەھەتتە، شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى يۈز مىڭ يۈەن بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ پۇل تېخنىك ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشىغا، بەزى ماتېرىياللارنى سېتىپ ئېلىشقا ئاران يەتكەن. شۇڭا، ياغاچچى، تۆمۈرچى، قۇيمىچى قاتارلىق ئۇستىلارنىڭ ئىش ھەققىگە ھۆكۈمەتنىڭ ئاشلىق ئامبىرىدىن قوناق بېرىلدى؛ يۇرتتىن ئېلىنغان ياغاچ، شاخ، تۆمۈر، چويۇن قاتارلىقلارنىڭ چىقىمى ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنى ھەر ناھىيە خەلقى ئۆزى تۆلىدى.

شۇنداق قىلىپ، بۇ كۆۋرۈك بەش ناھىيە خەلقىنىڭ ئۈچ يىل جاپالىق كۈرەش قىلىشى، بارلىق ئىقتىسادىي چىقىملارنى

ئۇستىگە ئېلىشى، ھەتتا قۇربانلار بېرىشى نەتىجىسىدە، 1943 - يىلى يازدا تولۇق پۈتتى. كۆۋرۈكنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1500 مېتر، ياغاچ قىسمى 768 مېتر، كەڭلىكى 8 مېتر، ئارىلىقتىكى كۆتۈرمە يولى 732 مېتر، ئۇنىڭ كەڭلىكى 10 مېتر، تۆۋرۈك قوزۇق 96 ئارا، ھەر بىرىنىڭ ئارىلىقى 8 مېتر، توپا قىسمى 366 مېتر بولغان. بۇنىڭدىن يەكەن ئىككى ناھىيىسىنىڭ ياسىغىنى 384 مېتر (48 ئارا)، توپا قىسمى 366 مېتر، قاغىلىق، مەكىت، پوسكام ناھىيىلىرىنىڭ ياسىغىنى 384 مېتر (48 ئارا)، توپا قىسمى 366 مېتر بولۇپ، كۆۋرۈكنىڭ ئىككى تەرىپىگە بىر يېرىم مېتر ئېگىزلىكتە رېشاتكا قىلىنغان. كۆۋرۈك قۇرۇلۇشىغا كەتكەن ئومۇمىي ياغاچ 7000 كۇب مېتر، شاخ ئىككى مىليون باغ، تۆمۈر چويۇنلار تەخمىنەن 100 تونىنا، پارچە راسخوت بەش مىڭ يۇەن، ئەمگەك كۈچى بىر مىليون بەش يۈز مىڭ، ھايۋان كۈچى بەش يۈز مىڭ تۇياق، ئۆلگەن ئادەم 26 نەپەر.

كۆۋرۈك پۈتكەندىن كېيىن، ۋالىي، ھاكىملار، ھەربىي ۋە مەمۇرىي باشلىقلار، ئىدارە - جەمئىيەت باشلىقلىرى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋەكىللىرى، كۆۋرۈك قۇرۇلۇشىدا ئىشلىگەن ئەمگەكچىلەر، ئىنژېنېر - تېخنىك ئۇستىلار ۋە خەلقلەردىن بولۇپ 8000 دىن ئارتۇق ئادەم يىغىلىپ، داغدۇغىلىق مۇراسىم ئۆتكۈزۈلدى. مۇراسىمدا ئاۋۋال ئۆلگەنلەرگە تەزىيە بىلدۈرۈلدى، ئاندىن كۆۋرۈكنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالىدىن ئومۇمىي دوكلاد بېرىلدى، ۋالىي چىن فاڭبەي لېنتا كەستى (بۇ چاغدا يەكەن 10 - ۋىلايەت ئىدى) يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ بەزىلىرى ماشىنا بىلەن، بەزىلىرى پىيادە كۆۋرۈكتىن سەيلە قىلىپ ئۆتتى. ئاخىردا، ئۈچ ناھىيىنىڭ سەنئەت ئۆمەكلىرى ئويۇن قويۇپ بەردى. يىغىن ئەھلىگە 17 كالا ئۆلتۈرۈپ، مىڭ چا-



رەك گۈرۈچ سېلىپ زىياپەت بېرىلدى. كۆۋرۈكنىڭ پۈتۈشى بىلەن يەكەن - خوتەن قاتنىشى ئەسلىگە كېلىپ راۋانلاشتى. بۇ كۆۋرۈك ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ بويىچىلا ئەمەس، بەلكى مەملىكىتىمىز بويىچىمۇ ئەڭ ئۇزۇن، ئەڭ كۆركەم ياغاچ كۆۋرۈك ھېسابلىناتتى. بۇ كۆۋرۈك ھەر يىلى كەلكۈندىن مۇداپىئە قىلىنىپ، داۋاملىق تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىنىپ تۇرغاچقا، 1943 - يىلىدىن 1958 - يىلىغىچە 15 يىل چىداشلىق بېرىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ قاتنىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى. 1958 - يىلى 3 - قېتىم سېمونتتىن زامانىۋى كۆۋرۈك سېلىندى. ھازىر مۇشۇ كۆۋرۈك قاتناش ئېھتىياجىدىن چىقماقتا.

بۇ ماتېرىيالنى يېزىشقا يەكەننىڭ سابىق ھاكىمى يۇ يەنچىڭ، ئەينى ۋاقىتتىكى قۇرۇلۇش بۆلۈم باشلىقى لىياڭ زوگرۇي، زاپچور مەتنياز ئاكا، ھېسابچى ئۇبۇلقاسىم ئىبراھىملار پىكىر قاتناشتۇردى. بۇ يولداشلارغا رەھمەت ئېيتىمەن.

(ئاپتورى: يەكەن ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشتىن)

جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرغۇن ئۆمەر

# تولى ناھىيىسىنىڭ مائارىپ تارىخى ھەققىدە

قىزىربېك جاكۇبايۇۋ

تولى ناھىيىسى چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان، يەر كۆلىمى كەڭ، كۆپ مىللەتلىك، 65 مىڭدىن ئارتۇق نوپۇسقا ئىگە چېگرا رايون بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 70% تىن ئارتۇقىنى قازاق مىللىتى ئىگىلەيدۇ. بۇرۇن بۇ جايدىكى قازاق مىللىتى مال بېقىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، يېشىل يايلاق، سۈزۈك سۇ قوغلىشىپ، بىر يىلنىڭ تۆت پەسلىدە كۆچۈپ - قونۇپ يۈرگەنلىكتىن، مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىدىن مەھرۇم قالغان.

ئېلىمىزدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئوخشاش، تولى قازاقلىرىمۇ ئۆز مائارىپىنى ئەرەب، پارس تىل - يېزىقىنى ئاساس قىلغان دىنىي مائارىپتىن باشلىغان.

1880 - يىللاردا تولى قازاقلىرىدىن مامىربەك، ئابدۇللا، كارىباي، ئەبىشتاي قاتارلىق ئادەملەر ھەجگە بېرىش پۈرسىتى بىلەن بىرقانچە مەملىكەتنى كۆزىتىپ، بالىلارنى ئوقۇتۇشنىڭ پايدىسىنى كۆرۈپ، بالىلىرىنى ئوقۇتۇش قارارىغا كېلىدۇ. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مامىربەك روسىيەدىن كەلگەن ئىبى-



راھىم ئەپەندى دېگەن تاتار مۇئەللىمنى ئالدۇرۇپ، ئۆز ئاۋۇللىرىدا مەكتەپ ئېچىپ، بوتىكە، پوكەي، چاقىبەك، تۇرسىنبەك، قىزىر، شالغايباي، شوكەن (سۇلايمان) قاتارلىق بالىلارنى ئوقۇتۇشقا باشلايدۇ. كارىباي ھاجى ئۆز بالىسى شوكىباي بىلەن قۇۋاندىق، كومەك، ئاسىلبەك، ماڭغىل قاتارلىق بالىلارنى دەسلەپتە كېرىمباي مولىدا، كېيىن تۇرلىباي مولىدا ئوقۇتۇپ، ھەممىسىنى موللا قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىن قۇۋاندىق كېيىن شوكىباينىڭ مولىسى بولۇپ، ئىسماغىل، ھاكىم، موتاي، باۋەن، قابدەن، راقيا، ئومار، سادىۋاقاس قاتارلىق بالىلارنى ئوقۇتۇپ چىقىرىدۇ. قۇۋاندىق موللا (1882 - يىلى تۇغۇلغان) 1905 - يىلدىن باشلاپ بالا ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىپ، خەلققە تونۇلغانلىقتىن، 1945 - يىلدىن 1953 - يىلغا قەدەر «قازى» بولغان. قۇۋاندىق ئۆز بالىلىرىدىن باشلاپ ھازىرغا قەدەر ئۈچ ئەۋلاد موللىلىق كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، كوبەن، ئەبىشتاي، سەبىت، ئېلتوق، بىتىنكە، ئېرىكە قاتارلىق ئادەملەرمۇ ئاۋۇللىرىدا بالا ئوقۇتۇشقا باشلىغان.

ئۇ چاغدىكى ئوقۇتۇش ئۇسۇلى «ئۇسۇل قەدىم» يەنى كونا ئوقۇتۇش ئۇسۇلى بولۇپ، ئوقۇغانلارنىڭ ساۋاتلىق بولۇشى تەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ مەكتەپلەر بايلار، پۇللى بارلار ئۈچۈن ئېچىلغانلىقتىن، ئەمگەكچىلەرنىڭ بالىلىرى ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىغانىدى. XX ئەسىرنىڭ بېشىغا قەدەر شىنجاڭنىڭ بارلىق ئورۇنلىرىدا نادانلىق، خۇراپاتلىق، فېئوداللىق زۇلۇم خەلقىمىزنىڭ گەجگىسىنى بېسىپ تۇرغان ئېغىر يۈك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قازاق خەلقى كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەنلا شۇغۇللانغانلىقتىن، يىلنىڭ تۆت پەسلىدە كۆچۈپ يۈرۈپ، ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە

بولالمىغان. كونا جەمئىيەتتىكى ھۆكۈمەتمۇ خەلقنى نادان تۇتۇش سىياسىتىنى قوللانغانلىقتىن، خەلقىمىز تېخىمۇ نادانلىققا گىرىپتار بولغانىدى.

1927 - يىلى قىزىر مامىربەك ئوغلى سوۋېتتىن كەلگەن بەزى زىيالىيلار بىلەن چۆچەكتىن ۋالىيوللا، رايىمجان ۋە لىيۇ فامىلىلىك بىر خەنزۇ قاتارلىق ئۇقۇمۇشلۇق زاتلارنى ئەكىلىپ ھەم ئۆزى باش بولۇپ زاكارىيا، تۇرسۇنباي، ئۇشبوران، ئەۋباكىر، ئەخمەت، ئەبلخامىت قاتارلىق ئادەملەرنى تەشكىللەپ، ياشلاردىن رۇسچە، خەنزۇچە ئوگىنىدىغان، ئاۋۇللۇق مەكتەپ ئاچىدۇ. بۇ مەكتەپ ئۈچ يىل داۋاملىشىش جەريانىدا، تىللەۋبەردى، مەخسۇتخان، ئەلىخان، سايدەن، غىنايات، بازارخان، ساھىبجامال، جاركەن، مۇساپىخان، ئەدىباي، جورتۇۋىل، داكىش، ئەسقەر، شايمۇرات قاتارلىق باللار ئوقۇيدۇ. بۇلاردىن تىللەۋبەردى، مەخسۇتخان، ئەلىخان، سايدەن، غىنايات... قاتارلىق باللار كېيىن ناھىيە، رايون دەرىجىلىك رەھبىري كادىر، پېشقەدەم مائارىپچى بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ.

قىزىر 1930 - يىلى ئاۋۇللۇق مەكتەپنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، خەلقنىڭ ئوقۇشقا بولغان تەلپىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، «جامبىل» دېگەن يەردە سەككىز بۆلۈملۈك ياتاقلىق مەكتەپ سالدۇرۇپ، ئۇنىڭغا «شوگەل» دەپ ئات قويۇپ ئىشقا كىرىشكەندە، تۇيۇقسىز كېسەل بولۇپ ۋاپات بولىدۇ، مەكتەپ تولۇق پۈتمەي قالىدۇ. قىزىر ئۆلگەندىن كېيىن، سىدىق سۇلايمان ئوغلى، ھەسەيىنغازى ئەيسا ئوغلى قاتارلىقلار خەلققە باشلامچىلىق قىلىپ، ئاۋۇللۇق مەكتەپنى ئېچىپ، بالا ئوقۇتۇشنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

بۇ چاغدا بۇرۇنقى «ئۇسۇل قەدىم» نىڭ ئورنىغا «ئۇسۇل جەدىت» قوللىنىلدى، يەنى «ئىمانشارت» بىلەن «ھەپـ



تىيەك» نىڭ ئورنىغا «مۇغالىم ئاۋال» بىلەن «مۇغالىم ئىسانى» دەرسلىكى قوللىنىلدى.

بۇ ئۇسۇل ئۆگىنىشكە ئاسان، قوللىنىلىشى ئۇڭۇشلۇق بولغانلىقتىن، باللار تېز خەت تونۇپ يازالايدىغان، «كالامشىرىف»نى ئاسان تونۇيدىغان بولدى. بۇنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى كۆرگەن خەلق بۇنى «بىۋاستە ئوقۇش» (تۇتە ئوقۇ) دەپ ئاتىدى. ئائىلىلىك، ئاۋۇللۇق مەكتەپلەر ھەر يىلى كۆپىيىشكە باشلىدى. بۇرۇنقى كۆزى ئوچۇق، بىلىمى بار ئادەملەر چارۋىچى قازاق سەھراسىدا ئوقۇش - ئوقۇتۇشقا مانا مۇشۇنداق ئۆز ھەسسىلىرىنى قوشۇپ كېلىشكەنىدى.

1934 - يىلى ھەر ئەللىكبېشى (ھازىرقى كەنتكە تەڭ) ئەلدە بىردىن ئوقۇش سىنىپى ئېچىلدى. 1935 - يىلىغا كەلگەندە، ئومار، ھەسەيىنغازى، سىدىق، ۋايىس، ئىدىرىس، ئەبىكەي قاتارلىق ئادەملەرنىڭ باشلامچىلىقىدا خەلق ئامىسىغا كەڭ تەشۋىقات يۈرگۈزۈلۈپ، دۆربىلجىن، چۆچەك قاتارلىق جايلاردىن ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەر تەكلىپ قىلىنىپ، ھەر بىر زەڭگى (ھازىرقى يېزىغا تەڭ) ئەلدە بىردىن مەكتەپ ئېچىلدى. ئۇ چاغدا تولى ناھىيىسى توققۇز زەڭگى ئەل ئىدى. سىنىپ مەسىلىسىنى ئوقۇتۇشقا باشلامچىلىق قىلغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ بىكار ئۆيلىرىنى بوشىتىپ بېرىش بىلەن ھەل قىلدى. ياتاق ئۈچۈن كىگىز ئۆيلەرنىڭ كىگىزىنى قەۋەتلەپ تىكىپ، ئوقۇغۇچىلارنى ياتقۇزۇپ ئوقۇتتى.

بۇ مەكتەپلەر تولى تارىخىدا تۇنجى قېتىم ئېچىلغان خەلق باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەر بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققى خەلقتىن يىغىلدى. ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۇلىنى ئۆزلىرى تۆلىدى، بىر قىسىم كەمبەغەل چارۋىچى باللىرىنىڭ ئوقۇش ھەققىنى خەلق تۆلىدى. شۇ يىللاردىن باشلاپ بىر قىسىم ياشلار

ۋىلايەتكە، ئۆلكە مەركەزلىرىگە، ھەتتا سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. مەسىلەن: تىلەۋبەردى قىزىر ئوغلى بىلەن قىزىر بەلبەۋ ئوغلى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا، غۇسمان كارىباي ئوغلى چۆچەككە، زاكارىيا، قىدىربەك، ئۇشبۇرانلار ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا كەتتى.

1936 - يىلى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك قازاق مائارىپى ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپ، خەلقتىن خەير - ساخاۋەت توپلاش ۋە باشقا ئۇسۇللار بىلەن پۇل، مال يىغىپ، چۆچەك، دۆربىلجىن قاتارلىق يەرلەردىن ئۇستىلار تەكلىپ قىلىنىپ، ھەر زەڭگى ئەلدىن بىردىن قازاق مائارىپى ئۇيۇشمىسى باشچىلىقىدىكى ياتاقلىق مەكتەپ سالدۇرۇلدى.

ھەرقايسى مەكتەپلەردە مەكتەپ باشقۇرۇش ھەيئىتى تەشكىللىنىپ، بۇ ھەيئەت ئوكرىداي (رايون دەرىجىلىك، مىڭ ئۆي قارايدۇ)، زەڭگى، ئەللىكبېشى، مەكتەپ مۇدىرلىرىدىن تەشكىل تاپتى. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى قۇرۇلۇش قىلىش، ئوقۇيدىغان بالىلارنى تىزىملاش، بالا يىغىش، تەمىنات ھەققى يىغىش قاتارلىق ئىشلاردىن ئىبارەت بولدى. تولى ناھىيىسى دۆربىلجىن ناھىيىسىگە قاراشلىق بىر ئوكرىداي كېرەي قەبىلىسى بىلەن ئىككى زەڭگى ئۇۋاق قەبىلىسى بولۇپ، توققۇز زەڭگى بىر قاراۋۇل (ھازىرقى تولى شەھىرى تۇرغان يەرنى «مۇفاڭ قاراۋۇلى» دەپ ئاتايتتى) ئىدى. يەتتە زەڭگى كېرەي قەبىلىسىدىن جاقسىلىق، لابا، سۇيەك، تۇمسىققۇرا، بەلشى، ئۇلانبۇلاق، قارادىر مەكتەپلىرى، ئىككى زەڭگى ئۇۋاق قەبىلىسىدىن دەم، جامبىلقورۇ باشلانغۇچ مەكتەپلىرى سېلىندى. مۇشۇ توققۇز مەكتەپتە 480 دەك ئوقۇغۇچى، 20 دىن ئارتۇق مۇئەللىم بار ئىدى.

مۇفاڭ قاراۋۇلىدىن غالى دېگەنكىشي (تاتار) ئۆز خىراجىتى



بىلەن ئۈچ بۆلۈملۈك مەكتەپ سالدۇرۇپ، بۇنى «مۇفاڭ قىزلار مەكتىپى» دەپ ئاتاپ، 20 دەك ئوقۇغۇچىنى ئوقۇتتى، گۈلسۈم ئاپپاي ئوقۇتقۇچى بولدى. شۇنىڭدەك، جاقسىلىق مەكتىپىدە: غابدۇلغاق، قاسىمجان، ئېشەن، كامىن قاتارلىقلار؛ لابا مەكتىپىدە: غالىم ئاكىرامى، سۇيەك مەكتىپىدە: شەرىپقازى، تۇمسىققۇرا مەكتىپىدە: غايدۇلغاي، بەلشى مەكتىپىدە: غاپىرىلباشار؛ ئۇلانبۇلاق مەكتىپىدە: غابدۇلمۇرات، ئەخمەت شافىخوۋ؛ قارادىر مەكتىپىدە: ماغاۋىيا، ساخاتبەك؛ دەم مەكتىپىدە: كازىپىن، ئاققازى؛ جامبىلقورۇ مەكتىپىدە: نۇرەكە، ۋاھاپ قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلار بولدى.

ئۇ مەزگىللەردىكى مەكتەپلەردە ھېساب، تىل، تەبىئەت، جۇغراپىيە، شېئىر، رەسىم، تەنتەربىيە، دىن دەرسلىرى ئۆتۈلەتتى. ئاساسىي دەرسلىك بىلەن ئومۇمىي پروگرامما ۋىلايەت تەرىپىدىن بىر تۇتاش بەلگىلەپ بېرىلەتتى. مەكتەپلەردە يەنە، شېئىر مۇسابىقىسى، سۆز مۇسابىقىسى، دومبىرا ئۆگىنىش قاتارلىق ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيەتلىرى قانات يايدۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، قىش مەزگىلىدە سەنئەت نومۇرلىرى تەييارلىنىپ، بايرام مەزگىللىرىدە مەكتەپ ئىچىدە ۋە سىرتىدا قويۇلدى. ياز ئايلىرىدا چارۋىچىلار ئاۋۇلىغا بېرىپ سەييارە ئويۇن قويۇلدى. دەسلەپكى ئوينالغان «قاسقىرباي»، «شۇغا»، «باي بىلەن توقال» ناملىق سەھنە ئەسەرلىرى فېئوداللىق ئۆرپ - ئادەتلەرنى سىقىپ چىقىرىپ، كۆچمەن قازاق سەھراسىدا مەدەنىيەت ۋە ئالغا ئىنتىلىشنىڭ سىگنالىنى چالدى.

مۇشۇ مەكتەپلەرنى دەسلەپ قىلىپ پۈتتۈرگەنلەردىن تىلەۋبەردى قىزىر ئوغلى، سىدىق بەلبەۋ ئوغلى، نىغمەت مىڭجانى، قابىدوللا مەنجىباي ئوغلى، قاۋسىلقان قوزىباي ئوغلى، دولان قابى ئوغلى، قاپەز سۇلايمان ئوغلى، ئاقان

قويكە ئوغلى، نازاربەك سادىكە، ئەلىقان قىزىر ئوغلى، قىزىلبەك جاكۇبايوۋ قاتارلىقلار ھەر ساھەنىڭ كەسىپ ئەھلىلىرىدىن بولۇپ يېتىلدى. يەنە مۇقامەتبەك، شەرىپە زارقۇم، ئابدۇرۇسۇل، قىدىنغالى، نەبى، راقىمجان، قاجىكەن، دايىمبەك، بەدەلقان، لامخان قاتارلىق 30 — 40 يىللىق ستاژغا ئىگە يۈزلىگەن ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى يېتىشىپ چىقتى.

1937 - يىلدىن 1940 - يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لىيۇخېيرەن، مۇئاۋىن باشلىقى مەسئۇدخالىدىلەر ئىلغار زىيالىيلاردىن بولغانلىقتىن، پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ جۈملىدىن تولىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى بىرقەدەر تەرەققىي قىلدى. 1940 - يىلىدىن كېيىن شېڭ شىسەي ئۆزى بەلگىلىگەن «ئالتە سىياسەت»كە ۋاپاسىزلىق قىلىپ، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرىدى. لىيۇخېيرەن بىلەن مەسئۇد خالىدى مائارىپتىن قوغلاپ چىقىرىلىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا شىڭشىنىڭ سادىق غالچىسى ۋاڭ داۋىن دېگەن ئادەم ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ كەلدى. ئۇ كېلىپلا ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى تازىلاشقا كىرىشتى. نۇرغۇنلىغان ئىلغار زىيالىيلار مائارىپ ساھەسىدىن قوغلاندى قىلىندى ۋە بەزىلىرى تۈرمىگە تاشلاندى. تەمىنات يېتىشمەيدۇ دېگەن باھانە بىلەن، مەكتەپلەر يېپىلدى، ئوقۇتقۇچىلار تەمىنات ئالالمىدى. شىنجاڭ بىلەن سوۋېتنىڭ مۇناسىۋىتى يۈزۈلگەنلىكتىن، قازاقىستاندىن كېلىدىغان دەرسلىكلەر چەكلەندى.

1944 - يىلى ئىلىدىن باشلانغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئۇچقۇنى 1945 - يىلى تولى ناھىيىسىگىمۇ تەسىر كۆرسەتتى، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ گومىنداڭغا قارشى ئىنقىلابى باشلاندى. 1947 - يىلى 7 - ئاينىڭ ئاخىرى، 8 - ئاينىڭ باشلىرىدا تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ شىمالىدىكى تۆت ناھىيە



گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ئازاد قىلىندى، شۇ يىلى 9 - ئايدىن باشلاپ تولىدا 22 ئورۇندا باشلانغۇچ مەكتەپ ئېچىلىپ، ئوقۇتۇش خىزمىتى ئەسلىگە كەلدى، بۇ مەكتەپلەردە 900 گە يېقىن ئوقۇغۇچى ئوقۇدى.

1951 - يىلى 9 - ئايدا تولى ناھىيە بازىرىدا بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، كۆكتال دېگەن يەردە بىر ئوتتۇرا مەكتەپ ئېچىلىپ، بۇرۇنقىدەك باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر چۆچەك، دۆربىلجىن ناھىيىلىرىگە بېرىپ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدىغان ئەھۋال ئۆزگەردى.

1953 - يىلى تولىدا تۇنجى قېتىم 13 بالا ئوقۇيدىغان خەنزۇ باشلانغۇچ سىنىپى قۇرۇلدى. 1958 - يىلى تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى ئېچىلىپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارغا داۋاملىق ناھىيىدە ئوقۇش پۇرسىتى ھازىرلاندى.

1954 - يىلدىن باشلاپ تولى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يۇقىرى مەكتەپلەرگە بېرىپ ئوقۇش نىسبىتى ئېشىپ باردى.

تولى ناھىيىسىدىن تۇنجى قېتىم يۇقىرى مەكتەپ پۈتتۈرگەنلەر ئۇمار غازى، تالغات، توقتارقان، سەرك، ئارىستانبەك، قىزامىدىن، ئەخمەت، باياقىمەت، مازان، گۈلبانۇ، مۇقامەت، دالەل، مەخسۇت، ئىبىراي... قاتارلىق 20 نەچچە ئوقۇغۇچىغا يەتكەندى.

تولى ناھىيىسىدىن يۇقىرى مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈپ ۋەتىنىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئىلىم - پەن، تېخنىكا خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئۈچۈن ئەمگەك سىڭدۈرۈپ، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ۋەزىپە ئۆتەۋاتقانلار ۋە ھەر ساھە كەسىپنىڭ ئەھلىلىرىدىن بولۇپ يۇقىرى ئىلمىي ئۇنۋان ئالغانلار ئارىستانبەك، قوزىبەك، غانى سارجان، قاجىباي، ئۇمار غازى، مەخسۇت قاتارلىق 40 كىشىدىن

ئاشىدۇ.

ھازىر تولى ناھىيىسىدە تۆت ئورۇندا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ، بەش ئورۇندا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ، 78 ئورۇندا باشلانغۇچ (بۇنىڭ تۆتى ياتاقلىق) مەكتەپ، بىر مۇئەللىم تەربىيىلەش مەكتىپى بولۇپ، 14 مىڭدىن ئارتۇق ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى تەربىيىلەۋاتىدۇ.

(ئاپتورى: تولى ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشتىن)

جاۋابكار مۇھەررىرى: **تۇرغۇن ئۆمەر**



# كۆندىلىك خاتىرىدىن پارچىلار

(1948 - يىل 12 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 1949 - يىل 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنىگىچە)

**بۇرھان شەھىدى**

سائەت 12 دە شىنجاڭ شۆيۈەنىدىن ئۆيگە قايتىپ كېتىۋاتسام، يولدا ئالاھىدە دىپلوماتىيە خادىمى ليۇزېرۇڭ ئۇچراپ قالدى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماشىنامدا بىزنىڭ ئۆيگە كەلدۇق. ئۇ: «جاڭگۇەن (جاڭ جىجۇڭ) دىن ھېلى تېلېگرامما كەلدى، بۈگۈن نەنجىڭ مەمۇرىي پالاتا يىغىن ئېچىپ، سىزنى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى قىلىش قارارىنى ماقۇللاپتۇ، مەسئۇت بىلەن ئەيسا ئېچكىرىگە يۆتكىلىدىكەن، مۇھەممەت ئىمىن مۇئاۋىن رەئىس بولىدىكەن، ليۇمىڭچۇن باش كاتىپ بولىدىغان ئوخشايدۇ» دېدى. ئۇ يەنە: «بىز ھازىر ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىناسىغا بېرىپ مۇئاۋىن جاڭگۇەن تاۋسىيۆنى تېپىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىدار مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆزلىشىپ باقساق قانداق؟» دېدى. بىز شۇئان ماشىنا بىلەن مۇئاۋىن جاڭگۇەن تاۋسىيۆ بىلەن كۆرۈشكىلى باردۇق. تاۋسىيۆ ئالاھىدە دىپلوماتىيە خادىمى ليۇزېرۇڭ ئېيتقان خەۋەرلەرنى تەكرارلىدى. مەن ئۇنىڭغا: «مېنىڭ پو-

تۇن ئۆلكىنى تىنچلاندۇرۇش، ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، تىنچلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىشەنچىم بار ۋە ئىرادەم بار. لېكىن، مەن خىزمەتتە بەزى جەھەتلەردە (ھەربىيلەرگە ئەتەي بېشارەت قىلدىم) توسالغۇلارغا يولۇقۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەيمەن. جاڭگوەن، مۇئاۋىن جاڭگوەن قاتارلىق ئالاقىدار خادىملارنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى ۋە ياردەم بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن»، دېدىم. تاۋسىيۇ خېلى كۆپ ۋەدە بەردى. مەن قېنى ئەمەلىيەتتە كۆرەرمىز، دەپ ئويلىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن، بىز مۇھەممەت ئىمىننىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭ مۇئاۋىن رەئىس بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ قويدۇق. ئۇ بىر ھازا ئويلانغاندىن كېيىن قوشۇلدى، لېكىن ئۇ ئەيسانى ئېلىپ قېلىش تەلىپىنى قويدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئەيسا قولىدىن ئىش كېلىدىغان، يۇرتقا زىيان - زەخمەت سالمايدىغان ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ بۇ تەلىپىگە تاۋسىيۇ: «مەركەزنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن ئىش قىلىش كېرەك» دېگەن جاۋابنى بەردى.

كەچقۇرۇن سائەت بەشلەردە مۇھەممەت ئىمىن بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ، ئەيسانى ئېلىپ قېلىش مەسىلىسى ئۈستىدە گەپ ئاچتى. مەن ئۇنىڭغا: «مەن قارشى تۇرمايمەن، بىراق، ئېلىپ قالغىلى بولامدۇ - يوق، بۇنىڭدا ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا قارايلى» دېدىم.

1948 - يىل 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت توققۇزدا ئەنگلىيىنىڭ كونسۇلى كەلدى. ئۇ ماڭا: «سىزنىڭ رەئىس بولغانلىقىڭىزدىن خەۋەر تېپىپ، ئالاھىدە تەبرىكلىگىلى كەلدىم. بۇ ئىنتايىن ياخشى ئىش بوپتۇ. سىلەرنىڭ ئۆز خەلقىڭلارنى ئۆزۈڭلارنىڭ باشقۇرىدىغان بولۇشۇڭلار ناھايىتى ياخشى ئىش. ھىندىستاندا ئىزچىل تۈردە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان



نۇرغۇن ئادەملىرىڭلار بار. شەرقىي تۈركىستان يالغۇز ئىلىدىلا قۇرۇلۇپ قالماستىن، بەلكى ئاخىرى بىر كۈن پۈتكۈل شەرقىي تۈركىستانمۇ مۇستەقىل بولىدۇ. ھىندىستان، پاكىستان بىزنىڭ ياردىمىمىز بىلەن مۇستەقىللىككە ئېرىشتى، سىلەرمۇ ئاشۇ ياردەمگە مۇھتاج. سوۋېت ئىتتىپاقى سىلەرنىڭ كۈچلۈك دۈشمىنىڭلار، ئۇلارنىڭ مەقسىتى سىلەرنى يۇتۇۋېلىپ، شۇنىڭ بىلەن جۇڭگونىڭ ئىچكى جايلىرىغا بارىدىغان يولنى ئېچىش. گەرچە ئۇلار سىزنىڭ رەئىس بولۇشىڭىزغا ماقۇل بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىدا ئۆز ئادىمىنى تەربىيىلەۋاتىدۇ، شارائىت يېتىلگەن ھامان، ئۆز ئادىمىنى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىلەر ياردەمگە مۇھتاج، سىلەر كىمگە تايىنىسىلەر؟» دېدى. مەن ئۇنىڭ سەپسەتىلىرىگە رەددىيە بېرىپ، ئۇنىڭغا: «ئۆلكىمىزنىڭ تارىخىي، سىياسىي ئالاھىدىلىكى ۋە جۇغراپىيىلىك شارائىتىغا ئاساسەن، بىز شىنجاڭ مۇستەقىل بولۇشى لازىم، دەپ قارىمايمىز. بىز جۇڭگودىن ئايرىلالمايمىز. ئايرىلىش خىيالىمىزمۇ يوق. شۇڭا، مەركىزىي ھۆكۈمەت قانداق يوليورۇق بەرسە، بىز شۇ بويىچە ئىش قىلىمىز» دېدىم. ئۇ يەنە: «گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بۈگۈنكى كۈندە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بىلەن ئەتە مەۋجۇت بولۇشى ناتايىن» دېدى. ئۇ قولىنى پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ يەنە: «گومىندات ھۆكۈمىتى ئاللىقاچان مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالدى»، دېدى. مەن ئۇنىڭغا: «مەيلى قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر، جۇڭگودىن ئىبارەت بۇ دۆلەت يوقالمايدۇ، بىز مەركەزنىڭ ۋەكىلى گېنېرال جاڭ جىجۇڭنىڭ يوليورۇقىغا بويسۇنىمىز» دەپ جاۋاب بەردىم. بۇ كونسۇل يەنە: «گېنېرال جاڭ جىجۇڭ ئىشەنچلىك بولىدىغان ئادەممۇ؟» دەپ سورىدى. مەن: «ئەلۋەتتە ئىشەنچلىك بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردىم. كونسۇل مېنىڭدىن ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ:

مېنىڭ گەپلىرىم سىرتقا چىقىپ كەتمىسە، دېدى. ئاخىردا ئۇ يەنە تەكىتلەپ: «ئەگەر سىلەر قانداق ياردەمگە موھتاج بولساڭلار بىز تەييار» دېدى - دە، مەن بىلەن خوشلاشتى. بىزنىڭكىدىن چىقىپ، ئۇدۇل مۇھەممەت ئىمىننىڭكىگە كەتتى، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ مىللەتچىلەرنى قۇترىتىش ئۈچۈن قاتراۋاتقانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى.

## 1949 - يىل 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى

ئەتىگەن سائەت سەككىزدىن تا كەچ سائەت ئونغىچە، مېنىڭ رەئىس بولغانلىقىمنى مۇبارەكلەپ، ئىش سوراپ كەلگەنلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. كەڭ خەلق ئاممىسى مېنىڭ رەئىس بولغانلىقىمنى قارشى ئالىدىغانلىقلىرىنى ئىزھار قىلىشتى، لېكىن تار مەھكىمىچى مىللەتچىلەر گۇرۇھى، بولۇپمۇ پولات قادىر، ئابدۇللا نامان، قۇربان قۇداي قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ ئەجىلىنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى سېزىپ، غالجىرلارچە ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، «يالقۇن گېزىتى» ۋە ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ گېزىتى» دە پانتۈركىزمنى تەشۋىق قىلىش، مىللىي ئۆچمەنلىكنى پەيدا قىلىش ئۈچۈن ئۆزلۈكسىز قۇتراتقۇلۇق قىلىشقا باشلىدى. مۇھەممەت ئىمىن ئۆز ئۆيىدە پولات قادىرنىڭ نامى بىلەن بىر توپ ئادەم يىغىپ، ئامال قىلىپ ئەيسانى قالدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن پىتنە - ئىغۋا پەيدا قىلدى. مۇھەممەت ئىمىن ۋە ئەيسانىڭ مەقسىتى مىللەتچىلەر ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدىغان تەشكىلاتتىن بىرنى قۇرۇپ، بۇ تەشكىلاتنىڭ كاتىپىشى بولۇشنى ئويلايتتى. 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى كەچ سائەت توققۇزدا لىيۇ مېڭچۈن كەلدى. ئۇ ماڭا: «جاڭگۇەن جاڭ جىجوڭ كەلگۈسىدە جۇڭگودىكى ئەڭ



چوڭ ئەربابلارنىڭ بىرى بولۇپ قالىدىغاندەك تۇرىدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ ئۇنى قوللاپتۇ، ئېھتىمال، بۇمۇ بىر - ئىككى ئاي ئىچىدە ئەمەلگە ئاشىدىغان ئوخشايدۇ، دېدى».

## 1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى

بۈگۈن دۈشەنبە، رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى قوبۇل قىلغانلىقىمنىڭ تۇنجى كۈنى. سائەت ئوندىن چارەك ئۆتكەندە ئەيسا ۋە مۇھەممەت ئىمىن مېنى ئالغىلى كەلدى. ئەيسا ماڭا: «سىزنىڭ رەئىس بولۇشىڭىزغا قارشى ئەمەسمىز، كىمنىڭ رەئىس بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، يۇرتىمىز، خەلقىمىز زىيانكەشلىككە ئۇچرىمىسىلا ۋە ئازار يېمىسىلا بولىدۇ. بىزنىڭ قوشنا دۆلەتتىن كۈتىدىغان ئۈمىدىمىزمۇ شۇنداق» دېدى. مەن: «مېنىڭ بارلىق ئارزۇ - تىلىكىم خەلقىمنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى، باراۋەرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ئۇلارنى يورۇقلۇققا يېتەكلەش» دەپ جاۋاب بەرگەندىن كېيىن، بىز ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ماڭدۇق. ماشىنامنىڭ ئازراق چاتىقى بولغاچقا، يولدا بىر ئات ھارۋىسىنى سوقۇۋەتتى، لېكىن ھېچقانداق زىيانمۇ بولمىدى. بىز ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە بارغان چېغىمىزدا، ھۆكۈمەتنىڭ بارلىق ئەزالىرى بىزنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. مەن قىسقىچە سۆز قىلدىم، ئەيسا كەتتى. كونا ئادەت بويىچە تامغىنى ماڭا تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك ئىدى. لېكىن، بۇ يەردىكى كىشىلەر گويا ئۇنداق قىلىشنى بىلمەيدىغاندەك قىلىشاتتى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىچى بەك پاسكىنا، ھەممە نەرسە رەتسىز ئىدى، بۇ ھال مېنى ئىنتايىن ئېچىندۇردى. مەن: ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت پۈتۈن ئۆلكىنىڭ يۈرىكى تۇرسا، يۈرەك ساق بولمىسا، جىسمانىي تەن قانداق ساغلام بولالايدۇ، دېگەن ئويغا كېلىپ، ھۆ-

ھۆكۈمەت خادىملىرىغا بۇ مەۋقەنى چۈشەندۈردۈم. چۈشتىن كېيىن باش كاتىپ ليۇمىڭچۈن بەزى كىشىلەرنىڭ خىلمۇ خىل پىتنە - ئىغۋا تېرىۋاتقانلىقىنى يەتكۈزدى.

بۈگۈن ئىككى ئۇلۇغ ئەربابنىڭ يەنى شاھى ھەزرەت ھەم ئالېكسېي تولستوينىڭ تۇغۇلغان كۈنى، ئۇلار 1883 - يىلىنىڭ بۈگۈنكى كۈنىدە تۇغۇلغان.

## 1 - ئاينىڭ 22 كۈنى

رەئىس بولغىنىمغا ئون كۈن بولۇپ قالدى، بۇ كۈنلەردە خېلى كۆپ ۋەقەلەر يۈز بەردى. تار مەھكىمىچى مىللەتچىلەر بىرقانچە گۇرۇپپا قۇرۇپ، ھەرىكىتىنى كۆپەيتتى، جىنىنىڭ بارىچە مەغلۇبىيىتىنى نىقابلىماقچى بولۇشتى، ئەيسا ئۆزىنى مۇشۇ گۇرۇھنىڭ كاتىپىشى دەپ تەشۋىق قىلدى؛ مۇھەممەت ئىمىن ياش مىللەتچىلەرنى قوغدايدىغانلىقىنى، ئۇلار ئۈچۈن بارلىق جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. بۇ گۇرۇپپىلار ھەر خىل تۇسالغۇلارنى پەيدا قىلىشقا باشلىدى. 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 1 - سانلىق يىغىنىنى چاقىرىلدى، مۇھەممەت ئىمىن يىغىندا كەلمەي ماڭا بىر پارچە خەت يېزىپتۇ، بۇ خەتنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

ھۆرمەتلىك رەئىس بۇرھان ئەپەندى جانابلىرىغا:

مەن ئىززەت - ئىكرام بىلەن سىزگە شۇنى ئۇقتۇرىمەنكى، بىز خىزمەتكە تەيىنلەنگەندىن بۇيان، ئىنتايىن ئاكتىپلىق بىلەن ئىشلەۋاتقان بارلىق خىزمەتچىلەردىن ئىنتايىن نارازىمەن.

بىرىنچىدىن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت خادىملىرىنى ئالماش



تۇرغاندا، نۇرغۇن خاتالىق يۈز بەردى.

ئىككىنچىدىن، دۆلەتنىڭ تىنچلىقىغا خەۋپ يەتكۈزىدىغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە خەلقنىڭ تۈرلۈك نارازىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بەزى ھادىسىلەر يۈز بەردى.

ئۈچىنچىدىن، مېنىڭدەك بىر مۇئاۋىن رەئىسكە بولغان مۇئامىلىدە، سىز ئۆچىغا چىققان زورلۇق بىلەن قارشى ھەرىكەت ئېلىپ باردىڭىز.

يۇقىرىقى ئەھۋاللارنىڭ ھېچقايسىغا مەن مۇتلەق ئارىلاشمىدىم، بۇ سىزگە مەلۇم. لېكىن، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ۋە ئاممىغا نامەلۇم. ئەگەر سىز شۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسىڭىز، مەن سىز بىلەن بىللە ئىشلەپ كېتەلمەيمەن. شۇ ۋەجىدىن، مەن ھازىردىن ئېتىبارەن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھېچقانداق ئىشىغا جاۋابكار ئەمەسمەن. بۈگۈن ئېچىلىدىغان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يىغىنىغىمۇ ئىشتىراك ئەتمەيمەن.

مۇھەممەت ئىمىن

مىنگونىڭ 38 - يىلى 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى

مىنگونىڭ 38 - يىلى 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى پولات قادىر (سابىق «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ مەسئۇلى) مېنىڭ سۆزۈمنى گېزىتتە ئېلان قىلىشقا رۇخسەت قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ، يۇسۇپ سەئىدىنى گېزىتخانىنىڭ ۋاقىتلىق مەسئۇللۇقىغا قويدۇم. خەلىلنى سابىق سىفەن مەكتىپىنىڭ مەكتەپ مۇدىرلىقىغا قويدۇم، بولانتايىنىمۇ مەكتەپكە كىرگۈزدۈم، نۇسرەتنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت كادىرلار ئىشخانىسىغا قويدۇم. يۇقىرىقىدەك كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشۇم پانتۈركىستلارغا كۈچلۈك زەربە بولدى. مېنىڭچە، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى خىزمەتلەرنى ئىزىغا

چوشۇرۇش ۋە ئىلىدىكى يولداشلار كېلىشتىن بۇرۇن سەۋرى - تاقەت قىلىشىم كېرەك ئىدى. ئۇلارنىڭ داۋاملىق يامان ئىشلارنى قىلىشىنى توسۇش ئۈچۈن، ئۆزئارا ئەپۇ قىلىش ئارزۇسى بويىچە مۇھەممەت ئىمىننى ئىزدەپ باردىم. ئۇ ماڭا كايىپ: «سىز ئېلان قىلغان پۈتۈن شىنجاڭدىكى خەلق ئاممىسىغا مۇراجىئەتنامىدە مېنىڭ ئىسمىمنى تىلغا ئالمىدىڭىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ماڭا مەسلىھەت سالمايلا كادىرلارنى ئالماشتۇردىڭىز، يەنە نۇسرەتنىمۇ خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇردىڭىز، بۇنىڭ ھەممىسى خاتا. ياشلار بۇلارغا ئىنتايىن نارازى، ئاۋادا ياشلار نارازى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقسا، مەن شۇلارنىڭ تەرەپدارى بولۇشقا مەجبۇرمەن......» دەپ، مۇشۇ ئارقىلىق ماڭا تەھدىت سالماقچى بولدى. مەن ئۇنىڭ كايىشىغا تېگىشلىك جاۋاب بەردىم ھەمدە ئۇلارنىڭ قىلغانلىرىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى دارتىملاپ ئېيتىپ قويدۇم. ئۇ ئاخىر: «ئاچچىقىمغا پايلىماي شۇنداق قىلىپ تاشلاپتىمەن، ئەپۇ قىلىڭ!» دېدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتىم. مۇھەممەت ئىمىن ئەسلىدە مېنى قورقۇتماقچى ئىدى، لېكىن ۋۇجۇدقا چىقىرالمىدى. ئۇنىڭ ياشلار دېگىنى ئاران 4 - 5 كىشىلا ئىدى. كۆپچىلىكنىڭ ئۇلارغا ئەگەشمەيدىغانلىقى ئۆزلىرىگە ئايان ئىدى. قىسقىسى، مىللەتچىلەر جىم ياتقىنى يوق، ئۇلار خۇپىيانە ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىپ، ھەرخىل ئاۋارىچىلىقلارنى پەيدا قىلىشقا ئۇرۇندى.

1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى شىمالىي زالدا ئورگاندىكى بارلىق رەھبەرلەرگە يولىيورۇق بەردىم. بىر جۈمە كۈنى ئەتىمىندىكى روزى ھاجىنىڭ مەسچىتىدە، 21 - چېسلا كۈنى ئاق مەسچىتتە جامائەتكە سۆز قىلدىم، بۇ ناھايىتى ياخشى رول ئوينىدى. لىيۇ دېئىن نۇسرەتكە: مۇھەممەت ئىمىننىڭ قول



ئاستىدىكى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى ئۆزىگە ئالتۇن مېدال تەقدىم قىلىشقا ھەرىكەتلەندۈرۈۋاتقانلىقىنى، تەرەپ - تەرەپكە ئادەم ئەۋەتىپ مەن بىلەن ئازراقلا مۇناسىۋىتى بار كىشىلەرنى چەتكە قاققۇزغانلىقىنى، ئۇنىڭ يەنە خىيانەتچىلىك قىلمىشلىرىنىڭ بارلىقىنى ئىنكاس قىلىپتۇ. مىللەتچىلىك ئاتالمىش «مىللەتنى سۆيۈش»، «خەلقنى سۆيۈش» دېگىنى ئۆزلىرىنىڭ چۈنتىكىنى تولدۇرۇش بولسا كېرەك.

1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى كەچتە، باش كاتىپ لىيۇ مىڭچۈن «جياڭ جېيشىنىڭ ئىستىپا بەرگەنلىكى، لى زوڭرېننىڭ مۇۋەققەت زۇڭتۇڭ بولغانلىقى» خەۋىرىنى تېلېفون ئارقىلىق ماڭا يەتكۈزدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بۇ تىنىچلىققا قاراپ بىرىنچى قەدەم تاشلانغانلىقى بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم. ئىككىنچى قەدەمنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئۈچىنچى قەدەمنى باسقاندا (دېمەكچى بولغىنىم: بارلىق ئەكسىيەتچىلەر يوقالغاندا) ھەقىقىي تىنچلىق ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن.

## 2 - ئاينىڭ 4 - كۈنى

ھەر جەھەتتىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا، مىللەتچىلەر ئىنتايىن يوشۇرۇن ھالدا جىددىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتقاندەك قىلاتتى. مۇھەممەت ئىمىن ئۇلارنى ئۆز ئەتراپىغا توپلاپ، ھەممە تەرەپتىن ئۇلارنى ھەدەكتەكە سېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئىچكىرىدىكى تەرەققىيپەرۋەرلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز غەلىبىسى ئۇلارنى ۋەھىمىگە سېلىپ قويدى. ئۆلكە ئىچىدىكى تەرەققىيپەرۋەر ئېقىمنىڭ مەركىزى بولغان ئۈچ ۋىلايەت ئۇلارنىڭ كۆزىگە قادالغان مىخ بولۇپ قالدى. ئۇلۇشكۈن

مەھەممەت ئىمىن ماڭا: «ئەگەر كوممۇنىستىك پارتىيە شىنجاڭغا كېلىدىغان بولسا، ئۇ ـ بەكمۇ قورقۇنچلۇق، نۇرغۇن قانلىق ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشى تۇرغان گەپ، بۇنىڭدىن كۆرە، گومىنداڭنىڭ ئۆلكىمىزنىڭ چوڭ ھوقۇقىنى ئۆزىمىزگە قايتۇرۇپ بەرگىنى تۈزۈك. ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ بىزنىڭ ئىچكى ئىشلىرىمىزغا ئارىلاشمىسا، ئۇ ھالدا تېخىمۇ ياخشى بولاتتى»، دېدى. ئۇلار: «ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە بىز مىللەتچىلەرگە ھوقۇق تۇتقۇزۇپ، ئۆز مۇددىئايىمىز بويىچە شىنجاڭنى باشقۇرتسا، خالىغىنىمىزنى قىلالىساق، ئۇ ھالدا بەكمۇ ياخشى بولاتتى»، دەپ ئويلايتتى. بۇ سۆز گەرچە ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن چىقمىغان بولسىمۇ، سۆز ـ ھەرىكەتلىرىدە ئېنىق ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. مۇھەممەت ئىمىننىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىسى ۋېرشىگورانىڭ «پاك ۋىجدانلىق كىشىلەر» دېگەن كىتابىدا ئوكرائىن مىللەتچىلىرىنى تەسۋىرلەپ يازغان: «ئۇلار تىنىماستىن ئوكرائىن ئۈچۈن كۆرەش قىلىمىز، موسكۋا جاھانگىرلىكىدىن ئايرىلىپ چىقىمىز، ئوكرائىنىنى ئوكرائىن خەلقى باشقۇرىدۇ، ئەگەر مۇشۇ مەقسەتتە ئۆلسەك ھېچ بولمىغاندا تارىخ سەھىپىسىدە ئىسمىمىز قالىدۇ...... دەپ ئېيتىشسىمۇ، ئاستىرتىن شەرمەندىلەرچە ھىيلە ـ نەيرەڭلەر بىلەن شۇغۇللاندى» دېگەن سۆزلەر ئېسىمگە كەلدى. بۇ مىللەتچىلەرنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ۋە پائالىيەتلىرىدىن چۆنتىكىنى توشتۇرۇش ئۈچۈن قوللانغان تۈرلۈك ۋاستىلەردىن باشقىنى كۆرمىدىم. مۇھەممەت ئىمىن ئۆزىگە ئەگەشكۈچىلەرگە تۈرلۈك قانۇنسىز ياردەملەرنى بېرىپ كەلدى. سىغەن مەكتەپ مودىرىنىڭ خىيانەت قىلغانلىقىغا ئائىت پاكىتلار ئېنىق بولسىمۇ، مۇھەممەت ئىمىن ئۇنى ئاقلىدى ھەمدە ئامال قىلىپ ئۇنىڭ جىنايىتىنى ياپتى.



چىڭگىزخان داموللا ئون ياشلىق بىر قىزغا ياۋايىلارچە باسقۇنچىلىق قىلغان بولسىمۇ، مۇھەممەت ئىمىن كۈچىنىڭ بارىچە ئۇنىمۇ ئاقلىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ مىللەتچىلەرنىڭ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلمايدىغانلىقىنى، خەلقنىڭ شىللىسىغا مىنىۋېلىپ، خالىغانچە زورلۇق ـ زومبۇرلۇق قىلىۋاتقانلىقىنى ئېنىق چۈشەندۈرەتتى.

**2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى (شەنبە)**

بۈگۈن بەك بالدۇر ئورنۇمدىن تۇردۇم، ناشتىدىن كېيىن سائەت يەتتىدە ئايرودرومغا باردىم، باشقا خادىملارمۇ بېرىپ بوپتۇ. ئايروپىلاننىڭ ئېلېكتىر مەنبەسىدىن چاتاق چىقىپ قالغاچقا، ئۇنى ئوڭلاپ بولۇپ ئۇچقاندا سائەت ئاللىقاچان سەككىز يېرىم بولغانىدى. ئايروپىلان ھاۋادا نىشاندىن ئادىشىپ قالغانلىقتىن، سائەت ئون بىر يېرىمدا ئاران قۇمۇلغا يېتىپ باردۇق. يولۋاس بىلەن مولۇيجاڭ قاتارلىق كىشىلەر ئايرودرومغا چىقىپ بىزنى قارشى ئالدى ۋە ئۇزىتىپ قويدى. بىز ئۆزئارا سالاملاشقاندىن كېيىن، يولۋاس مېنى تەبرىكلىدى، چىن كۆڭلىدىن مەدەت بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە قوشنا دۆلەت بىلەن بولغان دوستانە سىياسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىز قۇمۇلدىن ئۇچۇپ، چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتە جيۇچۇەنگە يېتىپ باردۇق. لىيۇتېچىك بۈگۈن لەنجۇغا يېتىپ بارغىلى بولمايدۇ، دېدى. شۇنىڭ بىلەن جيۇچۇەن شەھىرىدە بىر كېچە قونۇپ قالدۇق. جيۇچۇەننىڭ ۋاڭ فامىلىلىك ۋالىيسى ۋە تاڭ فامىلىلىك جۇنجاڭى ئايرودرومغا چىقىپ بىزنى قارشى ئالدى. مەن ئۇلارنىڭ ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ شەھەرگە كىردىم.

ئايرودروم شەھەر رايونىغا 25 كىلومېتىر كېلەتتى. بىز ئىككىنچى كۈنى سائەت يەتتە يېرىمدا مېھمانخانىدىن قوزغىلىپ، سەككىزدىن چارەك ئۆتكەندە ئايرودرومغا يېتىپ باردۇق. لەنجۇدا ھاۋا تۇتۇق بولغاچقا، ساقلاپ تۇرۇپ سائەت توققۇزدا ئۇچتۇق، ئون ئىككى يېرىمدا لەنجۇغا يېتىپ باردۇق. رەئىس گوجېچياۋ، رەئىس مابۇفاڭ قاتارلىق نۇرغۇن كىشىلەر ۋە يۇرتداشلارنىڭ ۋەكىللىرىدىن ئىسمائىل ئەپەندى، ھەبىب ئەپەندى، ئەبەيدۇللا ئەپەندى قاتارلىقلار ئايرودرومدا بىزنى قارشى ئالدى ۋە غەربىي شىمال مېھمانخانىسىغا ئورۇنلاشتۇردى. مەن 202 - نومۇرلۇق ياتاققا ئورۇنلاشتىم. يۇيۇنۇپ كىيىم يۆتكىگەندىن كېيىن، باشقىلار بىلەن بىللە جاڭ جىجۇڭ جاڭگۇەننىڭ ئۆيىگە بېرىپ، مۇئاۋىن جاڭگۇەن تاۋ سىيۆ، رەئىس گوجېچياۋ، لىيۇ فامىلىلىك سەنمۇجاڭلار بىلەن تاماقتا بىللە بولدۇق. جاڭ جىجۇڭ جاڭگۇەن بىلەن ئادەتتىكىچە سالاملاشقاندىن باشقا، پاراڭلاشمىدۇق. ئەتە چۈشتىن بۇرۇن سائەت ئون بىردە سۆزلەشمەكچى بولدۇق. مەن بوش ۋاقىتلىرىمدا ماخۇڭكۈي، مابۇفاڭ، گوجېچياۋ ۋە باشقىلارنى زىيارەت قىلدىم. مابۇفاڭ بىلەن ئون مىنۇتچە سۆزلەشتىم. ئۇ: «مەن خۇيزۇلار قوشۇنىنى شىنجاڭدىن قايتۇرۇپ كېلەي دەۋاتىمەن، ئەگەر زۆرۈر تېپىلسا يەنە بارمامدۇ. ما چېڭشياڭ تۈنۈگۈن ماڭا تېلېفون بەردى. مەن سىلەرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سودىلىشىشىڭلارغا قارشى ئەمەسمەن، شۇنداق قىلساڭلار بولىدۇ» دېدى. باشقا ئىشلار توغرىسىدا پاراڭلاشمىدۇق، بىردەم ئولتۇرۇپ خوشلىشىپ چىقىپ كەتتىم. كەچ سائەت بەشتىن ئاشقاندا، بىرنەچچە ئورۇن بىرلىشىپ ھەربىيلەر زالىدا جاڭگۇەن، مۇئاۋىن جاڭگۇەن قاتارلىقلارنى زىياپەتكە چاقىردى. بىزمۇ تەكلىپ بىلەن



قاتناشتۇق، زىياپەتكە قاتناشقانلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. ساھىبخان قارشى ئېلىش سۆزى قىلدى، مەنمۇ سۆز قىلدىم. سائەت يەتتىلەردە ياتاققا قايتىپ كەلدۇق. مىڭ چىنۋاڭنىڭ ئىنىسى سەيدىڭ دورجى يېتىپ كەلدى. ئۇ، ئامېرىكىلىقلار ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى، شىۋېتسىيىلىك سودىرىبوم باشقۇرغان شىركەتتە ئىشلەيتتى. مەن ئۇنىڭدىن بۇ كىشىنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى سورىۋىدىم. ئۇ، ئوقەتچىلىك دەپ، جاۋاب بەردى. بۇ، ۋەنگو تەمىنات شىركىتىنىڭ بىر شۆبىسى ئىدى. بۇ شىركەتنىڭ «جۇڭگو — شىۋېتسىيە ئاۋىئاتسىيە شىركىتى» بىلەنمۇ مۇناسىۋىتى بار ئىدى ھەمدە ما خۇڭكۈي، ما بۇفاڭلار بىلەنمۇ قويۇق مۇئامىلە قىلىشاتتى. بۇ شىركەت ئۇلاردىن يۇڭ سېتىۋېلىپ گۇاڭجۇغا يۆتكەيتتى، ئاندىن گۇاڭجۇدىن ئۇلارغا قورال - ياراقلارنى ئايروپىلان بىلەن يەتكۈزۈپ بېرەتتى. مەن بۇ ئەھۋاللاردىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن: ئايروپىلان ترانسپورتى ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ پۇل كېتىدۇ، بۇ تىجارەتنىڭ كەينىدە نېمىلەر يوشۇرۇنغاندۇ؟ دەپ ئويلاپ قالدىم. پەرەز قىلىشىمچە، بۇ سەيدىڭ دورجى ئامېرىكا ئاخبارات تارماقلىرىنىڭ ئادىمى بولۇشى مۇمكىن.

## 2 - ئاينىڭ 7 - كۈنى

ناشتىلىق چايدىن كېيىن مېھمانلار كېلىشكە باشلىدى. سەيدىڭ دورجىمۇ كەلدى، كەلگەنلەر خوشلىشىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ ماڭا ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك بەزى ئەھۋاللارنى دېمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى، ئۇ ماڭا، ئۆزىنىڭ سودىرىبومنىڭ قول ئاستىدا ئادەتتىكى ياللانما خىزمەتچى بولۇپ ئىشلەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى. ئۇ يەنە: «بۇ ئادەملەر

گۆرۈنۈشتە سودىگەرچىلىك قىلىدىغاندەك تۇرغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ باشقا ۋەزىپىسى بار. ئۇلار ماخۇڭكۇي، مابۇفاڭلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالدى. ما خۇڭكۇي، مابۇفاڭلار: ئەگەر كومپارتىيە كېلىدىغان بولسا، بىز ئۇلارغا قارشى تۇرىمىز، ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىمىز، دەيدۇ. مابۇفاڭ: بىر ئادەم قالغان تەقدىردىمۇ كوممۇنىستلار بىلەن ئاخىرغىچە ئېلىشىماقچى، دېدى. ئۇ يەنە: شىنجاڭ مېنىڭ ئېلىكىمدە، شىنجاڭدا مېنىڭ قوشۇنۇم بار، شىنجاڭ خەلقى مېنىڭ گېپىمگە كىرىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان...... دەيدۇ. شۇڭا، ئامېرىكىلىقلار ماخۇڭكۇي، مابۇفاڭلارغا ناھايىتى ئېتىبار بېرىۋاتىدۇ. ئەگەر ما خۇڭكۇي، ما بۇفاڭ غەربىي شىمال رايونىدا مەغلۇپ بولسا، شىنجاڭغا چېكىنىشنى ئويلىشىۋاتىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، ئامېرىكا شىنىڭدىن قەشقەرگىچە بارىدىغان ھاۋا يولى ئاچماقچى بولدى ھەمدە ما خۇڭكۇي، ما بۇفاڭلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئېھتىمال مۇسۇلمان ھۆكۈمىتى قۇرۇش ھەرىكىتىنى ئېلىپ بېرىۋاتسا كېرەك، دېدى. ئاخىردا سەيدىنىڭ دورجى: «ئەگەر مەن ئۇلار بىلەن داۋاملىق ئىشلەۋەرسەم، ئىستىقبالىم ياخشى بولمايدۇ، مەن باشقا خىزمەت تېپىشنى ئارزۇ قىلىمەن، ماڭا مۇۋاپىق بىر خىزمەت تېپىپ بەرسىڭىز»، دېدى. مەن ئۇنىڭدىن: ما خۇڭكۇي، ما بۇفاڭلارنىڭ يۇقىرىقى ھەرىكەتلىرىدىن جاڭ جىجۇڭ جاڭگۇەن خەۋەر تاپتىمۇ - يوق؟» دەپ سورىۋندىم، سەيدىنىڭ دورجى: «خەۋىرىم يوق» دەپ جاۋاب بەردى. لېكىن، ئۇ يەنە: «ئېھتىمال، جاڭ جىجۇڭ جاڭگۇەن بىلمىسە كېرەك. چۈنكى، مەن ئامېرىكىلىقلاردىن: جاڭ جىجۇڭ جاڭگۇەننىڭ قولىدا ئارمىيە يوق، تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقى ما خۇڭكۇي بىلەن ما بۇفاڭدا، دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىغان ئىدىم» دېدى. قارىغاندا، سەيدىنىڭ دورجى سىرلىق ئادەمدەك



قىلاتتى. بۇ خىل تۇيغۇ مەندە ئۇنىڭغا قارىتا بىر خىل يامان تەسىر پەيدا قىلدى. مەن بۇ ئادەمنى جاسۇسلۇق قىلىش ئۈچۈن ئارىمىزغا كىرىۋالماقچى بولغان ئادەممىكىن، دەپ گۇمانلىنىپ قالدىم.

سائەت ئون بىردە جاڭ جىجۇڭ جاڭگۇەننىڭ ئۆيىگە بارسام، ئۇ يوق ئىكەن، بىر سائەتچە ساقلىسام، قايتىپ كەلمىدى. بۈگۈن ئۇنىڭ بىر يىغىندا سۆز قىلىدىغانلىقىنى ئۇقۇپ، تېلېفون بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىلاشتىم، يىغىن ئېچىلغان جايغا بېرىپ يىغىندىن كېيىن كۆرۈشىدىغان بولدۇق. شۇنىڭ بىلەن، مەنمۇ ھەربىيلەر كۇلۇبىغا باردىم. بۈگۈن يەنە لەنجۇدىكى ئون بىر پېشقەدەم بۇرادەر بىزنى مېھمانغا چىللىغانىدى. يىغىندىن كېيىن جاڭ جىجۇڭ جاڭگۇەن بىلەن سۆزلەشتىم. ئۇنىڭغا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت ئەھۋالىدىن دوكلات بەردىم. ئاخىردا ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەر توغرىلىق كونكرېت يوليورۇق بېرىشىنى ئۆتۈندۈم، جاڭ جىجۇڭ جاڭگۇەن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «ئون بىر ماددىلىق تىنچلىق بىتىم ۋە سىياسىي پروگرامما ئومۇميۈزلۈك ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى لازىم، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان دوستانە مۇناسىۋەتنى چوقۇم كۈچەيتىش لازىم، ئىلى تەرەپ بىلەن ئىمكان قەدەر تېز ئەپلىشىپ قېلىش لازىم. پۈتكۈل غەربىي شىمال دائىرىسىدە چوقۇم تىنچلىق ۋەزىيىتىنى ساقلاپ، ئۇرۇشنى توختىتىشىمىز لازىم». ئۇ يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «ئىقتىسادىي جەھەتتە سىلەر قانداقلا تەدبىر قوللانساڭلار مەن قوشۇلىمەن»، دېدى. شۇنىڭ بىلەن، بىز تۆۋەندىكى بىرنەچچە ئىقتىسادىي تەدبىرلەر ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىپ كېلىشتۇق:

**1) شىنجاڭدا ئۆز ئالدىمىزغا شىنجاڭ پۇلى تارقىتىش.**

2) يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىگە ئوخشاپ كېتىدىغان سودا ئاپپاراتى قۇرۇش.

3) سودا چېگرا بېجىنى شىنجاڭدا قالدۇرۇش.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەن يەنە ئىچكىرىدىكى 55 مىڭ سەر ئالتۇننىڭ شىنجاڭغا قايتۇرۇلۇشىنى تەلەپ قىلدىم. جاڭ جىجۇڭ جاڭگۇەن: «بۇ ناھايىتى تەس ئىش، بىز ئامال قىلىپ كۆرەيلى» دەپ جاۋاب بەردى. ئاخىردا جاڭ جىجۇڭ جاڭگۇەن ئۆزىنىڭ تىنچلىق سۆھبىتىگە قاتنىشىش ئىشى توغرىسىدا مېنىڭدىن پىكىر سورىدى. مەن: «ھازىرقى ۋەزىيەتتە سىزنىڭ ئارىلاشمىغىنىڭىز ياخشىراق بولارمىكىن؟» دېدىم. ئۇ: «مەن ھازىر ناھايىتى قىيىن ئەھۋالدا تۇرۇۋاتىمەن. لى زوڭرېن نېمىلا بولمىسۇن زۇڭتۇڭ. ئۇ بويرۇق چۈشۈرۈپ قالسا، مەن بارمىسام، بۇيرۇققا بويسۇنمىغان بولىمەن؛ مەن بارمايدىغانلىقىمنى ئوتتۇرىغا قويسام، ئۇ مېنىڭ تەلىپىمنى قوبۇل قىلمىسا، ئۇ چاغدا ئىستىپا بېرىشكە مەجبۇر بولىمەن. شۇڭا، مەن ئىنتايىن مۈشكۈل ئەھۋالدا قالدىم. لېكىن، مەن يەنىلا تېلېفون بېرىپ، مېنى تىنچلىق سۆھبىتىگە قاتناشتۇرماسلىقنى تەلەپ قىلدىم. بۇنىڭغا تاكى بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر جاۋاب بەرگىنى يوق. مېنى ئېلىپ كەتكىلى كەلگەن ئايروپىلان تېخىچە ساقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ»، دەپ جاۋاب بەردى. مەن ما خۇڭكۈي، ما بۇفاڭلار توغرىسىدىكى ئەھۋاللارنى سورىسام، جاڭ جىجۇڭ: ئۇلار ھەر ھالدا ياخشى، باشقىچە ھەرىكەتلىرى يوق، ماڭا بويسۇنىدۇ، دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن سەيدىڭ دورجىنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئۇنىڭغا دېدىم.



## 2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى

بۈگۈن جىن زودىڭ كەلدى، ئۇ: «ئۇرۇش بولۇشىدا ۋاقىت مەسىلىسىلا قالدى، نەچچە تۈمەن ئەسكەر قوراللاندى. ئۈچ ئايدىن كېيىن قاتتىق ئۇرۇش بولۇشى مۇمكىن. ئىلگىرى ما خۇڭكۈي، ما بۇفاڭلارنىڭ مۇناسىۋىتى ياخشى ئەمەس ئىدى، ھازىر ياخشىلىنىپ قالدى، ئۇلار بىرلىشىۋالدى. ئۇلار ئەسلىدە گەنسۇ ئۆلكىسىنى ئىدارە قىلىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى، لېكىن مەقسىتىگە يېتەلمىدى. ناۋادا گەنسۇ ئۆلكىسى ئۇلارغا تاپشۇرۇپ بېرىلىدىغان بولسا، خەلق ئاممىسى رازى بولماي، كومپارتىيىگە ئېغىپ كېتەتتى. چۈنكى، بۇ ئىككىسى خەلقتىن ھەربىر مو يەر ئۈچۈن ئىككى سەر كۆمۈش تەڭگىدىن باج ئالىدىكەن، بۇنىڭدا خەلق ئەلۋەتتە چىداپ تۇرالمايدۇ»، دېدى. چۈشتىن بۇرۇن سائەت ئون بىردە، گوفوجېڭ، ساجىنۋۇنىڭكىدە مېھمان بولدۇق، سۈي فامىلىلىك بىر كىشى خەلقتىن ئېغىر باج ئېلىش ئۇسۇلىنى تەنقىد قىلدى.

## 2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى

جىن زودىڭ ماڭا مۇنداق دېدى: ما خۇڭكۈي، ما بۇفاڭلار گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى بولۇش ئۈچۈن رىقابەتلىشىۋاتىدۇ. رەئىس بولۇۋالغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ھەربىي كۈچىنى كۈچەيتەلەيدۇ. لېكىن گەنسۇ خەلقى ما خۇڭكۈي، ما بۇفاڭلارنىڭ زۇلمىغا چىدىمايدۇ، گەنسۇ خەلقى: ئەگەر ما خۇڭكۈي، ما بۇفاڭلار ئۆزىنى خەلققە زورمۇ زور تاڭىدىكەن، ئۇ

چاغدا، ئاما كوممۇنىستلارنىڭ قېشىغا ئادەم ئەۋەتىپ، كوممۇنىست-
لار بىلەن بىرلىشىدۇ، دېيىشمەكتە. ھەر جەھەتتىكى ئىنكاسلاردىن
قارىغاندا، ما خۇڭكۇي، ما بۇفاڭلارغا قارشى نارازىلىق كەيپىـ
ياتلار ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. ما خۇڭكۇي، ما بۇفاڭلار ئۆز
مەنپەئىتى ئۈچۈن ھەم ئەسكەر، ھەم ئېغىر باج ئېلىپ، كىشى-
لەرنىڭ نەزىرىدىن بەكمۇ چۈشۈپ كەتتى. ما خۇڭكۇي ئاشكارا
ھالدا: ئۈچ ئۆلكىدە سەككىز مىليون ئاھالە بار، كىشى
بېشىغا ئىككى تەڭگىدىن باج ئالساق، ئۇ ھالدا ئۆزىمىزنىڭ
خېلى بىر قىسىم خىراجىتىمىزنى ھەل قىلىۋالىمىز، دېگەن.
بۈگۈن ما خۇڭبىن كەلدى. ئۇ ماڭا: «بىز ھەممىمىز مۇسۇلمان،
بىر - بىرىمىزگە كۆيۈنۈشىمىز لازىم»، دېدى. مەن جاڭ جىژخۇڭ
جاڭگۇەننىڭكىگە باردىم. ئۇ ئىلىدىكىلەرگە يازغان خېتىنى
ماڭا كۆرسەتتى.

## 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى

سائەت ئون يېرىمدا جاڭ جىژجۇڭ جاڭگۇەننىڭ ئۆيىگە
باردىم. ئۇ ماڭا: «شىنجاڭغا تەۋە 48 مىڭ يۈەن ئامېرىكا دوللىرى
ئامېرىكىدىكى جۇڭگو بانكىسىدا»، دېدى. مەن: «ئەگەر بۇ
پۇلنى سوۋېت ئىتتىپاقى بانكىسىغا تاپشۇرۇپ، كۆمۈشكە
تېگىشىۋالساق قانداق بولار»؟ دەپ سورىدىم. ئۇ: «بولىدۇ،
مەسلىھەتلىشىپ بىر ئىش قىلىڭلار» دەپ جاۋاب بەردى.
مەن: «مەركەزدە ئامانەت قويغان ئالتۇننى ئېلىۋالساق بولارمۇ»
دېسەم، ئۇ: «ئادەم ئەۋەتىپ بېقىڭلار، لېكىن ئۇنى ئېلىش
ناھايىتى تەس»، دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن: سىز ئادەم ئەۋەتى-
سىڭىز، دېدىم. كېيىن بىز جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئالتە
شەھەرگە بىر تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئەۋەتىش مەسىلىسىدە بىردەك



پىكىرگە كەلدۇق. ئۇ يەنە: ما بۇفاڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق
قىسىملىرى ۋاقتىنچە قايتمىسۇن، كېيىن قاراپ باقايلى»،
دېدى. ئاخىردا ئۇ، شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە بولغان
كۆز قارىشىنى ئېيتىپ، مۇنداق دېدى: «ھازىر ئىچكىرىدە
بولۇۋاتقان ئىشلار مۇقەررەر ھالدا شىنجاڭغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.
ئىچكىرىدە يۈز بەرگەن ئەھۋاللارنى مۇنداق ئىككى خىلغا
ئايرىپ تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ: بىرىنچى خىل ئەھۋال — گو-
مىنداڭ بىلەن كومپارتىيە ھەمكارلىشىپ، بىرلەشمە ھۆكۈمەت
قۇرۇشى مۇمكىن، ئەگەر مۇشۇنداق بولىدىغان بولسا، شىن-
جاڭغا ئانچە چوڭ تەسىرى بولمايدۇ. مەن غەربىي شىمالدا
كۈچىمنىڭ يېتىشىچە تىنچ ۋەزىيەتنى ساقلاپ، شىنجاڭنىڭ
قوشنا دۆلەتلەر بىلەن بولغان دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى
كۈچەيتىپ، ئىقتىسادىي خىزمەتلەرنى تەرتىپكە سېلىپ، خەلق
تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا تىرىشىمەن. مۇشۇلارنى ئەمەلگە ئاشۇ-
رالىساق، شىنجاڭدا ئانچە چوڭ ئىش يۈز بەرمەيدۇ.
ئىككىنچى خىل ئەھۋال — كومپارتىيە رەھبەرلىك قىلىدىغان يېڭى
ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشى مۇمكىن، گومىنداڭ كۈچلىرىنىڭ تامامەن
يوقىتىلىشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇلارنىڭ قالدۇق كۈچلىرى
چېكىنىپ تەيۋەنگە يېرىۋېلىشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا كومپارتىيە
ئۇلارغا باشقىچە تەدبىر قوللىنىشقىمۇ ئامالسىز قالىدۇ. ناۋادا
ئىككىنچى خىل ئەھۋال يۈز بېرىپ قالسا، شىنجاڭنىڭ
ۋەزىيىتى قانداق بولىدۇ؟ شىنجاڭنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر
مەسىلىسى، چەت ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت مەسىلىسى
ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىچكىرىدىكىگە ئوخشىمايدىغان نۇرغۇن ئالا-
ھىدىلىكلىرى بار. مۇشۇنداق ئەمەلىي ئەھۋاللارغا ئاساسەن،
كومپارتىيە ئىچكىرىدىكىگە ئوخشىمايدىغان بەزى سىياسەتلەرنى
قوللىنىشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ ھازىرقى ھۆكۈمەتنى قايتا

ئەستىقلىشى ئىھتىمالغا تولىمۇ يېقىن. بۇ يەردە مۇنداق بىر مەسىلە بار: ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ سىزنىڭ داۋاملىق رەئىس بولۇشىڭىزغا ماقۇل دەمدۇ؟ ياكى ھۆكۈمەتنى تامامەن ئۆزگەرتىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويامدۇ؟ بۇ ئەھۋاللارنى ئويلىماي بولمايدۇ»، دېدى. مەن: ئۈچ ۋىلايەتنىڭ مېنىڭ داۋاملىق رەئىس بولۇشىمغا ماقۇل بولۇش - بولماسلىقى ھەربىي ھەرىكەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئەگەر ھەربىيلەر ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىناۋىتىگە زىيان يەتكۈزمەي، سىياسىي پروگراممىنى ھەقىقىي تۈردە ئىزچىللاشتۇرىدىغان بولسا، چاتاق چىقمايدۇ. لېكىن ھەربىيلەر ماڭا قارشى تۇرىدىغان ۋە ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى قوللاندۇرىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىمىزنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلغىلى بولمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمىتىمىز قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان ھۆكۈمەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۇ چاغدا، ھۆكۈمىتىمىز ئۈچ ۋىلايەتنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپلا قالماستىن، بەلكى پۈتۈن ئۆلكە خەلقىمۇ بىزدىن نارازى بولىدۇ»، دېدىم. ئۇ: «سىز بۇ گەپنى توغرا ئېيتتىڭىز، مەن مۇئاۋىن جاڭگۈەن تاۋ سىيۆگە بەكرەك تاپىلاپ قوياي، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئابرويىنى جەزمەن يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم» دېدى.

## 2 - ئاينىڭ 11 - كۈنى

بۈگۈن ھەپتىنىڭ بەشىنچى كۈنى، بىز شىنجاڭغا قايتىشقا تەييارلىق كۆردۇق. مەن ئۈرۈمچىدىكى باش كاتىپ لىيۇمىڭ چۇنگە بۈگۈن يولغا چىقىدىغانلىقىمىزنى تېلېفوندا ئۇقتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن، مۇئاۋىن جاڭگۈەن تاۋ سىيۆنىڭكىگە باردىم. ئۇنىڭكىدە شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ رادىئو ئاخبارات - تەشۋىقات



ۋەرەقىلىرىنى كۆردۈم. ئۇنىڭدا: غەربىي شىمالدىكى ئۈچ ئۆلكىنىڭ قورچاق ھۆكۈمەت باشلىقى ۋە قورچاق قوماندانلىق شتابىنىڭ باشلىقى جاڭ جىجۇڭ، نىڭشا ئۆلكىلىك قورچاق ھۆكۈمىتىنىڭ باشلىقى ما خۇڭكۇي، چىڭخەي ئۆلكىلىك قورچاق ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى ما بۇفاڭ، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ قورچاق قوماندانى تاۋ سىيۆ، يېقىندىن تەيىنلەنگەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك قورچاق ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بۇرھان قاتارلىقلار لەنجۇغا يىغىلدى، غەربىي شىمالنى ساقلاپ قېلىش ئۈستىدە كېڭەشتى، دېيىلگەن. بۇ تەشۋىق ۋەرەقىنى كۆرگەندىن كېيىن، چوڭقۇر ئويلاندىم. ھازىرقى سالاھىيىتىمگە ئاساسەن يۇقىرىقىدەك قاراشنىڭ بولۇشى ئەقىلغا مۇۋاپىق، چۈشىنىشلىك ئىدى. بىراق، مەسىلە شەكىلدە ئەمەس، مېنىڭ ئارزۇيۇم ئۇلارنىڭكى بىلەن بىردەك. بۇنى ئۇلار كېيىن كۆرۈپ قالار.

سائەت ئون بىردە، جاڭ جىجۇڭ جاڭگۈەن مېنى ئىزدىگىلى كەلدى، ئۇ يېقىندا ئۈرۈمچىگە بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ: «تۈنۈگۈن لى زوڭرېندىن كەلگەن تېلېفوندا نەنجىڭغا بېرىشىمنى ئېيتتى، مەن: بۇ يەردە ئىش تولا، بارالمايمەن، ئەھۋالغا قاراپ باقاي، دەپ جاۋاب بەردىم» دېدى. جاڭ جىجۇڭ سۆزىنى داۋام قىلىپ: ئەگەر مەسلىھەتلىشىش ئىشقا ئاشقان بولسىغۇ ياخشى بولاتتى، ناۋادا ئىشقا ئاشمىسا، مەن بۇ يەردە بىر ئامال قىلىپ ئۇرۇشنىڭ پارتلىشىنى توسايمەن؛ شىنجاڭدا شېڭ شىسەينىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى سىياسىتى بويىچە ئىش كۆرۈشكە بولىدۇ...، دېدى. جاڭ جىجۇڭ بەزى كونكرېت ئىشلارنى ئەمدىلا دېمەكچى بولۇۋاتاتتى، ما خۇڭكۇي كېلىپ قالدى. جاڭ جىجۇڭ گېپىنى توختىتىپ، باشقا بىرى بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، خوشلىشىپ كېتىپ

قالدى. ما خۇڭكوي قېشىمىزدا باشقا كىشىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ، ماڭا: «ھازىرقى ۋەزىيەت ناھايىتى جىددىي، بىز قانداق قىلىمىز؟ ئۈچىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلاش ئالدىدا تۇرىدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئامېرىكىنىڭ مۇناسىۋىتى جىددىيلىشىپ كەتتى، سىز قانداق ئويلاۋاتىسىز؟» دېدى. مەن: «بىرنېمە دېيىش تەس، لېكىن مەن ئۇرۇش ئۇنچىۋالا تېز پارتلاپ كېتىدۇ، دەپ قارىمايمەن» دېدىم. ئۇ يەنە: «گەرچە ئۇرۇشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئالدىن مۆلچەرلەش قىيىن بولسىمۇ، لېكىن ئۇرۇش بولۇپ قالسا شىنجاڭنىڭ ۋە ئۆلكىمىزنىڭ تەقدىرى قانداق بولار؟ بىزنىڭ بۇ يەردە ئۇرۇش بولامدۇ؟» دېدى. مەن: «ئەگەر ئامېرىكىنىڭ كۈچى بۇ يەرگە تەسىر كۆرسىتەلمىسە، مېنىڭچە، ھېچ گەپ يوق» دەپ جاۋاپ بەردىم. ئۇ مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاپلا: «ھەي ئاكەي، ئامېرىكىنىڭ تەسىرى بۇ يەرگە يېتىپ كېلەلمەيدۇ، دېيىش ناھايىتى تەس، ئۇلار بۇ جايلاردا ھەربىي ئايرودروم ياسىماقچى بولۇۋاتىدۇ!» دېدى. مەن: «بىز ئۇلارنىڭ ئايرودوروم ياسىشىغا يول قويماسلىقىمىز لازىم، ئامېرىكىغا ئايانغاندىن كۆرە، بىر تەرەپ تۇرغان تۈزۈك. مەيلى نېمىلا بولسۇن، جاڭ جىرجۇڭ جاڭگۇەن بىلەن كۆپرەك مەسلىھەتلىشىش كېرەك، ئۇنىڭ يولىيورۇقى بويىچە ئىش قىلىشىمىز لازىم» دېدىم. ئۇ: «جاڭ جىرجۇڭ جاڭگۇەن جەنۇبلۇق، بىز غەربىي شىماللىق، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز باشقۇرساق بولىدۇ. سىز ئۇرۇمچىدە سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلى بىلەن پات - پات يۈز كۆرۈشۈپ تۇرىدىغانسىز، ئۇلار بىزگە ياردەم بېرەرمۇ؟» دېدى. مەن: «ئىش بولسا كۆرۈشىمىز، ئىش بولمىسا ئۇلارنى ئىزدىمەيمىز. ئۇلار بىزنىڭ ئىچكى ئىشىمىزغا ئارىلاشمايدۇ. بىز مەسىلىنى ئۆزىمىز ھەل قىلىشىمىز لازىم» دەپ جاۋاب بەردىم. ئۇ: «سىز شىنجاڭدا، بىزنىڭ ئالدىمىزدا



تۇرۇۋاتىسىز. ئەگەر سىز بىزنىڭ ئىشىمىزغا ياردەم بېرەلىسىڭىز، ئەھۋالىمىزدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرسىڭىز، بىز سىزنىڭ كەينىڭىزدىن ئەگىشىپ ماڭىمىز، بىرەر ئىش چىقىپ قالسىلا ئادەم ئەۋەتىمىز. بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست ئۆتۈش بىزگە يىراق بولغان ئامېرىكا بىلەن دوست ئۆتۈشتىن تېخىمۇ پايدىلىق» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، گېپىنى تۈگىتىپ كېتىپ قالدى. بۈگۈن ئەتىگەن جىن زودىنىڭ ياتىقىمىغا كېلىپ قىلغان ئىنكاسىدىن قارىغاندا، ما خۇڭكۈي ئامېرىكا شىركىتىنىڭ بەش ئايروپىلانىنى ئىجارىگە ئېلىپ، بۇ يەردىن قوي يۇڭى ۋە ئالتۇن - كۈمۈش ئېلىپ، گۇاڭجۇغا بېرىپ قورال - ياراق تېگىشىپ كېلىدىكەن. ئەنە شۇ ما خۇڭكۈي ئەمدى مېنىڭ پوزىتسىيەمنى تېپىك - تىڭلاپ بېقىش ئۈچۈن كەلگەنىكەن. ھالبۇكى، ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇلار ناھايىتى قاتتىق ساراسىمىگە چۈشۈپ، قانداق قىلىشىنى بىلمەي قالغاندەك تۇرىدۇ.

## 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى

ئۈچ ئاي ئۆتۈپ كەتتى، بۇ ئۈچ ئايدا نۇرغۇن ئىشلار يۈز بەردى. ئۆلكىمىزدىكى خەلق مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەر بىلەن ئامېرىكا، ئەنگلىيە گورۇھىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر ئوچۇم تار مەھكىمىچى مىللەتچىلەر ئوتتۇرىسىدا شەكىلسىز كەسكىن كۈرەش بولدى، تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەر تېخى ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقمىغانلىقتىن، ئەكسىيەتچى كۈچلەر ۋاقتىنچە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. ئاتالمىش دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ گېنېراللىرى ئومۇمەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى ھىمايە قىلاتتى. ھەربىي

جەھەتتىن قارىغاندا، بۇ قوشۇن مۇستەبىت خۇزوگىنەننىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇناتتى. لېكىن، قوشۇننىڭ كاتتىباشلىرى شۇنچە ئەستايىدىل بولسىمۇ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەرنىڭ كۈنسايىن كۈچىيىۋاتقانلىقى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە تەسىر كۆرسەتتى، ئۇلارنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇش تەمىناتى تۆۋەن ئىدى. ئەمەلدارلارنىڭ خىيانەتچىلىكى يامراپ كەتتى. ئوفىتسېرلار بىلەن ئەسكەرلەر ئوتتۇرىسىدا پىكىر بىرلىكى يوق ئىدى. پۇرسەت پىشىپ يېتىلسىلا ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى چەك - چېكىدىن پارچىلىنىپ، ئەسكەرلەرنىڭ مىلتىقى ئاشۇ ئەمەلدارلارغا بەتلىنەتتى.

بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى مىللەتچىلەرنىڭ «يالقۇن» گېزىتىنى توختىتىپ قويغانىدۇق، بۇ ئۇلارنىڭ ئەسەبىيلەرچە قارشىلىقىنى قوزغىدى، ئۇلار ئەكسىيەتچىل تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنى تارقىتىپ قارشى تۇردى، بىراق ھېچنېمە قىلالمىدى. لېكىن، «ئەرك» گېزىتىدە جېنىنىڭ بارىچە ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ئېلىپ باردى. ئىقتىسادىي ۋەزىيەت ناھايىتى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى، بۇ ئىقتىسادىي كرىزىسنى تۈگىتىش ئۈچۈن، بىز ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى پائال قوللاندۇق، ئاساسىي تەدبىرلىرىمىز:

**1) سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بىلەن سودا ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى قولغا كەلتۈرۈش.**

**2) شىنجاڭدا دەرھال ئۆز ئالدىمىزغا كۈمۈش پۇل ۋە مۇناسىپ ھالدا قەغەز پۇل تارقىتىشتىن ئىبارەت بولدى.**

سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودا كېلىشىمى تەييارلىنىپ بولدى، ئىمزا قويۇلسىلا بولاتتى. ئەسلىدە قۇمۇل - ئالمۇتا ئاۋىئاتسىيە شىركىتى ئىمزا قويۇشقا تېگىشلىك ئىدى، لېكىن، ئامېرىكىنىڭ تەسىرى بىلەن مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ



خىلمۇخىل باھانە - سەۋەبلىرى تۈپەيلىدىن توسقۇنلۇققا ئۇچرىغاچقا، ئىمزا قويۇش مۇراسىمى تا بۈگۈنگە قەدەر ئۆتكۈزۈلمىدى. يېڭى پۇلنى 5 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن بۇرۇن تارقىتىش توغرىسىدىكى قارار ماقۇللانغاندىن كېيىن، بىز تەييارلىق خىزمىتىگە جىددىي كىرىشىپ كەتتۇق؛ ھازىر بىز ئاتالمىش ھۆكۈمەت ئارمىيىسىنىڭ خىراجەت مەسىلىسىگە دۇچ كېلىپ قالدۇق، 80 مىڭ كىشىلىك ئارمىيىگە ھەر ئايدا 500 مىڭ يۈەن خىراجەت چىقىم قىلىناتتى، ئەگەر مەركەز بۇ خىراجەتنى ۋاقتىدا ئەۋەتمىسە قانداق قىلىمىز؟ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بۇ چىقىمنى كۆتۈرەلمەيتتى. ئۇلارنى بۇرۇنراق شىنجاڭدىن ئايرىغان ياكى ئۇلارنىڭ سانىنى زور دەرىجىدە قىسقارتقان تەقدىردىمۇ، قالغانلىرىغا ئىش تېپىپ بېرىشكە توغرا كېلەتتى. مۇئاۋىن جاڭگۇەن تاۋ سىيۆ لەنجۇغا كەتتى، ئۇ يەنە شىئەنگە بېرىپ خۇزوگىنەن بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىدى، ئۇلار نېمىلەرنى قارار قىلىدۇ؟ بۇ تېخى ماڭا نامەلۇم.

مانا مۇشۇنداق جىددىي ئەھۋال ئاستىدا، 5 - ئاينىڭ 2 - كۈنى خې يىڭچىننىڭ 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئەۋەتكەن تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋالدىم، مەزمۇنى:

**«جاڭ جىجۇڭ باشقا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى، ئۇنىڭ ئورنىغا گو جىچاۋ تەيىنلەندى، بۈگۈندىن ۋاقىپ بولغايسىزلەر، مۇشۇ يېڭى ئەھۋال بويىچە ئىش قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز».**

تېلېگراممىنىڭ مەزمۇنىدىن ھاڭ - تاڭ قالدىم، گو جىچاۋ ئۇرۇشخۇمار ئىدى، ئەگەر ئۇ جاڭ جىجۇڭنىڭ ئورنىغا قويۇلغان بولسا، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ياخشىلىنىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە يامانلىشىپ كېتەتتى.

بۇنداقتا، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش قىيىنغا چۈشەتتى، پۈتۈن ئۆلكىدە تىنچلىقنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىمۇ قىيىنغا توختايتتى. مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە، ئەنگلىيە، ئامېرىكا قوللاۋاتقان مىللەتچىلەرنىڭ ھەرىكىتى تېخىمۇ غالجىرلىشاتتى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىمۇ جانلىنىپ كېتەتتى. بۇ مەسىللەرنى ئويلاپ، مەركەزگە قارارنى ئۆزگەرتىپ جاڭ جىجوڭنى غەربىي شىمالدا قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ تېلېگرامما ئەۋەتتىم. لىيۇ مىڭچۈن تۈنۈگۈن ئۈرۈمچىگە كەلدى، ئۇ لىيۇ سەنمۇجاڭنىڭ لەنجۇدىن تېلېفون بەرگەنلىكىنى ئېيتتى. لىيۇ سەنمۇجاڭنىڭ ئېيتىشىچە: مەركەز جاڭ جىجوڭنى ۋەزىپىدىن قالدۇرغانلىقىنى ئېتىراپ قىلمايدىكەن، بۇ ئاجايىپ ئىشقۇ؟ ئاڭلىشىمىزچە، مەركەز جاڭ جىجوڭنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرغانلىقىنى ئوچۇق ئېلان قىلغانىكەن، بۇنىڭدا بىزنىڭ بەرگەن تېلېگراممىمىز رول ئوينىغانمۇ ياكى باشقا سەۋەبلەر بارمۇ؟ بۇ، مەن ئۈچۈن ۋاقىتىنچە چۈشىنىكسىز مەسىلە ئىدى. تۈنۈگۈن جانىمقاننىڭ يولسىزلىق بىلەن يازغان بىر پارچە خېتىنى تاپشۇرۇۋالدىم. بۇ خەتتە مال بازىرىنى باشقا جايغا يۆتكىگەنلىك ئىشى ئېيتىلغان. ئامىمىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، مال بازىرىنى ئەسلى جايىغا يەنى خابانىڭ غەرب تەرىپىگە يۆتكەشنى تەستىقلىغانىدىم. مال بازىرىغا مىللەتچى ھۇشۇر قاسساپنىڭ ئىنىسى، پىشىنە ـ پاساتچى ھۇسەيىن باشلامچىلىق قىلاتتى، ئۇلار مىللەتچىلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، بىر قىسىم لوكچەكلەرنى كۈشكۈرتۈپ، مال بازىرىدا جېدەل چىقاردى. كېيىنكى چاغلاردا ئۇلار مال بازىرى مەسىلىسى ماليە نازارىتىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئىش، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت جانىمقاننىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي نېمە ئۈچۈن مال بازىرىنى يۆتكەشنى تەستىقلايدىكەن، دېگەن مەسىلىنى جانىمقاننىڭ ئالدىغا قويدى. جانىمقاننىڭ ماڭا



ئەۋەتكەن خېتىدە مۇنداق دەپ يېزىلغان:

«... سىز كۆپىنچە ئىرادىسىگە قارىماي، ئوغلىڭىزنىڭ رايى بويىچە ئىش قىلىدىكەنسىز، ئەگەر مال بازىرىنى يۆتكەش توغرا كەلسە ماڭا يوليورۇق بەرسىڭىز بولاتتى. ماليە نازارىتى كىرىم بولىدىغان پايدىنى باشقۇرمىسا نېمە ئىش قىلىدۇ؟ ئەگەر ماليە نازارىتىنىڭ نازىرى قىلىدىغان ئىشقا ھەرقانداق ئادەم چېپىلىۋالسا، نازىرلىق ۋەزىپەمنى بۈگۈنلا تاپشۇرۇپ بېرىمەن، ئىككىسىنىڭ بىرىدە تۇرۇڭ. بۇنىڭدىن ئىلگىرى سىز بەرگەن بەزى يوليورۇقلار شىنجاڭنىڭ مەنپەئەتىگە پايدىسىز بولغان بولسىمۇ، لېكىن مەن ئەمرىڭىزگە بويسۇنۇپ كەلدىم. ئەگەر بۈگۈنكى كۈندە سىزنىڭ بۇيرۇقىڭىز بىلەن كىشىلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولىدىغان چوڭ ۋەقە يۈز بەرسە، ئۇنىڭغا جاۋابكار ئەمەسمەن.

جانىمقان ھاجى 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى.

ئاڭلىشىمچە، بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى ماجۇنجاڭ (ماچىڭشاڭ) جانىمقاننى ئىزدەپ بارغانىكەن، ئۇ، جانىمقانغا: «بىز ھەممىمىز مۇسۇلمان، بىز بىرلىشىپ، بىر نىيەتتە بولۇپ، كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى تۇرۇشىمىز لازىم. گەرچە بۇرھان ناھايىتى چىرايلىق سۆزلىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ نىيىتى دۇرۇس ئەمەس، مەن ھەربىي قوشۇنىمىزنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئىنكاس قىلسام، ئۇ قوشۇننى ئىخچاملاشنى ئوتتۇرىغا قويدى...... بۇرھاننىڭ مەقسىتى جەزمەن باشقا، زورلۇق تېپىلسا ئامېرىكا بىزگە ياردەم بېرىدۇ»، دېگەن. ئەھۋالدىن قارىغاندا، مىللەتچىلەرنىڭ ھەرىكىتى ۋە ماچىڭشاڭنىڭ سۆزى جانىمقانغا تەسىر كۆرسەتكەن

ئوخشايدۇ، ئەسلىدە مۇناسىۋىتىمىز ياخشى ئىدى، مانا ئەمدى جانىمىقان ماڭا قارشى تۇرىدىغان بولۇپ قالدى. قىسقىسى، نۆۋەتتىكى ئەھۋال دېگەندەك ياخشى ئەمەس، بىرەر ئىش تۇغۇلىدىغاندەك تۇرىدۇ......

مۇھەممەت ئىمىن، ئەيسا، ئەرتوغرۇل قاتارلىقلار جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئالتە شەھەردە ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ؛ ئامىنەخان ھاجى ھەممە جايدا ماڭا قارشى تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنى تارقىتىۋاتىدۇ، مىللەتچىلەر ئۆزلىرىنىڭ كۈچىنى جەنۇبىي شىنجاڭغا توپلىدى. ئاڭلىشىمچە، ماجۇڭجاڭمۇ ئۇ يەرگە يارماقچى ئىكەن. ئەگەر مابوفاڭ چىڭخەيدە مەغلۇپ بولسا، چاقىلىق ئارقىلىق ئالتە شەھەرگە بېرىپ ئۇ يەردە ئامېرىكا، ئەنگلىيىگە تايىنىپ ئىسلام بايرىقى ئاستىدىكى بىر جۇمھۇرىيەت قۇرۇش قەستىدە ئىكەن. بۇ ئىشلار ھەققىدە غۇلغۇلا بولۇۋاتىدۇ. دېمەك، ماجۇڭجاڭنىڭ سۆزلىرى ۋە جانىمىقانىنىڭ خېتى ئىقتىسادىي مەسىلىنى كۆزلىمىگەن، ئۇلارنىڭ سۆزلىرى ۋە خېتىنىڭ چوڭقۇر ئاساسى بار.

خاتىرىنى يېزىپ مۇشۇ يەرگە كەلگىنىمدە، توختى ئايۇپ كەلدى. ئۇ، ماڭا مۇنداق بىر ئەھۋالنى ئېيتتى: ئۇ باياتىن نورۇيۇپ بىلەن كۆرۈشكەن، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىدىكى ئەمەت ئۆمەر دېگەن بىر سەنئەتچىنىڭ قوۋانبەك دېگەن ئاغىنىسى ماجۇڭجاڭنىڭ ئىشتاۋىدا خىزمەت قىلىدىكەن. قوۋانبەك ئەمەتنى سىرتقا چاقىرىپ چىقىپ، چوڭ كۆۋرۈككە بارىمىز، دېگەن. ئەمەلىيەتتە، خادىككە ئولتۇرۇپ، ئۇدۇل ماجۇڭجاڭنىڭ شتاۋىغا باشلاپ بېرىپ، ماجۇڭجاڭنىڭ مەلۇم بىر تۇەنجاڭى بىلەن كۆرۈشتۈرگەن. ئۇ تۇەنجاڭ ئەمەت ئۆمەردىن: «ۋەزىيەتكە قانداق قارايسەن؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ جاۋاب بەرمىگەن، ئاندىن ھېلىقى تۇەنجاڭ: «ھازىر ئەھۋال ناھايىتى ئېغىر، كومپارتىيە كۈندىن - كۈنگە



كۈچىيىۋاتىدۇ، ئۇنىڭغا بىزدە تەييارلىق بولۇشى كېرەك، بىز ياشلارنى تەشكىللەپ، ئۇلارغا ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بارىمىز، ئاندىن ئۇلارنى جەنۇبىي شىنجاڭغا ئەۋەتىمىز، زۆرۈر تېپىلغاندا ئۇلارنى بىر قوشۇن قىلىپ تەشكىللەيمىز، سەن بۇ ھەربىي مەشىققە قاتناشساڭ، كەلگۈسىدە چوڭ ئەمەلدار بولىسەن» دېگەن. بۇ، مىللەتچىلەرنىڭ ھەربىي قوشۇن تەشكىللەشكە كىرىشكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

## ٦ ـ ئاينىڭ ٩ ـ كۈنى

مۇھەممەت ئىمىن قاتارلىقلار بىر تەرەپتىن قوشۇن تەشكىللەشكە تەييارلىق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن پىتنە - پاسات تارقىتىپ قۇتراتقۇلۇق ھەرىكىتىنى باشلىۋەتتى. بۈگۈن مۇھەممەت ئىمىندىن ماڭا بىر پارچە خەت كەلدى، خەتنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

**رەئىس جانابلىرىغا:**

**مەن ئېھتىرام بىلەن سىزگە شۇنى ئۇقتۇرىمەنكى، ئۈرۈمچىدە ياشلارنى ھاقارەتلەيدىغان ۋە ۋەھىمىگە سالىدىغان ئەھۋاللار بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. بولۇپمۇ مەن بىلەن ئازدۇر - كۆپتۇر مۇناسىۋىتى بار ياشلار، شۇنىڭدەك بىر قىسىم بىتەرەپ ياشلار مېنىڭ ئىدارەمدە خىزمەت قىلىۋاتقىنى ئۈچۈنلا، بۇ ياشلارنىڭ كۈنى ناھايىتى تەس ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى.**

**تەكشۈرۈشۈمدىن قارىغاندا، بۇ ئىشتا يۈسۈپ سەئىدى، ھۇشۇر ئېلى، ئىبراھىم ئۆمەر قاتارلىق كىشىلەر باشلامچىلىق قىلغان. ھەممە كىشىلەرنى ھاقارەتلەيدىغان مەخپىي ۋەرەقىلەرنى تەييارلىغان.**

مەن جانابىڭىزدىن بۇلارنى قاتتىق تەنقىد قىلىپ، زۆرۈر تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنىڭ داۋاملىق يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى تەلەپ قىلىمەن. ئۇنداق بولمايدىكەن، چوقۇم يامان ئاقىۋەت يۈز بېرىدۇ.

مۇھەممەد ئىمىن

مىنگونىڭ 38 - يىلى 6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى.

بۇ خەتتىن تەرەققىيپەرۋەر ياشلار بىلەن مىللەتچىلەرگە ئەگىشىۋاتقان ياشلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ ئىنتايىن كەسكىنلىشىپ كەتكەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ.

**6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى**

بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى، بۇ ئارىلىقتا نۇرغۇن ئىشلار يۈز بەردى. مابوفاڭ جاڭ جىجۇڭنىڭ ئورنىنى ئالدى. بۇ ئىش غەربىي شىمال رايونىغا زور تەسىر كۆرسەتتى. مەركىزىي ھۆكۈمەت خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئېقىپ كەلگەن بىرەر تال سامانغا تايىنىپ ئۆز جېنىنى قۇتقۇزماقچى بولغان ھاشارەتتەك جان تالاشماقتا ئىدى. ئۇلار ئاخىر ئازادلىق ئارمىيىنىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، مۇسۇلمانلارغا تايىنىپ غەربىي شىمالنى ساقلاپ قېلىش خىيالىدا مابوفاڭنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. بۇ ئىشنىڭ يەنە بىر تەرىپى شۇكى، مەركەز مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلانماقچى بولغان بولسىمۇ، مابوفاڭ مەركەزدىن بېرىلگەن ياردەمگە تايىنىپ، ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان دۆلىتىنى قۇرۇش خام خىيالىدا ئىدى. بۇ، مىللەتچىلەرگە تازا ياقتى، شۇڭا ئۇلار مەخپىي تەشكىلات قۇ-



رۇپ، ئاممىنى قۇتراتتى ھەمدە خەلققە قارشى خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنى يېنىغا توپلىدى. ئۇلار يەنە ئوسمان، قالىبەك، جانىمقان، ھۇشۇر قاساپلارنى كۆچلۈك بىر سەپ قىلىپ ئۇيۇشتۇرۇشقا ئۇرۇندى. پەرەز قىلىشىمچە، بۇنىڭ ئىچىدىكى زىكرىيا ئۇلارنى تەشكىللەشتە مۇھىم رول ئوينىغان.

مەن ئەسلىدە يولۋاسنى قومۇلدىن چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنى تەكشۈرۈش ھەيئىتىنىڭ رەئىسلىك سالاھىيىتى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭغا ئەۋەتىشنى ئويلىغانىدىم. ئۇ كەلگەندىن كېيىن، مۇھەممەت ئىمىن ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشتى ھەم ئۇنىڭغا ماڭا بولغان نارازىلىقىنى شىكايەت قىلدى. يولۋاس بىزنى ياراشتۇرۇپ قويۇشنى ئويلىغان بولسىمۇ، مۇھەممەت ئىمىن: «بۇرھان مېنىڭ شەرتىمنى قوبۇل قىلسۇن» دەپ شەرت قويدى، يولۋاس ئۇ شەرتنى ماڭا ئېيتمىدى. پەرىزىمچە، ئۇلارنىڭ ئەكسىيەتچىل تەشۋىقاتىنى چەكلىمەسلىكىمنى تەلەپ قىلىسا كېرەك. تەكشۈرۈش ھەيئىتى ئەۋەتىشمۇ توسالغۇغا ئۇچرىدى. ئېھتىمال، بىرسى ماچىڭشاڭ ئارقىلىق مابوفاڭغا بۇ ئىشنى ئېيتقان بولسا كېرەك، مابوفاڭ تېلېگرامما ئەۋەتىپ، يولۋاسنى لەنجۇغا چاقىرتىپ كەتتى. 6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى يولۋاس لەنجۇغا ماڭدى. ئۇنىڭ كېتىشى بىلەنلا «يولۋاس رەئىس بولىدىكەن، بۇرھان تەختتىن چۈشىدىكەن» دېگەنگە ئوخشاش خەۋەرلەر تارقالدى. ئەكسىيەتچىلەر ۋە مىللەتچىلەر تېخىمۇ جانلىنىپ كەتتى، ئۇلار ماچىڭشاڭ بىلەن تىل بىرىكتۈردى. ئادىلنىڭ باشلامچىلىقىدا يۈزدىن ئارتۇق مىللىي ئەسكەر تۆمۈرچىلىك كارخانىسىدا تەربىيەلەنمەكتە ئىدى. مىللەتچىلەر تەرەپ - تەرەپكە ئادەم ئەۋەتىپ، ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ئېلىپ باردى، ئۇلار خوجىزۇلار بىلەن بىرلىشىۋېلىپ، ئاتالمىش «مۇسۇلمان دۆلىتى» قۇرۇش خام خىيالىدا بولدى.

## 6 – ئاينىڭ 18 – كۈنى

پۈتۈن ئائىلەمنى گەنگۈغا ئېلىپ باردىم، ئائىلەمدىكىلەر يازنى شۇ يەردە ئۆتكۈزمەكچى بولدى.

## 6 – ئاينىڭ 19 – كۈنى

بۈگۈن ماكنان كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا ئوسمان، قالىبەك، جانىمقان، خادىۋاڭ، سالىس، زېكرىيا قاتارلىقلارغا قارشى تەشۋىق ۋەرىقىسى بارئىدى. ماكنان ئىنتايىن پەخىرلەنگەن ھالدا ماڭا: «تەشۋىق ۋەرەقىسىدىن ئۇنىنى قازاقلارغا تارقىتىۋەتتىم»، دېدى. ئۇنىڭ سۆزلىرى مېنى گۇمانغا سالدى، ئوسمان بىلەن قالىبەككە قارشى تەشۋىق ۋەرەقىلىرى مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى تەدبىرلەر ئەمدىلا قوللىنىلىۋاتقاندا، بەزىلەرنىڭ جانىمقان ۋە باشقىلارغا قارشى تەشۋىق ۋەرەقىسى تارقىتىشى نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ بىرەرسى قەستەن ئۇلارنى ھۆكۈمەتتىن بۆلۈپ چىقىش ئويۇنىنى ئويناۋاتامدۇ – يە؟ قىسقىسى، ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرى بۈگۈنكى كۈندە ھېچقانداق رول ئوينىيالمايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭدا ھېچقانداق سۈيىقەست بولمىدى دېيىلسە، ئۇنى بىر قىسىم قېنى قىزىق ياشلارنىڭ قىلمىشى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ خىل قىلمىش «قېشىنى تۈزەيمەن دەپ كۆزىنى قارىغۇ قىلىدۇ»، خالاس.

## 6 – ئاينىڭ 20 – كۈنى

بۈگۈن گەنگۈدىن ناھايىتى كەچ قايتىپ كەلدىم.



## 6 – ئاينىڭ 21 – كۈنى

بۈگۈن جانىمقان، خادىۋاڭ، سالىس، زېكرىيا × × × × لار قول قويۇپ يازغان ئەيىبلەش خېتىنى تاپشۇرۇۋالدىم. خەتتە، ئۇيغۇر جاللاتلارنىڭ ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشنى قەست قىلغانلىقى، مېنىڭ بۇنى تەكشۈرۈپ تەدبىر قوللىنىشىمنى تەلەپ قىلىنغانىكەن. شۇنىسى ئېنىقكى، بۇ بۆلگۈنچىلىك قىلىشقا ئۇرۇنغان سۈيىقەست. مەن زېكرىيانى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنىڭدىن تەپسىلىي ئەھۋالنى سورىدىم. مەن ئۇنىڭغا: «سىلەر مۇشۇنداق ھەيۋىگە ئىشىنەمسىلەر؟ ئادەم ئۆلتۈرۈش، بولۇپمۇ قازاقلارنىڭ ئاقساقاللىرىنى ئۆلتۈرۈش قوي ئۆلتۈرۈش ئەمەس، ئۇلارنىڭ مۇنداق ھەيۋە قىلىشى سىلەرنىڭ ھۆكۈمەت بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىڭلارغا بۆلگۈنچىلىك سالغانلىق» دېدىم. مەن ئۇلارنىڭ بۇ ئەيىبلەش خېتىدىن يەنە بىر نۇسخىسىنى جاڭگۈەن مەھكىمىسى باش شتابىغا تاپشۇرۇشنى تاپىلىدىم. بۇنىڭدا زېكرىيا بىلەن سالىس ئاساسىي رول ئويناۋاتاتتى.

## 6 – ئاينىڭ 25 – كۈنى

بۈگۈن بىز تۇرپانغا باردۇق، كىشىلەر بىزنى ناھايىتى داغدۇغا بىلەن قارشى ئالدى، بۇ يىل تۇرپاندا ئاشلىقتىن ياخشى ھوسۇل ئېلىنغانىكەن، شۇڭا، كىشىلەرنىڭ روھىي ھالىتى كۆتۈرەڭگۈ ئىكەن.

## 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى

بىز ئاممىۋى يىغىن ئاچتۇق، مەن ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتى ۋە نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت توغرىسىدا سۆز قىلدىم. ھاكىم ئابدۇللا ھامۇت قازى مەككىگە بېرىپ ھەج تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن مەندىن رۇخسەت ئالدى. مەن ئابدۇللا ئەزىز، شېرىپ ئىسمايىل، قادىر ياسىن، پولات جۇيجاڭ قاتارلىق كىشىلەردىن ۋاقىتلىق مۇۋەققەت ھاكىملىققا مۇۋاپىق بىرىنى سايلاپ چىقىڭلار، دەپ يوليورۇق بەردىم. كەچتە ئۇلار ھەيئەتلەر يىغىنى ئېچىپ، ياسىن جۇيجاڭنى ھاكىملىققا بەلگىلىدى. 2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى مەن ياسىنغا ۋەزىپىنى قوبۇل قىلىشقا بۇيرۇق بەردىم. ئاندىن كېيىن پىچان ناھىيىسىگە قاراپ يول ئالدىم. سىڭگىم ئېغىزىدىن چىقىپ بولغىچە ئىسسىققا چىدىيالمىدىم، ئاخشىمى پىچانغا يېتىپ بېرىپ مالىياگجۇننىڭ ئۆيىگە چۈشتۈم، بۇ يەردىكى خەلقمۇ بىزنى ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋالدى.

(«مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش تارىخىي ماتېرىياللار تاللانمىلىرى»دىن ئېلىندى)

ئاتىكەم ھۇۋىپ تەرجىمىسى

جاۋابكار مۇھەررىرى: دىلدار ئېزىز



# مېنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىش جەريانىم ۋە ئۆزۈم قاتناشقان بىر قىسىم ئۇرۇشتىن قىسقىچە ئەسلىمە

ئەخمەتجان

مەن 1942 - يىلى قەشقەردىن غۇلجىغا باردىم. 1943 - يىلى 5 - ئايدىن باشلاپ غۇلجىنىڭ ۋەزىيىتى جىددىيلىشىپ كەتتى. گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى كوچىلاردا يېڭى - يېڭى سۆزلەرنى تارقىتىپ يۈرەتتى. ھۆكۈمەت دائىرىلىرى «ئالتە ئوغرىنى تۇتىمىز، ئۇلارغا ئەگەشكەنلەرنىڭ بېشىنى يانجىپ تاشلايمىز» دەيتتى. ئۇلار قوزغىلاڭچىلارنى «ئالتە ئوغرى»، «باندىت»، «بۇلاڭچى» دەپ ئاتايتتى. ساقچى ئىشپىيونلىرى ئۆيمۇئۆي تىمىسقىلاپ، تىڭ - تىڭلاپ يۈرەتتى. باۋجاڭ، جىنجاڭلار كېچە - كۈندۈز نوپۇس تەكشۈرۈپ، «گۇمانلىق ئادەملەر»نى تۇتۇپ كېتەتتى. ھۆكۈمەت دائىرىلىرى يەنە، ئۇرۇش تەييارلىقىنى باھانە قىلىپ، پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرىنى بۇزۇپ، دەل - دەرەخلىرىنى كېسىپ تاشلىدى؛ ھەر بىر ئائىلىگە قوم خالتىسى تەييارلاشنى ئالۋان قىلىپ يۈكلىدى. پۇقرالارنى ئاكوپ

قېزىشقا ۋە مۇداپىئە ئىستىھكامى ياساشقا مەجبۇرلىدى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىر تەرەپتىن نىلقا پارتىزانلىرىنى قورشاپ يوقىتىش پىلانىنى تۈزۈپ، يوشۇرۇن ھەرىكەت ئېلىپ بارسا، يەنە بىر تەرەپتىن غۇلجىدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرىنىڭ ئاساسىي كۈچىنى نىلقىغا يۆتكىدى. نىلقا پارتىزانلىرى بۇ ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن، دۈشمەننىڭ غۇلجا شەھىرىدىكى مۇداپىئەسىنىڭ ئاجىزلاپ قالغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، 1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ باشلىرىدا ئاتلىق ئەترەتنى تاغ ئارىسىدىكى يېقىن يول بىلەن غۇلجا شەھىرىگە مەخپىي يۆتكىدى. 1944 - يىل 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئەتىگەندە، ئاتلىق پارتىزانلار بىرقانچە كىچىك ئەترەتكە بۆلۈنۈپ، غۇلجا شەھىرىنىڭ شەرقىي، غەربىي ۋە شىمالىدىن شەھەرگە بىرلا ۋاقىتتا ھۇجۇم قىلدى. شۇ چاغدا گومىنداڭنىڭ غۇلجا مۇداپىئەسىدىكى ئەسكىرىي كۈچى 800 دەك (بىر باتالىيوندىن ئارتۇق) بولۇپ، قۇراللىرى خىل ۋە مۇنتىزىم ئىدى. ئۇلار ۋالىي مەھكىمىسى، ۋىلايەتلىك باش ساقچى ئىدارىسى، ئېلېكتر ئىستانسىسى، ھەرەمباغ ھەربىي گازارما ۋە ئايرودروم قاتارلىق جايلارنى ساقلايتتى. قورال ۋە تاياق - توقماق بىلەن قوراللانغان مىڭدەك پارتىزانلار بىر تەرەپتىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى جەڭ قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن خەلقنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەشكە ئاتلىنىشقا سەپەرۋەر قىلدى.

شۇ كۈنلەردە مەن شاگىرت بولۇپ ئىشلەۋاتقان تۇماقچى ئۇستامنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدا كىچىك بىر مەسچىت بولۇپ، مەسچىتنىڭ ئۇدۇلىدىكى دوقمۇشتا كىچىك موزدۇزلۇق دۇكىنى بار ئىدى. شۇ مەھەللىدىكى بىر تۇركۈم ياشلار ھەر كۈنى بوش ۋاقتىمىز بولسىلا شۇ موزدۇزلۇق دۇكىنىغا يىغىلىپ، كۆرگەن



ۋە ئاڭلىغانلىرىمىزنى سۆزلىشىپ ئولتۇراتتۇق. بەزىدە تاسادىپىي تېپىۋالغان تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىنى يوشۇرۇن ئوقۇيتتۇق. بۇ موزدۇزلۇق دۇكىنى بىزنىڭ يوشۇرۇن پىكىرلىشىدىغان، يېڭىچە ئاڭ - پىكىرلەرنى قوبۇل قىلىدىغان ئورنىمىز ئىدى. 1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ بىر كۈنى بىر توپ ياشلار موزدۇزخانىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتۇق، كۆل رەڭ ھەربىي فورما كىيگەن، قولىدا «سانبا» مىلتىق (ياپون مىلتىقى) بار بىر گومىنداڭ چېرىكى تۇساتتىن كىرىپ كەلدى. بىز ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالدۇق، موزدۇزخانا جىم - جىتلىققا چۆمدى. ئارىمىزدىكى 22 ياشلىق ئابدۇكېرىم ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ھېلىقى گومىنداڭ ئەسكىرىگە يولۋاستەك ئېتىلدى - دە، ئۇنى كەينى تەرەپتىن قۇچاقلاپ بېسىۋالدى. بىر قولىدا ئۇنىڭ قورالىنى قاتتىق قامالاپ، يەنە بىر قولىدا ئۇنى بوغۇپ ئېلىشتى. گومىنداڭ ئەسكىرى قونجىدىن خەنجەر ئېلىپ ئابدۇكېرىمنىڭ بېشىغا ئۇردى. بۇنى كۆرۈپ، ئابلىزخان دېگەن قاسساپ پالتىسىنى كۆتۈرۈپ ئوقتەك ئېتىلىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، ھېلىقى گومىنداڭ ئەسكىرى قېچىپ چىقىپ كەتتى. ئابلىزخان قاسساپنىڭ ھەرىكەتلەندۈرۈشى بىلەن، يارىدار بولغان ئابدۇكېرىمنى يۆلەپ، غۇلجا تىرە زاۋۇتىنىڭ يېنىدىكى قورۇغا باردۇق. بۇ جاي پارتىزانلارنىڭ شتابى بولۇپ، پارتىزان بولۇشقا ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ كىرىپ - چىقىۋاتقانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. بىزمۇ كىرىپ ئۆزىمىزنى مەلۇم قىلدۇق. شۇ چاغدا ئۆي ئىچىدىن كالتە ئاق جۇۋا كىيگەن، ئېگىز بويلۇق بىر رۇس كىشى چىقىپ كەلدى. كىشىلەر ئۇنى ئالېكساندىر دەپ ئاتىشىدىكەن. ئابلىزخان قاسساپ ئۆزى بىلىدىغان ئازراق رۇسچە سۆز بىلەن بىزنىڭ كېلىشتىكى مۇددىئايىمىزنى چۈشەندۈردى. ئالېكساندىر بىزنى ئىبراھىمجان دېگەن

كىشىگە تونۇشتۇردى. ئۇ كىشى بىزنى قىزغىن قارشى ئالدى ۋە نەسرۇللا باينىڭ كوچىسىدىكى زەمبىرەك – مىنامىيوت ئەترىتىگە تونۇشتۇرۇپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن، بىز ئۆز ئارزۇلىرىمىز بويىچە، يۈكسەك كۆرەشكە ئاتلاندۇق.

1944 – يىل 11 – ئاينىڭ 12 – كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. ئىلى ۋىلايىتىگە قاراشلىق ناھىيىلەردىكى خەلقلەر تەرەپ – تەرەپتىن قوزغىلىپ، پارتىزان ئەترەتلىرىنى قۇرۇپ، قوراللىق كۆرەشنى كەڭ قانات يايدۇرۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن، سۈيدۈڭ ۋە قورغاس قاتارلىق جايلار ئارقا – ئارقىدىن ئازاد قىلىندى. 25 – نويابىر كۈنى سۈيدۈڭ كۆرەدىكى دۈشمەنلەر قاتتىق مۇھاسىرىدە قېلىپ، ئاخىر شەرتسىز تەسلىم بولدى. قورال تاپشۇرۇشقا قارشىلىق كۆرسەتكەن بىر قىسىم گومىنداڭ ئەسكەرلىرى چاپچال تەرەپكە قېچىپ، بارغانلا يېرىدە خەلقنى بۇلاپ – تالىغانلىقى ئۈچۈن، يەرلىك پارتىزانلار تەرىپىدىن تارمار قىلىندى. ئۇزاققا قالماي، غۇلجا شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ناھىيىلەر ئارقا – ئارقىدىن ئازاد قىلىندى.

بىز ھەرەمباغنى ئازاد قىلغان كۈنى ئۇ يەردە ئاجايىپ دەھشەتلىك ئىشلار يۈز بەرگەنلىكىنى كۆردۇق: ھەرەمباغ ھەربىي گازارمىسىنىڭ كەڭ ھويلىسىدىكى تاملار ۋە دەرەخلەرنىڭ ھەممىسى قانغا بويالغان بولۇپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان كىشىلەرنى قولىدىن دەرەخكە مىخلاپ، ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈپ قاچقانىكەن. ھەرەمباغ ئۆيلىرىنىڭ ھەممە تاملىرى تۆت تەرەپتىن تېشىلگەن، مەھەللىنىڭ بېشىدىكى ئۆيدىن كىرسە ئاخىرىدىن چىقىپ كەتكىلى بولىدىكەن. مەن سەپداشلىرىم بىلەن بىللە بۇ سىرلىق تۆشۈكلەردىن ئۆتۈپ، ھەرەمباغنىڭ كەينى تەرىپىدىكى زىرائەتگاھلىققا يېتىپ بېرىشىمىزغا، دۈشمەننىڭ بىر پاي ئوقى تۇيۇقسىز



كېلىپ سول يانپىشىمغا تەگدى. ئەتىسى مەن ئۆزۈمنى غۇلجا شەھىرىدىكى دوستلۇق دوختۇرخانىسىنىڭ بالنىتسىدا كۆردۈم. سول يانپىشىمدىكى سۆڭەك زەخىملەنگەنىكەن. بالنىتسىدا يېتىپ داۋالاندىم.

سول يانپىشىم ساقايغاندىن كېيىن، 1945 – يىلى 5 – ئايدا ئۆزۈمنىڭ تەلىپى ۋە يۇقىرىنىڭ تەقسىماتى بويىچە، باشقا بىرقانچە يولداشلار بىلەن بىللە ئالدىنقى سەپ 2 – پىيادە پولكقا ئەۋەتىلىپ، جىڭ ناھىيىسىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا قاتناشتىم. جىڭ ئۇرۇشى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ئۇرۇشى تارىخىدا ئەڭ شىددەتلىك ۋە تىللاردا داستان بولغىدەك ئۇرۇشلاردىن بىرى بولدى. جىڭدىكى گومىنداڭ قىسىملىرى نەچچە يۈزلىگەن پوتەي ۋە تاشتىن خىلمۇ خىل ئىستىھكاملارنى ياسىغاندىن تاشقىرى، ئامېرىكا قوراللىرى بىلەن قوراللانغان ئون مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرىي كۈچىنى توپلىغان ئىكەن. جىڭ ئۇرۇشىدا گېنېرال ئىسھاقبېك قوشۇمچە كوماندىرلىقنى ئۈستىگە ئالدى. شىخونى ئازاد قىلىش ئۇرۇشى باشلىنىش بىلەن، جىڭ ناھىيە بازىرى شەرق، غەرب، شىمال تەرەپلەردىن مۇھاسىرىگە ئېلىنىپ، دۈشمەن پۈتۈنلەي ئىسكەنجە ئىچىدە قالدۇرۇلدى. تېكەس 1 – ئاتلىق پولك ئاچال داۋىنىغا، غۇلجا «ئازاد» نىشانلىق 2 – پىيادە پولك (مەن تۇرۇۋاتقان پولك) ۋە زەمبىرەكچىلەر باتالىيونى داخىياگزىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى؛ 4 – زاپاس پولك، خۇيزۇ ئاتلىق باتالىيونى ۋە شىبە ئاتلىق ئىسكادرونى قاتارلىق قىسىملار زاپاس ئەترەت ھېسابىدا سەنتەيدە تۇرغۇزۇلدى.

بىز جىڭغا ھۇجۇم قىلىشتىن بۇرۇن، مۇھىم ستراتېگىيىلىك جاي باباخۇنى ئىشغال قىلدۇق. جىڭ ئۇرۇشىدا

بىزنىڭ قىسىملىرىمىز ئاجايىپ باتۇرلۇقلارنى كۆرسەتتى. بولۇپمۇ شىبە ئاتلىق باتالىئونى بىلەن مۇڭغۇل ئاتلىق باتالىئونى تارىختا ئالتۇن ھەل بىلەن يېزىپ قالدۇرىدىغان روللارنى ئوينىدى. شىبە ئاتلىق باتالىئونى ئاخىردا دۈشمەن بىلەن قوچاقلاشما جەڭ قىلدى، جەڭچىلەرنىڭ سانى ئاز بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ جاسارىتى ناھايىتى ئۈستۈن بولدى. شۇ قېتىمقى جەڭدە نۇرغۇن شىبە جەڭچىلەر شەرەپ بىلەن قۇربان بولدى. ئۇلار ئاخىرقى نەپەسكە قەدەر قان كېچىپ جەڭ قىلىپ، بەلگىلەنگەن نىشاننى ئىگىلىمەي قويمىدى. ئۇلارنىڭ باتۇرانە ئىش ـ ھەرىكەتلىرى قىسىمدىكى، ھەتتا پۈتۈن مىللىي ئارمىيەدىكى بارلىق كوماندىر ـ جەڭچىلەرگە زور ئىلھام بولدى.

باجاخۇنى ئىشغال قىلىش جېڭىدە، بىزنىڭ غۇلجا «ئازادلىق» 2 ـ پىيادە پولكىمىز ەرب تەرەپتىن، خۈيزۇ ئاتلىق باتالىيونى غەربىي شىمال تەرەپتىن، شىبە ئاتلىق باتالىئونى شىمال تەرەپتىن ھۇجۇم قىلدى. دۈشمەن بىزنىڭ ئىلگىرىلىشىمىزنى پۈتۈن كۈچى بىلەن توسۇپ، بىزنى خېلى زور چىقىمغا ئۇچراتتى. بىزنىڭ پولكىمىز پارتلىتىش ئەترىتىنى چىقاردى. ئۇلار دۈشمەننىڭ يامغۇردەك ياغدۇرۇۋاتقان ئوقىغا قارىماي، دۈشمەن ئاكوپىغا قاراپ باتۇرلۇق بىلەن ئېتىلدى. زىغرۇللا نادىروپ*، تاھىروپ قاتارلىق ئەزىمەتلەر دۈشمەن ئاكوپلىرىنى باتۇرلۇق بىلەن پارتلىتىپ، جەڭ غەلىبىسىگە يول ئېچىپ بەردى. جىڭنى قورشاپ تۇرغان قىسىملىرىمىز زەمبىرەكچى قىسىم ۋە ئۇرۇش ئايروپىلانلىرىنىڭ زىچ ماسلىشىشى بىلەن شىددەتلىك جەڭ ئېلىپ بېرىپ، جىڭنى تولۇق ئازاد قىلدى. 1945 ـ يىلى

* كورەش قەھرىمانى زىغرۇللا نادىروپ ئازادلىقتىن كېيىن مەملىكەتلىك كورەش قەھرىمانى بولغان. كېيىن ۋاپات بولۇپ كەتتى.



8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 9 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئېلىپ بېرىلغان جەڭدىن كېيىن، جىڭ، شىخو ناھىيىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئازات قىلىندى. بىر قىسىم دۈشمەن تەسلىم بولدى. جىڭدىكى گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ قوماندانى گوچى ئەسىرگە ئېلىندى. دۈشمەننىڭ ئونلىغان زەمبىرەك، كۆپلىگەن قورال ـ ياراق ۋە ئوق ـ دورىلىرى غەنىمەت ئېلىندى. ئەسىرگە چۈشكەن بىرقانچە يۈز ئادەم جىڭ ناھىيىلىك ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. بىزنىڭ پولكىمىز دۈشمەن قىسىملىرىنى داۋاملىق ئىز بېسىپ قوغلاپ ماڭدى. ئوتتۇرا فرونتتىكى ھۇجۇمچى قىسىملىرىمىز يەنىسخەي، ساۋەن ئەتراپىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، دەم ئېلىشقا توختاپ قىسمىنى رەتكە سالدى؛ ئاندىن داۋاملىق يۈرۈش قىلىپ، شىخەنزە، ئالاۋسۇ، كونا ساۋەنلەردىن ئۆتۈپ، ماناس دەرياسىنىڭ غەربىگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. قىسىملىرىمىز بۇيرۇققا بىنائەن ماناس دەرياسى بويىدا توختىتىلغانلىقتىن، ئاللىقاچان قېچىپ يىراقلاپ كەتكەن دۈشمەن قىسىملىرى قايتىپ كېلىپ، ماناسقا ئورۇنلىشىشقا باشلىدى. ئۇرۇش توختىتىلغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ۋە مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابى ئوتتۇرا يۆنىلىش تەركىبىدىكى ھەر مىللەت ئوغۇل ـ قىزلىرىنى باتۇرلۇق مېدالى بىلەن، كوللېكتىپ قەھرىمان بولغان بىرقانچە ئورۇنلارنى ئوردېنلار بىلەن مۇكاپاتلىدى. شۇ قاتاردا بىزنىڭ غۇلجا «ئازاد» نىشانلىق 2 ـ پىيادە پولكىمىزغا 1 ـ دەرىجىلىك «ئىستىقلالىيەت ئۈچۈن كۆرەش» ئوردېنى بېرىلىپ، ئوردېن پولك بايرىقىغا قادالدى. قىسىم بويىچە جەمئىي 50 تىن ئارتۇق كوماندىر ـ جەڭچى «ئىستىقلالىيەت ئۈچۈن كۆرەش» ئوردېنى ۋە «باتۇرلۇق»، «ساداقەتلىك»، پىدا-

ئىلىق» ئىدىيىلىرى بىلەن موكاپاتلاندى. شۇ قاتاردا مەنمۇ «باتۇرلۇق» ھەم «پىدائىيلىق» ئىدىيىلىرى بىلەن موكاپاتلاندىم. شان - شەرەپ ماڭا كۆپ غەيرەت ۋە شىجائەت ئېلىپ كەلدى. بۇ، مېنىڭ كېيىنكى كۈرەش ھاياتىم ئۈچۈن كۆپ مەدەت بولدى.

(ئاپتورى: شىنجاڭ ھەربىي رايونىدىن)

**جاۋابكار مۇھەررىرى: دىلدار ئېزىز**



# ھاياتىمدا كۆرگەن - بىلگەنلىرىمدىن ئەسلىمە

**ياقۇت يۇنۇس (مىرسىيىت قىزى)**

(1)

مەن ئاددىي بىر مائارىپچى بولساممۇ، ئۆمرۈمدە ئاجايىپ قىسمەتلەرنى بېشىمدىن كەچۈردۈم. بۇلارنى ئەسلەپ خاتىرىگە ئېلىش مەلۇم ماتېرىياللىق رولىنى ئوينار دەپ ئويلاپ، ئۆمرۈمدە كۆرگەن - بىلگەنلىرىمنىڭ بىر قىسمىنى ئەسلىمە قىلىپ يېزىپ چىقتىم. پايدىلىنىشقا ئەرزىپ قالار.

مەن قەشقەر ۋىلايىتى كونا شەھەر ناھىيىسى قورغان يېزىسىنىڭ بەشكېرەم - قازىرىق بەگلىكى يۇقىرى قازىرىق كەنتىدە بىر كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە 1925 - يىلى 3 - ئايدا تۇغۇلغان. ئەقلىمگە كەلسەم، ئائىلىمىزدە جەمئىي 10 جان بار ئىكەن، مەن سەككىز بالىنىڭ كەنجىسى ئىكەنمەن.

ئاتا - بوۋىلىرىمىز بەگلەر ئەۋلادى، باي ۋە ئۇقۇمۇشلۇق جەمەتتىن بولسىمۇ، لېكىن دادىمىزنىڭ زامانىغا كەلگەندە ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئائىلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي

زاۋاللىقتا قاراپ يۈز تۇتقانىكەن. ئائىلە يۈكىمىزنىڭ ئېغىرلىقى، ئىقتىسادىي كىرىمىنىڭ تۆۋەنلىكى تۈپەيلىدىن، دادام مىرسىيىت ئاخۇن ئوتتۇرا ياشقا بارمايلا، چۆچۈرىدەك سەككىز بالىسىنى، جۈملىدىن ئەمدى ئۈچ ئايلىق بولغان مېنى قالدۇرۇپ، بىزدىن مەڭگۈ ئايرىلغانىكەن.

دېھقانچىلىقتا تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەن ئائىلىمىزنىڭ يۈكى ئانام بۇۋى رابىيىخان ۋە قولى ئەمدىلا ئىشقا تەگكەن ئاكىلىرىمىزنىڭ زىممىسىگە چۈشۈپتۇ. بىز شۇ قاباھەتلىك جەمئىيەتتە ھاياتىمىزنى قىيىنچىلىق ئىچىدە داۋام ئەتكۈزگەن ئىكەنمىز. ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك، نامراتلىق دەستىدىن بولسا كېرەك، ئائىلە ئىشلىرىمىزنى يەڭگىللەشتۈرۈۋاتقان چوڭ ئاكام قازا قىلدى، بەش ياشقا كىرگەن ۋاقتىمدا، مېھرىبان ئانامۇ بىزنى ئازاب دېڭىزىغا قالدۇرۇپ ھەم مەڭگۈلۈك يېتىملىك ئوچىقىغا تاشلاپ، ئۇ دۇنياغا كېتىپ قالدى. ئاتا - ئانىمىز ۋە چوڭ ئاكىمىزدىن ئايرىلىش پۈتۈن ئائىلىمىزگە ئېغىر مۇسىبەت، ئازاب - ئوقۇبەت ۋە دەرد - ئەلەم ئېلىپ كەلدى. بىز يېتىم باللار نېمە قىلارىمىزنى بىلەلمەي، بېشىمىز تاشتەك قاتتى، كۆڭلىمىز ئىنتايىن بىئارام بولدى، بەزى چاغلاردا زار - زار يىغا ئاۋازىمىز پۈتۈن ئائىلىمىزنى بىر ئالاتتى.

ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار دېگەندەك، ئائىلىمىزدىكىلەر ھاياتنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تىرىكچىلىككە باشلىدۇق. ئۇرۇق - تۇغقانلار، قولۇم - قوشنىلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتە يار يۆلەكتە بولۇشى بىلەن، ھەممىمىز ئاتا - ئانىمىز بار چاغدىكىدەكلا ئۆملۈكنى ساقلىدۇق. ئاكىمىز يۇنۇس ئاخۇن بىزگە ئاتىدارچىلىق قىلىش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالدى. ئائىلىمىزنىڭ ئون مودىن ئارتۇق يېرى بار ئىدى. بۇنچىلىك يەر يۇرتىمىز ئۈچۈن



ئۆيىتقاندا، خېلى كۆپ ھېسابلىناتتى. بىز يەتتە بالا تىرىشىپ - تىرمىشىپ دېھقانچىلىق قىلىپ، ئوزۇقلۇقىمىزنى ھەل قىلىش، ھۆكۈمەتنىڭ ئېغىر غەللە - پارىقىنى تاپشۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىمىزگە ئالدۇق. كەمبەغەللىكنىڭ بالىسى ئىشقا بۇرۇن يارايتۇ دېگەندەك، مەن يەتتە ياشقا كىرگەندىن باشلاپلا ئائىلىمىزنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا ياردەملىشەتتىم، يەنى ئېشەك ھەيدەش، ئېتىزغا سۇ ئاچقاندا ئېرىق ساقلاش، خامان ساقلاش، خاماننى تەپكەندە ئۇلاغ ھەيدەش، ئوتۇن - چاۋار تېرىش، باشاق تېرىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلدىم. بۇلار مېنىڭ ياش قەلبىمدە ئەمگەكنى ياخشى كۆرۈش، نامراتلارغا خەير - خاھلىق قىلىش، تىرىشچانلىق، ئاددىي - ساددىلىق، چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىشتەك ھېسسىياتنى شەكىللەندۈردى. بۇ ھېسسىيات كېيىنكى ھاياتىمغا ناھايىتى زور ئىلھاملاندۇرغۇچ مەنىۋى كۈچ بەخش ئەتتى.

يۇنۇس ئاخۇن ئاكامنىڭ باشچىلىقىدا ئائىلە بويىچە ناھايىتى زور تىرىشچانلىق كۆرسەتسەكمۇ، تۇرمۇشىمىز يەنىلا نامراتلىق ئىچىدە ئۆتەتتى. چۈنكى، بىز ئاتا - ئانىسىز، تۆۋرۈكى يوق، يېتىم باللار بولغاچقا، ئۇ چاغلاردا دېھقانچىلىقتىلا تايىنىپ چەكلىك يەر بىلەن بېيىغىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھۆكۈمەتنىڭ ئالىدىغان غەللە - پارىق ۋە باشقا ئالۋان - ياساقلار ئېغىر ئىدى. شۇڭا، ئوزۇقلۇق ئاشلىق بىلەن ئۆزىمىزنى تەمىنلىگەندىن باشقا، كىيىم - كېچەك، گۆش - ياغ، چىراغ يېغى، سوپۇن، سەرەڭگە قاتارلىقلارغا كېتىدىغان خىراجەتلەردىن قىسىلاتتۇق. بۇنى ئاكام يۇنۇس ئاخۇن ئائىلە ئىشىدىن قولى بوشىغاندا، بايلارغا مەدىكار ئىشلەپ، پۇل تېپىپ ھەل قىلاتتى. يەتتە جانلىق ئائىلىنى بېقىشقا ئامالسىز قالغان

ئاكام مىش - مىش گەپلەرنىڭ قىزدۇقتۇرۇشى بىلەن ئۇرۇمچىگە چىقىپ پۇل تېپىپ كېلىش قارارىغا كېلىپ قالدى. بۇ خەۋەر-دىن ئائىلىمىز بىر تۇرۇپ خۇشاللانساق، بىر تۇرۇپ قاتتىق قايغۇردۇق. تۇرمۇشنىڭ قاتتىقچىلىقى ئاخىر ئاكامنى جاپالىق يىراق سەپەرگە ئاتلاندۇردى... لېكىن، بىر يىلدىن كېيىن ئاكام يۇرتىمىزغا سالامەت قايتىپكەلدى. ئۇ، 60 نەچچە كۈن پىيادە ۋە ئېشەكلىك يول مېڭىپ، مىڭبىر جاپادا ئۈرۈمچىگە بېرىپ، مەدىكارچىلىق قىلغان بولسىمۇ، كۆپ پۇل تاپالماپتۇ. ئاخىر يېتىم ئۆكىلىرىنى ئويلاپ، قايتىپ كەپتۇ.

تېجەشلىك بىلەن ئۆي تۇتۇپ، ئوزۇقلۇقلارنى تېجەپ يەپ، ئاددىي - ساددا كىيىنىپ، چوڭلاردىن ئاشقان كىيىمنى كىچىكلەر ئوزەشتۇرۇپ كىيىپ، بىر كىيىمنى قىشتا قىشلىقتا، يازدا يازلىقتا ئايلاندۇرۇپ كىيىپ، سوغۇقلاردا تالا - تۈزگە كۆپ چىقماي دېگۈدەك تۇرمۇش كەچۈردۇق. ھالىمىز ئۆزىمىزگە گويادەك ئۆتۈۋاتقاندەك بىلىنەتتى. ئائىلە ئىقتىسادىمىزنىڭ بىردىنبىر تۈۋرۈكى يەر بولۇپ، يەر ئەتراپى ۋە ھويلا - ئاراملاردا بىرقانچە يۈز تۈپ دەل - دەرەخلىرىمىز، ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن مىراس بولۇپ كېلىۋاتقان بىر يۈرۈش ئۆيىمىز بار ئىدى. شۇنىڭغا يارىشا ھاللىق تۇرمۇشنىڭ بەلگىسى ھېسابلىنىدىغان بىر نەچچە ئېشەك، بىرقانچە قوي، بىرقانچە 10 پارچە كىگىز، قازان - جومبۇل، ئاپتۇۋا - چىلاپچا، بىرقانچە جۈپ چىنە، ھجىر تاۋاق، ساپال قاچا - قۇچا، ياغاچ تەڭنە، ئەۋرىق، ياغاچ قوشۇقلار بار ئىدى. ياغ - گۆش ۋە قورۇما تاماقلارنى ئاز ئىستېمال قىلىپ، چامغۇر، سەۋزە، تۇرۇپ، كاۋا ۋە باشقا مېۋە - چېۋە، قوغۇن - تاۋۇزلارنى كۆپرەك ئىستېمال قىلاتتۇق. ئاق - قارا ئاشلىقلارنى تەڭ نىسبەتتە ئىشلەتتۇق، بەلكى بەزىدە قارا ئاشلىقلارنى كۆپرەك



يەيتتۇق.

يۇرتتا بايلار بىلەن نامراتلارنىڭ تۇرمۇشىدا پەرق چوڭ ئىدى. بايلار شورپا، پولۇ، سۈت - قايماق، مانتۇ - سامسۇ، قاتارلىقلارنى كۆپ ئىستېمال قىلاتتى.. نامراتلار كۆمەچ، سۇيۇقئاش، يارمائاش، چۆپ قاتارلىقلارنى كۆپرەك ئىستېمال قىلاتتى. بايلارنىڭ ئۆيىدە ئات - مەپە، گىلەم - شىرداق، تاۋار يوتقان - كۆرپە، مىس ئاپتۇۋا - چىلاپچا، مىس جومبۇل، مىس چۆگۈن، مىس لىگەن، چىنە - قاچىلار ئىشلىتىلەتتى. ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى ئازادە، كەڭ - كۇشادە، ھەشەمەتلىك ئىدى. نامراتلارنىڭ ئۆيلىرى تولىمۇ ئاددىي ئىدى: كىيىم - كېچەك، يوتقان - كۆرپىلىرى ھەمزەك، خام (ماتا)، سەرگەز، چەكمەن، بەك ئېسىللىرى شاتىۋا، بەقەسەم قاتارلىقلاردىن ئىدى. بايلارنىڭ ئالتۇن، كۈمۈش، يامبۇ، ئۈنچە - مەرۋايىتلىرى بولاتتى. شۇڭا، بايلا ئۆزلىرىنى بەكمۇ چوڭ تۇتاتتى، تۇرمۇش سەۋىيىسى ھاللىقتىن يۇقىرى ئائىلەرنىڭ ئاياللىرى ئالتۇن ياكى كۈمۈشتىن بىلەيۈزۈك، زىرە، ھالقا، بۇلاپكا، ئۈزۈك قاتارلىق بېزەكلەرنى تاقايتتى، ئالتۇندىن چىش سالدۇراتتى. يۇرتتا زەرگەر، موزدۇز، ياغاچچى، بوياقچى، باپكار، تۆمۈرچى، كۇلالچى، تاغارچى (پالاس- تاغار توقۇغۇچىلار)، تامچى، نەققاش، دوپپىچى، تۇماقچى، جۇۋازچى تۈگمەنچى، قاسساپ، كۆكتاتچى، باغۋەن، ئۇلاقچى (كۆچەت ئۆللىغۇچى) قاتارلىقلار بار ئىدى. مەھەللە دائىرىسىدە نان، سامسا، مانتا، ئېتىپ سېتىش، مېۋە، قوغۇن - تاۋۇزلارنى سېتىش ئادەت قىلىنمىغان،، مۇبادا شۇنداق ئىش بولۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ كەينىدە سۆز - چۆچەك بولۇپ كېتەتتى.

بايلارنىڭ يېمەك - ئىچمىكى، ئاشلىقلىرى ئېشىپ - تېشىپ تۇراتتى. كەمبەغەللەرنىڭ يېمەك - ئىچمىكى تۈگەپ

كەتسە، زىرائەت ئۇرۇقلۇقىنى يەپ قويۇپ، ئەتىيازدا دېھقانچى‑
لىق قىلىشقا ئامالسىز قالاتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار بايلار‑
دىن كۈزدە يۇقىرى ئۆسۈم بىلەن قايتۇرۇش ھېسابىغا ئاشلىق
قەرز ئالاتتى. بۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالغان كىشىلەرنىڭ
تۇرمۇشى كۆپ چاغلاردا بەكمۇ قىيىنچىلىق ئىچىدە قالاتتى.
كەمبەغەللەر مال ‑ مۈلۈكلىرىنى رەنىگە قويۇش ئۇسۇلى
بىلەنمۇ قىيىنچىلىق ئۆتكىلىدىن ئۆتۈۋېلىشنى كۆزلەيتتى.

چوڭ ئاكامنىڭ ئۆيلىنىشى، يەنە بىر ئاكامنىڭ ئۆي ئايرىپ
چىقىپ كېتىشى، ئاچىلىرىمنىڭ ياتلىق بولۇپ چىقىپ كېتىشى
بىلەن، ئائىلىمىزنىڭ يۈكى زور دەرىجىدە يەڭگىللەپ، تۇرمۇش
سەۋىيىمىز بارا ‑ بارا ياخشىلىنىپ قالدى.

## 2

يۇرتىمىز قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 6 ‑ 7
كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا بولۇپ، ئاساسەن شەھەرگە يېقىن
يېزا ھېسابلىناتتى. يۇرتىمىز بىلەن شەھەرنىڭ ئارىلىقىدىكى
ئوتتۇرا يولغا داڭلىق ئاپئاق خوجا مازىرى جايلاشقان، غەربىي
شىمالىدىن بىرقانچە كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا
مەشھۇر «قاراخان پادىشاھىم مازىرى»، ئاياغ تەرىپىدىن بىر
قانچە كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا «ئوسمان بۇغراخان مازىرى»،
يۇرتنىڭ ئوتتۇرىسىغا «سەنجىرمازى خوجام مازىرى»* جايلاشقان.
بۇ ئەھۋال ئۇ يەردە ئىسلام دىنىنىڭ نەقەدەر كۈچلۈك
ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇزاق مۇددەت داۋاملاشقان فېئوداللىق
تۈزۈم، ئەرلىك ھاكىمىيەت ۋە قويۇق دىنىي ئېتىقادلارنىڭ

*قاراخانىلار دەۋرىدىكى مەشھۇر ئۆلىمانىڭ مازىرى دەپ قارىلىدۇ.



تەسىرى تۈپەيلىدىن، يۇرتىمىزدا ئاياللارنىڭ ئورنى تولىمۇ تۆۋەن
ئىدى. ئۇلار روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتە ھەمىشە
كەمسىتىلەتتى. مەسىلەن، قىز پەرزەنتنىڭ تۇغۇلۇشى كەمبە‑
غەللىكنىڭ بېشارىتى دېيىلىپ، قىزى كۆپ كىشىلەر غەمگە
پاتاتتى (ئوغۇللۇق كىشىلەر خۇشال يۈرەتتى). قىزلار بالاغەتكە
يەتكەندە يۈزىگە چۈمپەل سالاتتى. بۇلار «رۇپاش»، «مەستۇرە»
دەپ ئاتىلاتتى. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ يالاڭباش ياكى يالاڭئاياغ
يۈرۈشىگە پەقەت رۇخسەت قىلىنمايتتى.

قىزلار بالاغەتكە يەتكەندە ئاتا ‑ ئانىلار غەمگە پاتات‑
تى. بەزىلەر «قىز بالا دېگەن بىر تەڭنە پوق» دېگەن خۇراپىي
گەپلەرنى قىلىشىپ، «بىر قىزنى تالالىق قىلالىسا چوڭ ساۋاپ‑
نى ئالىدۇ، شۇ ئاتا ھەرەمگە بارغان بىلەن تەڭ ساۋاب تاپى‑
دۇ» دېيىشەتتى. قىز‑چوكانلارنىڭ بىرەر يىگىتنى ياقتۇرۇپ
قېلىشىدىن ئېغىز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى، بالاغەت‑
كە يەتكەن يىگىت ‑ قىزلارنىڭ خىلۋەت جايلاردا پاراڭلىشىپ
تۇرۇشى تولىمۇ غەلىتە ئىش ھېسابلىناتتى، مۇنداق ئىش جاما‑
ئەتكە مەلۇم بولۇپ قالسا، سۆز ‑ چۆچەكنىڭ ئايغىنى يىغىشتۇرۇۋې‑
لىش تەسكە چۈشەتتى. مۇھەببەت ئىشقىغا گىرىپتار بولغانلار
ئۆز ئىچىدىلا بۇرۇختۇرما بولۇپ، كۆيۈپ ‑ پىشىپ ئۆتۈپ كېتەت‑
تى. بەزىدە بۇنداقلارنىڭ ئارزۇسى مۇۋاپىق يول بىلەن
ئاندا‑ساندا ئەمەلگە ئېشىپمۇ قالاتتى.

توي قىلىش ئۇچۇن ئاۋۋال ئوغۇل تەرەپ ئېغىز ئاچاتتى،
يەنى ئوغۇلنىڭ ئاتا‑ئانىسى ياقتۇرسىلا تويغا تەرەددۇت قىلىنات‑
تى. ئوغۇل ‑ قىزلارنىڭ ئەركىن مۇھەببىتى دېگەن يوق گەپ
ئىدى. قىز تەرەپ قوشۇلسۇن‑قوشۇلمىسۇن، ئالدى بىلەن
ئەلچىلەرنى ياخشى كۈتۈۋېلىشى شەرت ئىدى. بولمىسا، يۇرت
ئىچىدە سۆز ‑ چۆچەك تارقىلىپ، قىزنىڭ ياتلىق بولۇشىغا پۈت‑

لىكاشاڭ پەيدا بولۇپ قالاتتى. ئەلچىگە ماقۇل ياكى ياتلىق جاۋابىنى بېرىش هوقۇقى ئاساسەن دادىدا بولاتتى. ئاياللاردىن ئاندا - ساندا مەسلىھەت سورىلاتتى. تويى بولغۇچى قىزدىن ئومۇمەن رازىلىق ئېلىنمايتتى.

تويلىنىش تۇغقانلار، دوستلار (ئولپەتلەر)، يۇرتداشلار تەرتىپى بويىچە كېلەتتى، يەنە تەبىقىچىلىك كۆز قارىشى بويىچىمۇ بولاتتى، يەنى بايلار بىلەن بايلار، كەمبەغەللەر بىلەن كەمبەغەللەر قۇدا - باجا بولۇشاتتى. دىنىي كۆز قاراش بويىچە، ئوغۇللار 12 ياش، قىزلار 9 ياشتا بالاغەتكە يېتىدۇ دەپ قارىلىپ، توي قىلىشقا تەرەددۇت قىلىناتتى. ئەمما، شۇ ياشتىكى ئوغۇل-قىزلارنىڭ بېشىنى بىر-بىرىگە چېتىپ قويۇش ناهايىتى ئاز كۆرۈلەتتى. بولغان تەقدىردىمۇ، بۇنداق ياشتىكى بالىلار بىر ئۆيدە بىر مەزگىل ئۆزىنىڭ بالىلىق چاغلىرىنى ئۆتكۈزۈشەتتى. بەزى هاللاردا مۇشۇ ياشتىكى بەزى قىزلار يېشى خېلى چوڭ ئەرلەرگە ياتلىق قىلىنىپ، ئۇنىڭدىن يامان ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقاتتى. قاباهەتلىك كونا جەمئىيەتتە مۇنداق ئىشلارنىڭ هېچقانداق سۈرۈشتۈرگۈچىسى بولمايلا قالماستىن، بەلكى كېلىپ چىققان يامان ئاقىۋەتلەردىنمۇ ساۋاق ئېلىنمايتتى. ئوغۇل - قىزلار بالاغەتكە يېتىشى بىلەن، ئۇلارنىڭ پەرزىنى ئادا قىلىش توغرۇلۇق باش قاتۇرۇلاتتى. بەزى هاللاردا پەرزەنتلەر كىچىك ۋاقتىلىرىدىلا تۇغقانلار، بۇرادەرلەر ئارا چاي ئىچكۈزۈپ قويۇش ئادىتى بار ئىدى، بۇ خىل پۈتۈشۈشنىڭ بەزىلىرى ئەمەلگە ئاشاتتى، بەزىلىرى ئەمەلگە ئاشمايتتى.

بالاغەتكە يەتكەن قىزلار هەمىشە كۆز-قۇلاقلىق بولىناتتى. بۇنداق قىزلار تالا-تۈزگە كۆپ چىقمايتتى، يامان كۆزلەردىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىناتتى. مۇبادا يامان كۆزگە يولۇقۇپ قالغان بولسا، توي مەرىكىسىنىڭ ئەتىسى سۈرۈشتۈرۈلۈپ، قىز



ئەرەپ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالاتتى. يىگىت چوقۇم قىزلىقى بار قىزنى ئېلىشى شەرت ئىدى. ئەگەر ئۇنداق چىقماي قالسا، بۇ توغرۇلۇق تارقىلىدىغان سۆز - چۆچەكنىڭ يامانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن ئىدى. ئەمما، ئەر تەرەپ بىر قانچە قېتىم ئۆيلەنگەن ۋە يېشى چوڭىيىپ قالغان بولسىمۇ، ئەگەر پۇل ۋە مەرتىۋىسى بولسا، نارەسىدە قىزلارنىمۇ ئەمرىگە ئالالايتتى. بۇنداق قىزلار خېلى يۇقىرى تويلۇق بىلەن نىكاھلىنىپ، ئەر تەرەپنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتەتتى - دە، پۈتۈنلەي ئەرنىڭ مۈلكىگە ئايلىنىپ قالاتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئەر تەرەپنىڭ ئۆيىدە تېنىم تاپماي ئىشلەيتتى. ئۆي ئايرىپ چىقىش كېلىنلەرنىڭ قولىدىن زادى كەلمەيتتى. ئەگەر بىر ئوغۇللۇق ئائىلە بولۇپ قالسا، ئۆمۈر بويى ئۆي ئايرىپ بەرمەيتتى، ئەگەر كۆپ ئوغۇللۇق ئائىلە بولسا، ئوغۇللارنىڭ خالىغىنى ياكى كۆپ چاغلاردا كەنجى ئوغۇل ئاتا - ئانىسى بىلەن بىرگە قالاتتى. چوڭ ئۆينىڭ خىزمىتىنى بىرقانچە كېلىن ئۇزاق مۇددەت بىللە قىلىدىغان ئادەتمۇ بار ئىدى.

كېلىنلەرنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەشتە ئوغۇلنىڭ ئاتا - ئانىسى هەر جەهەتتە ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى. ئۇنىڭدىن قالسا، يىگىت ۋە ئۇنىڭ بىر تۇغقان قېرىنداشلىرى، هەتتا تاغا - هاممىلىرىمۇ ئارىلىشاتتى. مۇبادا كېلىننىڭ قانداقتۇر بىر يەرلىرى يىگىتنىڭ مۇشۇ تۇغقانلىرىدىن بىرەرسىگە يارىماي قالسا، ئۇلار يىگىتكە خوتۇنىنى قويۇۋېتىش هەققىدە بېسىم ئىشلىتەتتى. بەزىدە يىگىتتىن خەۋەرسىز كېلىننى ئۆيدىن هەيدەپ چىقىرىۋېتىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولۇپ قالاتتى. ئاتا - ئانىنى ئاساسەن ئوغۇل بالا مۇھاپىزەت قىلاتتى. قىز - ئاياللار بۇ جەهەتتە هەر خىل چەكلىمىگە ئۇچرايتتى. ئەگەر زالىمراق قېيىن ئاتا، قېيىن ئانا ۋە ئەرنىڭ قولىدىكى كېلىن

ئۆزى ئاتا - ئانىسىغا قاراشقا توغرا كەلسە، ئىلاجىسىزلىقتىن بېشىنى ئىچىگە تىقىپ جىم يۈرۈش پوزىتسىيىسىنى قوللىناتتى.

ئەر - ئاياللار كۆرۈشكەندە، ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە تىكىلىپ قارىشىغا يول قويۇلمايتتى، قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئاياللار پەقەت ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا پىچىرلاپ تىنچلىق سورايتتى، قاتتىق تەلەپپۇز بىلەن سۆز قىلىشىغا، چاقچاق ئارىلاش تەكەللۇپ قىلىشىغا زادى بولمايتتى. ئاياللار بىر - بىرى بىلەن كۆرۈشكەندە، قۇداش ئاياللار مەڭزىنى مەڭزىگە يېقىش، چوڭ ئاياللار قىز - چوكانلارنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويۇش ياكى ئۇنىڭ قولىنىڭ ئۇچىنى بىلىنەر - بىلىنمەس تەگكۈزۈپ ئامانلىق سوراش بىلەن كۇپايىلىنەتتى.

ئايال كېسەللەرنى يوقلاش، تۇغۇت يوقلاش، قىرىق تويى، بۆشۈك تويى، ئۆي مۇبارەكلەش قاتارلىقلارغا ئاياللارلا باراتتى. يىگىت بىلەن قىزنىڭ تويىغا ئەرلەردىن كېيىن ئاياللار ئايرىم باراتتى. يۇرت ئىچىدە ئاياللارنىڭ دوستلىرىنى يوقلاپ ئولتۇرۇش قىلىش كۆپ بولمايتتى. ئەمما، يۇرتتا بولىدىغان ھەر خىل سەيلىلەر، مەسىلەن: كۆك سەيلىسى، ئۆرۈك سەيلىسى، ئەنجۈر سەيلىسى قاتارلىقلارغا ئەر - ئاياللار ئارىلاش باراتتى.

ئائىلىنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى ئاياللار ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، پەرزەنتلەرنىمۇ ئاياللار ئۆزلىرى باقاتتى. باي ئائىلىلەردە ئەرنىڭ قولىغا سۇ قويۇپ لۆڭگە تۇتۇش، ئالدىغا داستىخان سېلىپ تاماق ئېلىپ كېلىش، چاي - تاماقلارنى قولىغا ئېلىپ بېرىش، ئاياغ - ئۆتۈكلىرىنى سالدۇرۇپ قويۇش؛ ئەگەر ئەر بازارغا، سەيلە - باراۋەتكە ياكى تۇغقان يوقلاش قاتارلىق ئىشلارغا چىقىدىغان بولسا، ئەرنىڭ چاپىنىنى



كىيدۈرۈپ، بەلبېغىنى باغلاپ قويۇش، ئالدىغان نەرسىلىرىنى تەقلەش، ئات - ئۇلاغلىرىنى ھازىرلاش، تاياق - قامچىلىرىنى تەييار قىلىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئاياللار بېجىرەتتى؛ ئەر سىرتتىن قايتىپ كەلسە، ئايال يەنە كۈتۈۋېلىشقا تەييار تۇرۇشى كېرەك ئىدى.

ئوغۇل قىزنى ئەمرىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن، قېيىن ئاتا، قېيىن ئانا ۋە قىزنىڭ ئائىلىسىدىكى باشقىلار كۈيئوغۇلنى بەكمۇ ئىززەتلەيتتى. ھەر جۈمە كۈنى «ئازنىلىق» دەپ، قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى كۈيئوغۇلنى ئۆيىگە چاقىرىپ مېھمان قىلاتتى ۋە يۇقىرى دەرىجىدە كۈتەتتى. بولۇپمۇ مۇئامىلىدە ناھايىتى خۇش چىراي ۋە ئىللىق بولمىسا بولمايتتى. تاماقنىڭ تۈرلىرى كۆڭۈل قويۇپ تاللىناتتى. ئاپتۇۋا - چىلاپچا تەق بولۇشى، داستىخان پاكىز بولۇشى، نان يېڭى يېپىلغان، مەزەنىڭ ئۈستىگە قاتلىما قويۇلغان بولۇشى تەلەپ قىلىناتتى. ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە ئالىيىپ قارىشى، گەپ قايتۇرۇشى، قول ياندۇرۇشى ياكى تىللىشى «يامان بولىدۇ» دەپ قارىلاتتى. ئاياللار ئەرلەرنىڭ ئالدىدىن توغرا ئۆتسە، يول ماڭغاندا ئەرنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتسە، ئەرلەر بىلەن بىر سورۇندا ئولتۇرسا بولمايتتى. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئاياللار ئەرلەرنىڭ ئالدىدا قول باغلاپ بېشىنى سېلىپ تۇرۇشى، ئەرنىڭ ئارقىسى ياكى يېنىدىن ئۆتۈپ ھەرىكەت قىلىشى كېرەك ئىدى. تاماق يېيىشكە ئولتۇرغاندا، ئەرلەرگە ئاۋۋال تاماق تارتىلىشى، تاماققا ئەرلەر ئاۋۋال قول ئۇزۇتىشى، ئەرلەر تاماقنى ئىتتىكرەك يېيىشى، داستىخان ئۈستىدە ئاياللار گەپ - سۆز قىلماسلىقى، دۇئا قىلغاندا ھەر قانچە چوڭ ئايال بار داستىخان بولسىمۇ، يەنىلا ئەر جىنسى (ھەتتا بالاغەتكە يەتمىگەن ئوغۇل بالا بولسىمۇ) دۇئاغا دەسلەپ قول كۆتۈرۈپ بېرىشى كېرەك ئىدى. مېھمان-

دارچىلىقتا بارغاندا، ئەرلەر ئالدىدا مېڭىشى، ئۆيگە كىرگەندىمۇ ئەرلەر ئالدىدا كىرىشى ۋە تۆردە ئولتۇرۇشى، تاماق شۇلاردىن باشلاپ تارتىلىشى قاتارلىق رەسمىيەتلەر بار ئىدى.

ئاياللار دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا ئاساسەن ئارىلاشتۇرۇلمايتتى. ھەتتا ئىدىيىسى مۇتەئەسسىپ بەزى كىشىلەر «ئاياللار دېھقانچىلىققا ئارىلاشسا يامان بولىدۇ، بەرىكەت كېتىدۇ» دېگەندەك پەتىۋالارنى تارقىتاتتى. ئاياللار ئۆيدە ئولتۇرۇپ، كۈندىلىك ئائىلە ئىشلىرىدىن باشقا، دوپپا تىكىش، كىيىم - كېچەك، يوتقان - كۆرپە، تەكى - ياستۇق، زەردىۋال، مېھراب ياپقۇچ، تۇتقا (چۈگۈن - قازانلارنىڭ تۇتقۇچىنى تۇتۇشقا ئالاھىدە تىكىلگەن ئەستەر - تاشلىق ۋە پاختىلىق، رەڭدار قولياغلىقى)، تاماكا خالتىسى، بەلباغ، قولياغلىق، بۆشۈك ۋە تونۇر جابدۇقلىرى قاتارلىقلارنى تىكىش، بوياقچىلىق (تاغار - خۇرجۇن، پالاس، خام - بۆز، چەكمەن يىپلىرىنى بوياش)، يىپ ئىگىرىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلاتتى. يۇرتىمىزدىكى ئاياللار ئەلمىساقتىن تارتىپ كىيىم - كېچەكلىرىنى ئۆزلىرى يىڭنە بىلەن تىكىپ كېلىشكەن. ياقۇپ ئاكا دېگەن بىر كىشى روسىيىگە تىجارەت بىلەن بېرىپ، 1910 - يىلى يۇرتىمىزغا قايتىشىدا قول بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان بىر كىيىم تىكىش ماشىنىسى ئالغاچ كەلگەنىكەن. ئۇ كىشىنىڭ خوتۇنى تۆمۈرخان ئاچا شۇ ماشىنىنى ئىشلىتىشنى ئۆگىنىپ، يۇرتداشلارنىڭ كىيىملىرىنى تىكىپ بەرگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ، يۇرتىمىزدا تىكىش ماشىنىسى بىلەن كىيىم تىكىش ئادەتكە ئايلانغان.

ئاياللار تۇماق، ئۆتۈك، مەسە - كالاچلىرىدىن باشقىلىرىنى ئۆزلىرى تىكەتتى. يۇرتىمىزدا يىڭنە ئىشىغا ئۇستا ئاياللار بولۇپ، ئۇلار باشقا ئاياللارنىڭ ئالاھىدىرەك كىيىمى



بولغان قارا نىمچىلىرىنى تىكىپ بېرەتتى. نىمچىنىڭ تۈگمىسى ياندىن ئېتىلەتتى. تۈگمىسىنى ئاياللار ئۆزلىرى ئىزما قىلىپ تۈگۈۋالاتتى. نىمچىنىڭ قويۇن يانچۇقى تىزدىن ئاشىدىغان ئۇزۇن خالتىدىن ئىبارەت بولۇپ، ياقىسى قىسقا بولاتتى. ئەمما، جۇيازىنىڭ رەڭگى ھەر خىل يەنى قارا، سىدام، قىزىل، كۆك بولاتتى؛ تۈگمىسى نىمچىنىڭ تۈگمىسىدەك بولۇپ، ئۇمۇ قولدا ياسىلاتتى. ئاياللار ئۇزۇن كۆڭلەك كىيەتتى ۋە كۆپرەك پەسىلگە قاراپ يۆتكەپ تۇراتتى. ئاياللارنىڭ ئىشتىنى «تامبال» دەپ ئاتىلاتتى. ئۇنىڭ پاسونى تۈزلا بولۇپ، ئالدى - ئارقىسىنىڭ پەرقى يوق ئىدى. ئۇنىڭغا ئىشتانباغ بېكىتىلەتتى. قىشتا چاپان - ئىشتانلار ئىككى قات، قوش ئەستەرلىك قىلىنىپ، ئىچىگە پاختا سېلىناتتى. پۇتىغا كۆپ ھاللاردا ئۆتۈك ياكى مەسە - كالاچ كىيەتتى. ئۇلارنى يۇرتتىكى موزدۇزلار تىكەتتى. ئاياللارنىڭ ئاياغ كىيىملىرىنىڭ رەڭگى ئاساسەن قارا بولاتتى. ئۇنىڭ ماتېرىياللىرىنى يەرلىك كۆنچىلەر ئىشلەيتتى. يازلىق ئاياغلارنىڭ تۈرىمۇ كۆپ ئەمەس ئىدى. لېكىن، بايلارنىڭ ئۆيلىرىدە كىيىملەرنىڭ تۈرى كۆپ بولاتتى.

ئايال كىشى بار ئۆيدە ئەر كىشى قولىغا سۈپۈرگە ئالسا، تاماق ئەتسە، نان ياقسا، كىر يۇسا، ئورۇن سېلىپ - يىغسا، بالا باقسا (سىرتتا بالا كۆتۈرۈپ ماڭسا)، يىڭنە ئىشى قىلسا (كىيىم، يوتقان تىكىشكە ئوخشاش ئىشلارنى قىلسا) تولىمۇ بىمەنىلىك دېيىلەتتى، ھەتتا «گۇناھ بولىدۇ» دەپ قارىلاتتى. ئاياللار تۈگمەنگە ئۇن تارتقىلى بارمايتتى. لېكىن ئۆيدە يارغۇنچاق بىلەن يارما تاتاتتى.

ئاز ساندىكى ئايرىم ئەھۋالنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاياللارنىڭ بازارغا بېرىپ سودا قىلىپ كېلىشىگە، مەشرەپ -

ئۇلتۇرۇشلارغا بېرىشقا، نەغمە - ناۋا قىلىشقا يول قويۇلمايتتى. پەقەت بۇۋىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە، ئۇلۇغ مازارلارنىڭ خانىقالىرىغا ياكى مېيىت چىقىرىلغان ئۆيلەرگە يىغىلىپ، دۇرۇت ئوقۇپ تالاۋەت قىلىش، ھۆكمەت ئېيتىپ جەرى سېلىش، مۇناجات ئوقۇپ تەلقىن قىلىش قاتارلىق دىنىي رەسمىيەتلەرنى بېجىرىشكىلا ئىشتىراك قىلالاتتى. قىز - چوكانلار بەزى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە پەقەت ئۆز دوستلىرى بىلەنلا قاتنىشالايتتى. بولمىسا، ئۆز ئۆيلىرىدە تەشتەمەك، ئىلەڭگۈچ، تەپكۈچ، سىزىق (جىجىق) ئويۇنى، قوشماق ئاداش ئويۇنى، تانىدىن سەكرەش، ئىلەڭگۈچ، مۆكۈ - مۆكۈلەڭ قاتارلىق ئويۇنلارنى ئوينايتتى. ئايالالار ئارىسىدا چېكىملىك چېكىش، قىمار ئويناش، ھاراق ئىچىش دېگەندەك ئەسكى ئىشلار ئەسلا بولغان ئەمەس.

«ئايال كىشى سودا قىلالمايدۇ، لەۋزىدە تۇرمايدۇ»، «ئايالالار پۇتتۇشكەن سودىسىدىن يېنىۋالسا بولىدۇ، ئەر كىشى پۇتتۇشكەن سودىسىدىن يېنىۋالسا نىكاھلىق ئەرنىڭ ئايالى تالاق بولۇپ كېتىدۇ» دەيدىغان پەتىۋالار بار ئىدى. شۇڭا، ئەرلەر سالامەت تۇرۇۋاتقان ئائىلىدە ئايالالار شەھەرگە كىرىپ سودىلىق قىلالمايتتى. بىرەر ئىشنى پۇتتۇشمەكچى بولسا ياكى ئېنىقلىماقچى بولسا، «ئايالـلار گۇۋاھلىققا يارىمايدۇ» دەپ قارىلاتتى. ئەرلەر ئائىلىنىڭ نۇرغۇن ئىشلىرىنى بېجىرگەندە، كۆپ چاغلاردا ئاياللىرىدىن مەسلىھەت سورىمايتتى. جەمەت سۈرۈشتۈرۈشكە توغرا كەلسە، ئايال تەرەپنىڭ جەمەتى ئاسانلىقچە ئېتىبارغا ئېلىنمايتتى. پەقەت ئەر تەرەپنىڭ جەمەتىلا ئاساس قىلىنىپ، ئايال جەمەتلەرنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنمايتتى.

قۇرداش ئەرلەرنىڭ «ئايالىڭىز قانداق، ئۆيدە بارمۇ، ئۇنىڭغا مەندىن سالام ئېيتىڭ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ ئەھۋاللاشسام بولاتتى» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىشى تولىمۇ



ھەددىدىن ئاشقانلىق ھېسابلىناتتى. ئايال تۇرۇۋاتقان ئۆيگە يوچۇن ئەرلەرنىڭ، ھەتتا شۇ ئۆيدىكى ئەر - ئايال تەرەپنىڭ بىۋاستە تۇغقىنىدىن باشقا ئەر جىنسلىق كىشىنىڭ كىرىشى بەكمۇ ئېھتىياتسىزلىق ئىش ھېسابلىناتتى، ئەر كىشى يوق ئۆينىڭ بوسۇغىسىغا باشقا ئەرنىڭ پۇت قويۇشى بەزىدە خەتەرلىك ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلەتتى. ئۆتمۈش زامانلاردا، يۇرتىمىزدا، «ئىت ۋاپا، خوتۇن جاپا»، «خوتۇن كىشىنىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا»، «خوتۇن كىشى ئارىلاشقان ئىشقا چىۋىن چۈشىدۇ»، «بىر خوتۇننىڭ ھىيلىسى قىرىق ئېشەككە يۈك»، «خوتۇن كىشى تۆت تامنىڭ قۇلى»، «خوتۇنغا ئىشەنمە، ئەسكى تامغا يۆلەنمە»، «خوتۇن كىشى چەپ يانىدىن پۈتۈلگەن» دېگەندەك خۇراپىي ئىدىيىلەر خېلى تارقالغان.

ئاياللارنىڭ ئەرلىرىنى «سەن» دېيىشى بەكلا غەلىتىلىك ھېسابلىناتتى. ئېرى بار ئايالـلار ئېرىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ چاقىرىشقا بولمايتتى، پەقەت «سىلە، ئۆزلىرى، بالىنىڭ دادىسى، ھويت كىشى» دېگەندەك ئالماشلار بىلەن چاقىراتتى. ئەرلەرمۇ ئايالـلارنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىشنى خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى. ئۇلار: «سەن، بالىنىڭ ئانىسى، بىزنىڭ خوتۇن، ھويت ئانىسى» دېگەندەك سۆزلەرنى ئىشلىتەتتى. يولدا ئەرلەر ئايالى بىلەن تەڭ ماڭسا، ئايالى ئېشەك ياكى ھارۋىدا، ئېرى پىيادە ماڭسا، ئەرلەر بالا ياكى داستىخان كۆتۈرۈپ ماڭسا ۋە ياكى ئايالى بىلەن قول تۇتۇشۇپ بىللە ماڭسا، بەكمۇ كۆلكىلىك، مەسخىرىلىك ھېسابلىناتتى.

ئاياللارنىڭ چېچىنى كېسىشى ئەقىلغا زادى سىغمايدىغان ئىش ئىدى، بەلكى چېچى كۆپ ئاياللار سەتەڭ ھېسابلىناتتى. چېچى ئاز ئاياللار يالغان چاچ سېلىشىپ، چېچىنى كۆپەيتىپ يۇرۇشكە خۇشتار ئىدى. قىزلار چېچىنى كۆپتال قىلىپ ئۆرۈۋالاتـ

تى. جۇۋان - چوكانلار ئىككى تال، بەزىدە بىر تال قىلىپ ئۆرۈيتتى. قىزلار ۋە ئاياللار قاشلىرىغا ئوسما، تىرناقلىرىغا خېنە، قاش قاپاقلىرىغا سۈرمە سۈركەپ يۇرۇشەتتى. چاچلىرىنى ھەپتىدە بىر قېتىم تاراپ، چېچىغا جىگدە يېلىمى چاپاتتى. كېلىنلەر «ئازنىلىق» قىلغىلى ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، شۇ يەردە باش - كۆزلىرىنى يۇيۇپ، تاراپ كېلەتتى.

يۇرتىمىزدا «تالاق» دەيدىغان بىر خىل ئەسكى ئادەت بار ئىدى. ئايالىدىن رەنجىگەن، يوقىلاڭ ئىشقا ئىشىنىپ قالغان، گۇمان قىلىپ قالغان بەزى ئەرلەر ياكى ئۆكتەم، كۆكەمە ئەرلەر بىرەر قېتىملىق ئۇرۇش - تالاشتىن كېيىنلا ئايالىنى «تالاق» ياكى «ئۈچ تالاق» دېگەندەك بولمىغۇر سۆز بىلەن تىللايتتى. بۇنىڭ بىلەن ئايال ئەرنىڭ ئەمرىدىن چىقىپ كېتەتتى. ئەمما، بۇنداق سۆزنى ئايال ئاغزىدىن چىقىرالمايتتى. بۇنداق ئائىلىلەر كۆپىنچە بۇزۇلۇپ كېتەتتى. بالا - چاقىلىرى كۆپ، ئاتا - ئانىسى بېسىم ئىشلەتكەن، قىلغان ئىشلىرىغا پۇشمان قىلغان ئەرنىڭ گۇمانى يېشىلگەن، ئايال بوھتاندىن ئاقلانغان ئەھۋالدا «تالاق» نى ياندۇرۇشقا توغرا كېلىپمۇ قالاتتى. «تالاق» نى ياندۇرۇشتا، ئەگەر ئەرنىڭ ئاغزىدىن «ئۈچ تالاق» دېگەن سۆز چىقىپ كەتكەن بولسا، بۇنداق «تالاق» يانمايتتى؛ ئەگەر «تالاق» دېگەن بولسا، بۇنى ياندۇرغىلى بولاتتى. ياندۇرۇش ئۇسۇلى ئىككى خىل بولاتتى: بىر خىلى - ئايال باشقا ئەرگە بىر قېتىم نىكاھلىنىشى كېرەك؛ يەنە بىر خىلى - ئايال بىراۋغا ۋاقىتلىق نىكاھلىنىشى ۋە ئۇنى ئەر ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشى كېرەك ئىدى. بۇ خىل رەسمىيەتنى ئاساسەن يۇرتنىڭ ئىمام - خاتىپلىرى دىنىي رەسمىيەت بىلەن ئىجرا قىلاتتى.

يۇرتىمىزدا ئەزەلدىن كۆندەشلىك ئادىتى ئېغىر بولۇپ،



ئەرنىڭ ئايالنى كۆنلىشى قاتتىقراق ئىدى. كۆپلىگەن ئائىلە ماجىرالىرى مۇشۇ سەۋەبتىن بولاتتى. كۆندەشلىكنىڭ ئېغىرلىقىدىن، ئاياللار يات ئەرلەرگە تىكىلىپ قارىيالماسلىق بىلەنلا قالماستىن، بەلكى يولدا تاسادىپىي بىللە مېڭىپ قېلىشى، پاراڭلىشىپ قېلىشى، بەدىنىنىڭ بىر - بىرىگە تېگىشىپ كېتىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ئاياللار ئاسانلىقچە بىر يەرگە يالغۇز بارمايتتى. ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئازنىلىق قىلىپ بېرىشقا توغرا كەلسە، ئەتىگەندە ئوغۇل تەرەپتىن، كەچتە ئايال تەرەپتىن بىرى ھەمراھ بولۇپ ئېلىپ بېرىپ، ئېلىپ كېلىپ قوياتتى. كېلىنلەر قېيىن ئاتا، قېيىن ئانىلارنىڭ ئېغىر بېسىمى ئاستىدا تۇرسىمۇ، لېكىن مۇھەببەت ھېسسىياتى جەھەتتە ئەرلىرى بىلەن ئىناق ئۆتەتتى. يىگىتلەر ئاتا - ئانا، دوست - بۇرادەر، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئالدىدا خوتۇنىغا زالىمدەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئۆي ئىچىدە خوتۇنىغا مېھرىبانلىقىنى ئىپادىلەيتتى. بۇنىڭغا ئالاقىدار مۇنداق بىر ئادەت كەڭ ئومۇملاشقان: يىگىتلەر شەھەر ياكى بازارغا كىرىپ قايتاشدا، چوقۇم خوتۇنى ياخشى كۆرىدىغان يېمەكلىكلەرنى، مەسىلەن: ناۋات، سامسا، گۆش گىردە، گىردە قاتارلىقلاردىن بىر ياكى بىرنەچچە خىلىنى ئالغاچ چىقىپ، خوتۇنىغا يوشۇرۇن ھالدا بېرەتتى. خوتۇنى ئۇنى ئۆز ھۇجرىسىدا ياكى باشقا پىنھان جايدا يەيۋالاتتى؛ يىگىتلەر پۇل تاپقان چاغلىرىدا، خوتۇنى ياخشى كۆرىدىغان رەختلەردىن بىرەر كىيىملىك ئېلىپ بېرەتتى.

ئەر بىلەن ئايال نىكاھلانغاندىن كېيىن، بىر تەكىيگە باش قويۇپ، بىر ئائىلە كىشىلىرىدىن بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن بەزى جەھەتلەردىن ئايرىمچىلىق قىلىش ئەھۋالى بار ئىدى، مەسىلەن: ئەر - ئاياللارنىڭ كىيىمىنى، ئاياغلىرىنى

بىر يەرگە قويۇشقا بولمايتتى؛ كىر يۇغاندا ئەرنىڭ كىيىمىنى ئايالنىڭ كىيىمىدىن كېيىن يۇيۇشقا، ئايالنىڭ تاماق قاچىسىدا ئەرگە تاماق بېرىشكە، ئايالنىڭ ئاشۇرغان تامىقىنى ئەر ئىچىۋېتىشكە بولمايتتى. مۇبادا يۇقىرىقىدەك ئىشلار سادىر بولۇپ قالسا، ئايالنىڭ ئالدىدا ئەرنىڭ گېپى ئۆتمەس بولۇپ قالىدۇ، دەپ قارىلاتتى.

پەرزەنتلىرىگە ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقى ئاساسەن ئەرنىڭ قولىدا بولاتتى. ئەر - ئاياللار نىكاھدىن ئاجرىششقا توغرا كەلسە، پەرزەنتلەرنى ئەر تەرەپ بىر تەرەپ قىلاتتى. بالىلىق ئەر قازا قىلىپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئايالى ياش قالسا ۋە بالىلىرى يېتىم قېلىش ئەھۋالى كۆرۈلىدىغان بولسا، ئەر تەرەپنىڭ بويتاق ياش بىر تۇغقانلىرىدىن بىرەيلەن يەڭگىسىگە ئۆيلىنىدىغان، بالىلىق ئايال ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ ئېرى ئايالىنىڭ تۇل ياكى قىز بىر تۇغقانلىرىدىن بىرىنى ئەمرىگە ئالىدىغان ئادەتلەرمۇ بار ئىدى. بۇنىڭدا يەنە، مىراس ياتنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتمىسۇن، دېگەن قاراشمۇ بار ئىدى. يۇرتىمىزدا ئاساسەن بىر جۈپ ئەر - خوتۇنلۇق نىكاھ ئادىتى مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش ئادىتىمۇ ساقلىنىپ كەلگەن. يۇرتىمىزدا نەچچە ئون كىشى ئىككى خوتۇنلۇق ئىدى. كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشنىڭ ھەر خىل سەۋەبلىرى بار ئىدى: بىرى - تۇغماس خوتۇننىڭ ئۈستىگە خوتۇن ئېلىش، يەنە بىرى - بايۋەتچىلىكنى كۆز - كۆز قىلىش ئۈچۈن كوپ خوتۇپ ئېلىش، يەنە بىرى - تىجارەتچىلىك قىلىپ شەھەرمۇ - شەھەر يۈرگەنلىك سەۋەبىدىن كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش ۋە باشقىلار. ئاڭلىشىمىزچە، بىز بىلەن زاماندىش مامۇت چوڭ دېگەن بىر ئادەم بولۇپ، ئۇ خوتەن، يەكەن، قاغىلىق، ئاقسۇ، كورلا، ئۈرۈمچى، ئالتاي، تاشكەنت، ئەنجان، كابۇل قاتارلىق جايلارغىچە كارۋانچىلىق قىلىپ



بېرىپ، ئايلىنىپ يۈرۈش جەريانىدا، 65 خوتۇن ئالغان. بۇ كىشى 1950 - يىللىرى ۋاپات بولۇپ كەتتى. كۆپ خوتۇنلۇق ئائىلىلەر ئازادلىقتىن كېيىن كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە، مۇۋاپىق قانۇنىي رەسمىيەتلەردىن ئۆتكۈزۈلۈپ، بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق ئائىلە شەكلىگە ئۆزگەرتىلدى. لېكىن، ئايرىم ئائىلىلەر ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ كونكرېت بىر تەرەپ قىلىندى. مەسىلەن، ئۆمەر ئىمام دېگەن كىشىنىڭ ئىككى خوتۇنى بولۇپ، چوڭ خوتۇنىدىن بالا يۈزى كۆرمىگەن ھەم بۇ خوتۇنىنىڭ ئىگە-چاقىسى يوق، كىچىك خوتۇنىدىن بەش بالىسى بار بولغاچقا، خەلق ھۆكۈمىتى ئەمەلىي ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۆمەر ئىمامنىڭ ھەر ئىككى خوتۇنىنى ئەمرىدە ساقلاپ قېلىشىغا رۇخسەت قىلدى. ئابدۇرېھىم ئابدۇللا دېگەن كىشىنىڭمۇ ئىككى خوتۇنىنى ئەمرىدە ساقلاپ قېلىشىغا رۇخسەت قىلغان، 1972 - يىلىغىچە ئەمرىدە بار ئىدى. شۇ يىلى بۇ كىشىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن، يۇرتىمىز تەۋەسىدىكى ئەڭ ئاخىرقى كۆپ خوتۇنلۇق ئائىلىگە خاتىمە بېرىلدى.

قىزلار توي قىلغاندىن كېيىن ئاساسەن ئەرنىڭ ئۆيىدە بولاتتى. ئەردىن بىسوراق سىرتقا، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بارالمايتتى. ئاتا - ئانىسى يىراق يەردە بولسا، ئېرى ياكى ئېرىنىڭ تۇغقانلىرى بىللە ئېلىپ باراتتى. مۇبادا بۇ ئىشلار رۇخسەتسىز قىلىنىپ قالسا، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى كۆپ چاغلاردا ياخشى نەتىجە بەرمەيتتى. كېلىنلەر روھىي ياكى جىسمانىي جەھەتتە ئازابقا ئۇچرىسا، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە «يامانلاپ» كېتەتتى. يامانلاشنىڭ سەۋەبلىرى ھەر خىل ئىدى. بەزى كېلىنلەر ئېرى تەرىپىدىن قاتتىق ئۇرۇلسا ياكى كۆپ ئازابلانسا يامانلايتتى، بەزىلىرى ئازراق كۆڭلى چىگىلسىمۇ يامانلايتتى. كېلىنلەر يامانلاپ كەتسە، قايتۇرۇپ كېلىشكە تۇغرا كېلەتتى.

قايتۇرۇپ كېلىشنىڭ ئۇسۇللىرى ھەر خىل بولۇپ، ئۇرۇق-تۇغقانلارنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىش، يىگىت ئۆزى بېرىش، قېيىن ئاتا قېيىن ئانىلار بېرىش قاتارلىق ئۇسۇللار قوللىنىلاتتى. بۇنىڭدا قۇرۇق بارماي، داستىخان ئېلىپ بېرىش، بىر ياكى بىرقانچە كېيىملىك رەخت ئېلىپ بېرىش ئادەتلىرى بولاتتى. كېلىننىڭ تۇغقانلىرى ئۆزى ئېلىپ كېلىپ قويۇش ئادىتىمۇ بار ئىدى. كېلىنلەر يامانلاپ كەتكەندىن كېيىن، ئەگەر ئۆي تۇتۇش مۇددىئاسى بولسا، ۋاقتىدا قايتۇرۇپ كېلىنەتتى. كېلىن تەرەپمۇ ئۇڭايلا ماقۇل بولاتتى، بەزىدە كېلىن ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىدە ئۇزاقراق تۇرۇپ قالاتتى. بۇنداق ئەھۋالدا زىددىيەت كەسكىنلىشىپ كېتەتتى. زىددىيەتنى ھەل قىلىشتا ھەر ئىككى تەرەپ ئاساسەن ئۆزىنى بېسىۋېلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتاتتى. لېكىن، بەزىلىرى ئۇنداق قىلمايتتى.

تۇتقان ئۆيىنى ساقلاپ قېلىش ھەممە ئائىلە كۆڭۈل بۆلىدىغان ئورتاق مەسىلىلەرنىڭ بىرى ئىدى. پەۋقۇلئاددە ئەھۋاللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئائىلىلەر بىر نىكاھلىنىش ھالىتىدە مەڭگۈ ئۆي تۇتۇپ ئۆتەتتى. ئاتا-بوۋىلىرىمىز بىر نىكاھلىق ئائىلىنىڭ ئەۋزەللىك تەرەپلىرىنى خېلى بۇرۇنلا تونۇپ يەتكەن. بۇنىڭدا نۇرغۇن قىممەتلىك ئەنئەنىلەر ساقلانغان. مەسىلەن، پەرزەنتلەرنى يېتىم قىلماسلىق، قەدىناستىن ئايرىلماسلىق، ئاتا-ئانىنىڭ تەربىيىسىنى كۆرگەن ۋە ئۇلارنىڭ قولىدا تاماق يېگەن كېلىن، يىگىتلەرنى قولدىن بەرمەسلىك قاتارلىقلار. شۇڭا، بىر نىكاھلىق ئاياللار ئالاھىدە ھۆرمەتكە ئىگە ئىدى. مەسىلەن، ئۆتنە-يېرىم قىلىشتا ئەرسىز ئاياللار، تۇغماس ئاياللار ۋە كۆپ نىكاھلىق بولغان ئاياللاردىن ئېھتىيات قىلىناتتى. بالىلار ياكى چوڭلاردىن بىرەرى كېسەل بولۇپ قېلىپ، پىرىخونلۇق ئۇسۇلدا داۋالىنىشقا توغرا كەلگەن-



دە، ئاۋاق ئېشى ئىچىش ئۈچۈن يۇقىرىقىدەك ئاياللارنىڭ ئۆيىدىن ئۇن تىلەنمەيتتى، پەقەت بىر نىكاھلىق ئاياللارنىڭ ئۆيىدىن تىلەپ ئىشلىتىش شەرت ئىدى. تۇل خوتۇن ۋە تۇغماس ئاياللارنىڭ بوۋاق بالىنى كۆرۈپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىناتتى، ئۇلار تۇغۇتلۇق ئايال بار ئۆيگە كىرگۈزۈلمەيتتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ كۆزى «تېگىپ كېتىدۇ» دەپ قارىلاتتى. شۇنداقلا، تۇغۇتلۇق ئۆينىڭ ئىگىلىرى يۇقىرىقىدەك ئائىلىلەردىن 40 كۈنگىچە ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزاق ۋاقىتقىچە بىر نەرسە تىلەپ ئىشلەتمەيتتى. شۇنداق بولغاچقىمىكىن، تۇل خوتۇنلار، ئولتۇرۇپ قالغان قىزلار يۇرت تەۋەسىدە يوق دېيەرلىك ئىدى. بالىسى كۆپ، تۇغۇمچان ئاياللار ھۆرمەتلىنەتتى. تۇغۇت ئانىلىققا بالا تۇغقان ئاياللار تەكلىپ قىلىناتتى. نىكاھدىن كېيىن قىزنى ئوغۇلنىڭ ئۆيىگە ھەمراھ بولۇپ ئېلىپ بارىدىغان يەڭگىلەرمۇ تۇغۇمچان ئاياللاردىن بولاتتى. يەڭگىلەر ئارىسىغا تۇغماس ئاياللارنىڭ ئارىلىشىشىدىن ھەزەر ئەيلىنەتتى.

ئاياللار ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئەركەكلەر بىلەن تەڭ مۇئامىلە قىلىنمايتتى. بۇ توغرىلىق تۈرلۈك پەتىۋالار ئېقىپ يۈرەتتى. مەسىلەن، «ئايال جان ئۈزگەن ھامان ئەرنىڭ ئەمرىدىن چىقىپ كېتىدۇ، شۇڭا، ئېرى جەسەتنىڭ يېنىغا يېقىن بارماسلىقى كېرەك؛ ئېرى جان ئۈزسە، ئايالىمۇ جەسەتنىڭ يېنىغا يېقىن بولماسلىقى كېرەك»، «ئەر بولسا ئايالىنىڭ يېرىم خۇداسى، ئايال كىشى ئەردە ياخشى (ئەرنىڭ ئەمرىدە بولغىنى ياخشى)، ئەردە بولمىسا يەردە ياخشى (ئۆلگىنى ياخشى)» ۋەھاكازالار. ئاياللارنىڭ «گۇناھى كۆپ» بولغاچقا، ئۇلارنىڭ گۆرلىكى ئەرلەرنىڭكىدىن بىر گەز چوڭقۇرراق كولىنىدىكەن. ئۇنداق بولمىسا، «گۇناھىنىڭ كۆپلۈكى»دىن يەرلىكىگە پاتماي چىقىپ كېتەرمىش. ئاياللارنىڭ مېيىتىنى كۆمگەندە، ئەرلەرنىڭ مېيىتىنى كۆمگەنگە قارىغاندا يەتتە كەتمەن توپا ئارتۇق تاشلىنىشى

شەرت ئىكەن. ئاياللارنىڭ كېپەنلىكى ئەرلەرنىڭكىگە قارىغاندا كۆپرەك بولۇپ، 12 مېتىر سەرپ قىلىنارمىش. چۈنكى، ئۈچ قەۋەت ئىچ كىيىم، بىر قەۋەت تاش كىيىم (تاش چېدىر، ئىچ چېدىر) تىكىلىدىكەن. ئاياللارنىڭ قەبرىسى ئەرلەرنىڭ قەبرىسىگە قارىغاندا كىچىكرەك قاتۇرۇلۇشى ($\frac{1}{3}$ نىسبەتتە بولۇشى) شەرت ئىدى. ئەرلەرنىڭ قەبرىسىنىڭ سۇپا پەلەمپىيىدىن باشقا، يەنە ئىككى پەلەمپىيى بولسا (بۇلارنىڭ چوڭى تالالىق، كىچىكى ئۆيلۈك، ئوتتۇرىسىدىكى بۆشۈك دەپ ئاتىلاتتى)، ئاياللارنىڭ ئۈچ پەلەمپەي (بۇلار ئۆيلۈك، سۇپىرا، ئاشتاختا، نوغۇچ دەپ ئاتىلاتتى) بىلەن پەرقلەندۈرۈلەتتى. ئايالى ئۆلۈپ كەتكەن ئەر بەك ئۆكسۈپ يىغلىسا بولمايتتى؛ ئەمما ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايال ئىسەدەپ يىغلىمىسا، كىشىلەر ئارىسىدا سۆز - چۆچەككە قالاتتى. ئېرى ئۆلۈپ كەتسە ئايالى، ئايالى ئۆلۈپ كەتسە ئېرى «مەرھۇمنىڭ يۈزىنى كۆرۈش يامان بولىدۇ، نامەھرەم بولىدۇ» دەپ قارىلاتتى، ئەرلەر مەرھۇم ئايالىنىڭ قەبرە بېشىغا چىقسا بولاتتى، ئەمما ئاياللار مەرھۇم ئېرىنىڭ قەبرە بېشىغا چىقماسلىقى، پەقەت ئۆيدە ياغ پۇرۇتۇپ دۇرۇت ئوقۇپ، دۇئا قىلىشى كېرەك ئىدى.

خوتۇن كىشى ئېرى بىلەن 40 يىل ئۆي تۇتقان بولسا، ئېرىگە پەقەت بىر تال چېچى قېتىلارمىش، دېگەندەك كۆز قاراشلار بار ئىدى، شۇڭا، ئايالى ئۆلۈپ كەتكەن ئەر 40 كۈندىن كېيىن توي قىلسا بولۇۋېرەتتى؛ ئەمما، ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايال ئاز دېگەندە يېرىم يىلدىن كېيىن ئاندىن ياتلىق بولالايتتى.

(3)

كونا جەمئىيەتتە روھانىيلار ۋە فېئودال كۈچلەرنىڭ كاساپىتى تۈپەيلىدىن، ئاياللارنىڭ ئورنى تۆۋەن، رولى ئېتىبارغا



ئېلىنمىغان بولسىمۇ، لېكىن مەزلۇم ئاياللار جەمئىيەتتە مەۋجۇت ئىكەن، ئۇلارنىڭ مېھنىتى كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇراتتى، بۇنىڭغا ھېچكىم كۆز يۇمالمايتتى. شۇڭا، ئەمگەكچى خەلق ئاياللار ۋە ئانىلارغا چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن قارايتتى. كىشىلەر ئارىسىدا «بالا ئانىسىنى مۆرىسىگە ئېلىپ، ھەرەمگە يەتتە قېتىم ئېلىپ بارسىمۇ، شۇ بالا ئانىسىنىڭ بىر كېچىدە بىر قېتىم ئورنىدىن تۇرۇپ بۆشۈكنى تەۋرەتكەندەك قەرزىنى ياندۇرالمايدۇ» دەيدىغان ھېكمەتلىك سۆز تارقالغان. كىشىلەر پاراڭلاشقاندا، «ئانا يۇرت»، «ئانا ۋەتەن»، «ئانا تىل»، «ئانىدەك مېھرىبان»، «ئانىدەك قەدىرلىك» دېگەن جەزىبىدالىق ئوخشىتىشلارنى ئىختىيارسىز ھالدا يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن چىقىرىپ ئېيتىدۇ. شۇنىڭدەك، «ئانا - تاغدەك پاناھ»، «ئانا ئايىغىدا جەننەت بار»، «ئانىلىق يېتىم — گۈل يېتىم، ئاتىلىق يېتىم — كۈل يېتىم»، «ئاتىنىڭ باغ ھويلىسى بىلەن قالغۇچە، ئانىنىڭ پىلتە سېۋىتى بىلەن قالغان ئەۋزەل» دېگەنگە ئوخشاش ماقال - تەمسىللەرنى ئىشلىتىدۇ. ھېكمەت - پاساھەتكە تولغان مۇنداق ماقال - تەمسىللەر ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئەمەلىيىتى جەريانىدا ھاسىل قىلغان تەجرىبىلىرىنىڭ بەدىئىي يەكۈنى بولۇپ، ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئەمگەكچى خەلق تەرىپىدىن ئاياللار ۋە ئانىلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە رولىغا بېرىلگەن ئادىل باھا ئىدى. ئاتا - بوۋىلىرىمىز تەرىپىدىن داۋاملاشتۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان بۇ ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەت ھەر دائىم كىشىلەر ئۈچۈن مەنىۋى ئوزۇق بولۇپ، ئۇلارنى ئىلھاملاندۇرۇپ تۇراتتى. شۇڭا، ئەمگەكچى ئاياللار فېئودallىق بۇرۇختۇملۇق تۇرمۇش بىلەن چەكلىنىپ قالماي، بەلكى ھاياتقا ھەمىشە ئۈمىدۋارلىق بىلەن قاراپ، ھامان ئۆزلىرىنىڭ جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى ۋە رولىنىڭ

مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە زور ئىشەنچ باغلايتتى.

«كىشىلىك جەمئىيەتتە يەنىلا ئىش ۋە ئىش تەقسىماتى بولۇپ تۇرىدۇ... ئۇ، ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ، ئەرلەر ئىشلەپچىقىرىش قۇراللىرىنى ياسايدۇ، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، ئۇرۇش قىلىدۇ؛ ئاياللار بولسا ئۆي ئىشلىرىنى قىلىدۇ، بالا باقىدۇ، تاماق ۋە كىيىم تەييارلايدۇ، توقۇيدۇ، تىكىدۇ»، «ئەرلەرمۇ، ئاياللارمۇ ئۆز ئىشى ساھەسىنىڭ خوجايىنى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەرقايسى ئۆزى ياسىغان ۋە ئىشلەتكەن قۇراللارنىڭ ئىگىسى بولىدۇ. ئەرلەر قورال - ياراقنىڭ... (ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرىنىڭ) ئىگىسى، ئاياللار ئۆي سايمانلىرىنىڭ ئىگىسى».* بۇنىڭدىن ئاياللارنىڭ رولىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. جەمئىيەتتە ئاياللارنىڭ ئورنى ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولغاچقا، ئۇنى ھەقىقىي ماھىيىتىدىن ئىنكار قىلىدىغان ئادەملەر ئاز ساندا ياكى يوق ھېسابتا ئىدى. شۇڭا، يۇرتتا ئاياللار يوق ئائىلە، 1% گىمۇ يەتمەيتتى.

يۇرتىمىزدا ئەقلى - ھوشى نورمال ئەمەس، جىسمانىي جەھەتتىمۇ ساغلام ئەمەس كىشىلەردىن باشقا، ھەر قانداق ئەر ئۆيلىنەتتى، ھەممە ئائىلە ئۆز پەرزەنتلىرىنى ئەدەپ - ئەخلاقلىق تەربىيىلەشنى ئارزۇ قىلاتتى. بۇنداق ئائىلىلەردە چوڭ بولغان بالىلار ئاتا - ئانىسى بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت ساقلاپ، چوڭلارنى ھۆرمەتلەيتتى، بولمىغۇر قىلىقلاردىن ئىمكان بار ساقلىناتتى. يۇرت ئىچىدە ياخشى ئائىلىلەرنىڭ نوپۇزى ئالاھىدە يۇقىرى نىسبەتنى ئىگىلەيتتى.

*«ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن ئاياللار ھەققىدە»، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، 1979 - يىل يېڭى يېزىق نەشرى.



يۇقىرىقىدەك ياخشى كەيپىياتنىڭ ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇشى ۋە ئىزچىل ساقلىنىشىدا ئاياللارنىڭ كۆزگە كۆرۈنمەس رولى دائىم خېلى زور تەسىر كۆرسەتتى.

(4)

قەشقەر تەۋەسىدە ئۆتمۈش زامانلاردىن باشلاپ كۆپلىگەن مەدرىس - مەكتەپلەر بار بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردا ئوغۇل بالىلارلا ئوقۇيتتى، قىز بالىلارنىڭ ئوقۇشىدىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. پەقەت ئايرىم قىزلارلا موللاملارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، بىر نەچچە يىل ساۋات چىقىرىش خاراكتېرلىك دىنىي دەرس ئاڭلايتتى.

XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، قەشقەر شەھەر ئىچى ۋە شەھەر ئەتراپىدا خەلق ئۆزلىرى قۇرغان 100 دىن ئارتۇق باشلانغۇچ مەكتەپ بارلىققا كېلىپ، بۇلاردا ئوقۇيدىغان بىر نەچچە مىڭ ئوقۇغۇچىنىڭ مەلۇم نىسبىتىنى قىزلار تەشكىل قىلىشقا باشلىدى. لېكىن قىزلارنىڭ ئوقۇش مۇددىتى ئوغۇللارنىڭكىدىن كۆپ قىسقا بولۇپ، ئۇلار 10 — 12 يېشىدىلا «بالاغەت دەرىجىسى» گە كۆتۈرۈلەتتى - دە، ئاتا - ئانىسى ئۇلارنى مەكتەپتىن توختىتىۋالاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ چاغدىكى ئوقۇتۇش ئۇسۇلى بەك ئاددىي بولغاچقا، ئۈچ - تۆت يىللىق ئوقۇش جەريانىدا ئاران ئازغىنە بىلىم ئالغان قىزلار دەرھال رومال ئىچىگە پۈركىنىپ، بىرەر يىل ئۆتە ئۆتمەيلا ئوقۇغانلىرىنى ئۇنتۇپ كېتەتتى. دېمەك، قىزلار ياكى ئاياللارنىڭ ئومۇميۈزلۈك ساۋات چىقىرىشىدىن سۆز ئېچىش تەس ئىدى.

ئەمما، بىلىمنىڭ ئەۋزەللىكىنى قىسمەن بولسىمۇ

چۈشەنگەن بەزى ئائىلە باشلىقلىرى بويىغا يېتىپ ئائىلىسىگە قايتىپ كەلگەن قىزلىرىنى ئائىلىدە بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك هالدا ئوقۇتۇپ، سەرپ - نەھۋى (مورفولوگىيە، سىنتاكسىس) گە ئائىت كىتابلاردىن بىلىمدار قىلاتتى ياكى «قارى» لىقتا ئوقۇتۇپ، «ھەپتىيەك» ۋە «قۇرئان كېرىم» نى يادلىتاتتى. بۇنىڭ بىلەن «موللا خېنىم»، «قارى خېنىم» دېگەن ئاتاقتا ئىگە بولغان قىز - ئاياللار خېلى كۆپ ئىدى. بىراق، ئۇ زامانىدىكى ئوقۇتۇشتا ئوقۇغۇچىلارغا خەت يېزىش ئۆگىتىلمىگەچكە، ئوقۇپ ساۋاتى چىققانلار «ئېغىز موللىسى» بولۇپ، خەت موللىسى بولالمايتتى، يەنى چالا ساۋات ھېسابلىناتتى.

1934 - يىللىرىغا كەلگەندە، مەھمۇد مۇھىتىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن، قەشقەر شەھىرىدىكى مەكتەپلەردە مەخسۇس قىزلار سىنىپى تەسىس قىلىنىپ، يېڭىچە يەنى پەننىي مەكتەپتە دەرس ئوقۇيدىغان قىز ئوقۇغۇچىلار كۆپىيىشكە باشلىدى. لېكىن، يۇرتىمىز قازىرىقتا پەننىي مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشى بىرقەدەر كېيىنرەك باشلاندى.

1935 يىلى شىنجاڭنىڭ «يەرلىك خانى» شېڭ شىسەي ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىدىن شىنجاڭنىڭ خىزمەتلىرىگە ياردەم بېرىشكە كادىر ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى خەلقئارا ئىنتېرناتسىئونالدا تۇرۇشلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ۋاڭ شيۇچىڭ (يۇشۇسۇڭ)، ۋاڭ باۋچەن، لۇن باۋتاڭ، ئۇ دېمىڭ، ۋەن شيەن، ليۇ شەنجىن، جىن يىجىن قاتارلىق 25 نەپەر كومپارتىيە ئەزاسىنى شىنجاڭدا خىزمەت قىلىشقا ئەۋەتىدۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئابدۇ قادىر ھاجى ئىسىملىك كىشىمۇ بار ئىدى. بۇ كىشىنىڭ دادىسى ھاشىم ھاجى موللا مەنسۇر بىزنىڭ تەۋەيىمىزدىكى



يۇقىرىقى قازىرىق كەنتىدىن ئىدى. ئۇ كىشى قەشقەر خانلىق مەدرىسىگە مۇدەررىس بولغان. 1920 - يىللىرى ھەج قىلىش نىيىتى بىلەن ئىككى ئوغلىنى ئېلىپ، مەككىگە كەتكەن. مەككىدىن قايتىشىدا كىچىك ئوغلى ئابدۇزاھىر ھاجىنى تۈركىيىدە، چوڭ ئوغلى ئابدۇقادىر ھاجىنى موسكۋادا قالدۇرۇپ، ئۆزى ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن. ئابدۇ قادىر ھاجى سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇش جەريانىدا مەكتەپتە ئوقۇپ، يۇقىرى سەۋىيىلىك بىلىم ئالغان ۋە سوۋېت كومپارتىيىسىگە ئەزا بولغان. شۇنىڭ بىلەن، 1935 - يىلى 5 - ئايدا سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن شىنجاڭغا كەلگەن.

ئۇ ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، ئۇزاق ئۆتمەي، شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قەشقەر ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىق (جۈيجاڭ) لىقىغا تەيىنلەنگەن. ئابدۇ قادىر ھاجى قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن، خېلى كۆپ خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. جۈملىدىن ئۆز يۇرتىغا مەكتەپ سېلىش ئۈچۈن قىلغان تەشەببۇسكارلىقى ھەممىدىن بەك ئەھمىيەتلىك ئىش بولدى. شۇ چاغدىكى شىنجاڭ ۋەزىيىتىدىن ئېيتقاندا، ھەممە يەردە مەكتەپ قۇرۇش، ساۋات چىقىرىش، ياشلارنى تەربىيىلەش دولقۇنى قوزغالغان بولۇپ، بۇنىڭغا «كۆچى بارلار كۆچ چىقىرىش، پۇلى بارلار پۇل چىقىرىش» دېگەن تەشەببۇس ئوتتۇرىغا قويۇلغان، مۇشۇ تەشەببۇسنىڭ يېتەكچىلىكىدە نۇرغۇن مەكتەپلەر قۇرۇلغانىدى. ئابدۇقادىر ھاجى مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە ئوتتۇرىغا چىقىپ، مەكتەپ قۇرۇش قارارىغا كېلىدۇ ۋە شۇ زاماندا ناھايىتى كۆپ پۇلغا يارايدىغان ئاتا مىراس بەش مو يېرىنى مەكتەپ سېلىشقا تەشەببۇسكارلىق بىلەن بېرىدۇ، ئاندىن ئاممىنى مەكتەپ قۇرۇش ئۈچۈن ياردەم بېرىشكە ھەرىكەتلەندۈرىدۇ. نەتىجىدە، قوغان يېزىسىغا تەۋە

يۇقىرىقى قازىرىق، چۇمبۇس، بوچا، شامپادىشاھ قاتارلىق كەنتلەردىكى ئاھالە سەپەرۋەرلىككە كېلىدۇ. قازىرىق كەنتىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى قەدىمكى «قاراخان پادىشاھىم مازىرى» دېگەن قەبرىستانلىقنىڭ پىششىق كېسەكلىرى، ياغاچ - تاشلىرى، قازىرىق كەنتىنىڭ جەنۇبىدىكى «ئوسمان بۇغراخان مازىرى» نىڭ ۋەخپىي يەرلىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى تېرەكلەر ھەمدە بىر قانچە يۇرت كاتتىلىرى ئىئانە قىلغان ياغاچ - تاشلار يۆتكەپ كېلىنىپ، مەكتەپ قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، 1936 يىلى قازىرىق كەنتىدە ئالتە سىنىپلىق، ئازادە، يورۇق، كارىدورلۇق، ئېگىز تام مەشلىك ئوغۇللار مەكتىپى پۈتتۈرۈلدى. 1937 - يىلىغا كەلگەندە، ئوغۇللار مەكتىپىگە ياندىشتۇرۇلۇپ، تۆت سىنىپلىق ئەينەكلىك، ئازادە قىزلار مەكتىپى پۈتتۈرۈلدى. بۇ مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇشى تەۋەيىمىزدىكى يۇقىرىقى قازىرىق كەنتى، چۇمبۇس كەنتى، بوچا كەنتى، شامپادىشاھ كەنتى، تۆۋەنكى قازىرىق كەنتى، جۈملىدىن قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى قوغان يېزىسى (كونىچە نامى بەشكېرەم - قازىرىق بەگلىكى) نىڭ مائارىپ تارىخىدا مۇھىم ۋەقە بولۇپ قالدى. شۇنداقلا مېنىڭ ھاياتىمدىمۇ ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئىش بولۇپ قالدى.

يۇرتىمىزدا «قىزلار مەكتىپى سېلىنىپ پۈتۈپتۇ» دېگەن خەۋەر تارقىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، يەنە «يېڭى مەكتەپكە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدىكەن» دېگەن خەۋەرلەر تارقالدى. مەھەللىدىكى بىز بىر توپ قىزلار بۇ خۇشخەۋەرنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ تېگىگە دەرھال يېتەلمىگەن بولساقمۇ، لېكىن قانداقتۇر بىر خىل قىزىقىش ھېسسىياتىمىز بىلەن چۇقىراشقان پېتى يېڭى مەكتەپكە يېتىپ باردۇق. قارىساق، مەكتەپنىڭ سىنىپلىرى بىز كۆرۈپ ئادەتلەنگەن يېزا ئۆيلىرىگە زادى ئوخشىمايتتى. تاملارغا يوغان



كېسەكلەر بېكىتىلگەن، ئەينەكلەر سېلىنغان، تاملىرى قاردەك ئاقارتىلغان، ئىنتايىن چىرايلىق ئىدى. سىنىپلارنىڭ ئاستىغا ياغاچتىن تاختايلار ياتقۇزۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە توپلىشىپ يۈگۈردىغان بولساق، ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان ئاۋازلار چىقاتتى. مەكتەپ ئىشخانىسىغا كىرسەك، كىيىنىشى يېزىمىزدىكى ئاياللارنىڭكىدىن تولىمۇ رەتلىك ھەم غەيرى، پوزىتسىيىسى مۇلايىم ۋە سەممىي ئاياللاردىن بىر قانچىسى قىزلارنىڭ ئىسمى، ئاتىسىنىڭ ئىسمى ۋە يېشىنى مېھرىبانلىق بىلەن زېرىكمەي سوراۋاتقان ئىكەن. بىزمۇ شۇ قىزلارنىڭ يېنىدا تۇردۇق. بىر ھازادىن كېيىن، بىر ئايال مېنى ئۆز يېنىغا چاقىرىپ: «قىزىم، مەكتەپتە ئوقۇمسىز» دەپ سورىدى، مەن ئىككىلەنمەستىنلا: «ھەئە» دەپ جاۋاب بەردىم. ئاندىن ئۇ، ئىسمىمنى سورىدى؛ ئارقىدىن دادامنىڭ ئىسمىنى سورىۋىدى، بۇرۇنقى چاقماقتەك جاۋابىم بىردىنلا سۇسلاپ، تۇرۇپلا قالدىم.

— نېمە، دادىڭىزنىڭ ئىسمىنى بىلمەمسىز؟

مەن بۇ سوئالغا نېمىدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي قالدىم. ئاخىر «مېنىڭ ئاكام بار» دېگەن سۆزنى ئاران قىلالىدىم.

— ئۇنداق بولسا، ئاكىڭىزنىڭ ئىسمى نېمە؟

— يۇنۇس ئاخۇن.

— بولدى، ئاكىڭىزنىڭ ئىسمىنى فامىلە قىلىسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئىسمىڭىز «ياقۇت يۇنۇس بولسۇن» دېدى ۋە شۇ پېتى جەدۋەلگە پۈتۈپ قويدى. كېيىنچە، دادامنىڭ ئىسمىنى ئېسىمگە ئېلىپ، يادلاپ يۈرگەن بولساممۇ، لېكىن فامىلەم كۆيۈملۈك ئاكامنىڭ ئىسمى بىلەن باغلىنىپ كەتتى. مېھرىبان دادامنىڭ ئىسمى پەقەت قەلبىمنىڭ چوڭقۇر يېرىدىلا ساقلىنىپ قالدى. بۇ، نارەسىدە چاغدا ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلىپ، يېتىملەر

ئوچىقىدا ئۆرتەنگەن مەندەك بىر يېتىم قىزغا قالدۇرغان يالداما بولسا كېرەك. مۇشۇ ئىش ھەر بىر قېتىم يادىمغا كەلسە، ئاتا - ئانامنى ئەسلەيمەن. مېنىمۇ مىرسىيىت ئاخۇن دادام قولىغا ئېلىپ، پېشانەمگە سۆيۈپ قويغان بولغىنىدى، «قىزىم» دەپ مېھرىبانلىق بىلەن ئەركىلەتكەن بولغىنىدى، دېگەنلەر خىيالىمدىن كېچىدۇ. يەنە ئۆزۈمگە تەسەللىي بېرىپ، شۇ مېھرىبان دادام ھايات بولغان بولسا، ئۇمۇ ئاتىلىق بۇرچىنى ئادا قىلىپ، مېنى بېقىپ چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشقان بولاتتى، ئۇنىڭ ئىسمى ھەمىشە ئېسىمدىن كەتمىگەن بولاتتى، دېگەنلەرنىمۇ ئويلىماي تۇرالمايتتىم. دېمەك، ئىسمىمنىڭ ئاكامنىڭ ئىسمى بىلەن قوشۇلۇپ كېتىشى كېيىنكى ئەمەلىيەتنىڭ نەتىجىسى، كۆيۈملۈك ئاكامنىڭ مېنى قاتارغا قوشۇش جەريانىدا ئاقتۇرغان تەرىنىڭ يالدامىسى. شۇڭا، بۇنىمۇ مۇۋاپىق بولغان دەپ چۈشەنمەي تۇرالمايمەن.

شۇنىڭدىن باشلاپ مەن مەكتەپتە ئوقۇدۇم. ئاكام ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىم ئوقۇشۇمنى قىزغىنلىق بىلەن قوللىدى. ئوقۇتقۇچىلار مېنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىمدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ماڭا كۆپ غەمخورلۇق قىلدى. ئائىلە ۋە مەكتەپتىن بولۇۋاتقان بۇ سەمىمىي كۆيۈنۈشلەر گۈدەك قەلبىمنى ئۇرغۇتۇپ، ئىلىم ئېلىش قىزغىنلىقىمنى قەدەممۇ قەدەم چوڭقۇرلاشتۇردى. بىز مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرگەن يىللار شىنجاڭ ۋەزىيىتىدە زور ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتقان يىللار ئىدى. يەنى 1933 - يىلى شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، ئاتالمىش «بىر قاتار ئىلغار سىياسەتلەر» نى يولغا قويۇپ، شىنجاڭدىكى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرۈشكە باشلىدى. مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىمۇ راۋاج-



لاندۇرۇش تەشەببۇس قىلىنغانلىقتىن، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرى خېلى يۈكسەلدى. شېڭ شىسەي: مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش دېگەندە، مىللىي مەدەنىيەتنى شەكىل، «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» نى مەزمۇن قىلغان مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېگەن.① مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە، بىزنىڭ قازىرىق باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان مۇئەللىملەر ۋە خانىملار ئۈرۈمچى، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىكى مەكتەپلەردە ئوقۇغان، خېلىلا ئىلغار ئىدىيىدىكى كىشىلەردىن ئىدى. مەكتىپىمىزگە ئىلغار ئاممىۋى تەشكىلات بولغان قەشقەر ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى يېقىندىن يار - يۆلەكتە بولۇپ تۇراتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوبدان پېداگوگىكىلىق تەربىيە كۆرگەن زەينەپ خانىم (ئابدۇقادىر ھاجىنىڭ ئايالى) مۇ ئوقۇتقۇچىلىق قىلاتتى. بولۇپمۇ دەرسلىك ماتېرىياللارنىڭ بىر تۇتاش سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلتۈرۈلۈشى ئەڭ مۇھىم ئامىل ئىدى. مۇشۇنداق بولغاچقا، بىز مەكتەپتە دەسلەپكى يىللاردىن باشلاپلا بىرقەدەر ئىلغار ئىدىيىنى قوبۇل قىلىشقا مۇۋەپپەق بولدۇق. مەندە شۇ چاغلاردىن باشلاپلا ئىلىم - مەرىپەتنى سۆيۈش، يۇرت ۋەتەننى سۆيۈش، خەلقنى ھىمايە قىلىش، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، يېتىم - يېسىرلەرگە خەيرىخاھلىق قىلىش قاتارلىق خىسلەتلەر تەدرىجىي شەكىللىنىشكە ۋە مۇستەھكەملىنىشكە باشلىدى. مېنىڭ ھەر خىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ تىرىشىپ ئۆگىنىۋاتقانلىقىم مەكتەپتە مەلۇم ئىنكاس قوزغىدى. ئوقۇتقۇچىلار مېنى ياخشى ئوقۇغۇچىلار قاتارىدا ماختايدىغان بولدى. شۇ زامان شارائىتىدا كىيىنىشى ئالاھىدە، يۇرۇش - تۇرۇشى مەدەنىي، بىلىمى يۇقىرى ئوقۇتقۇچىلار مەندەك ئاتا -

① «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» III قىسىم، 427 - بەت.

ئانىسى يوق، كىيىم - كېچەكلىرى كونا، نامرات ۋە يېتىم قىزنى ماختىسا تولىمۇ غەلىتە تۇيۇلغان بولسا كېرەك، كۆپلىگەن باي بالىلىرى ماڭا باشقىچە قارايدىغان بولۇپ قالدى، دەرس تەكرارلاپ ئولتۇرغان يېرىمگە ئولىشىۋېلىپ، قانداقتۇر بىر خىل تەئەججۇپلىنىش پوزىتسىيىسى بىلەن قېشىمدا دىۋەيلەپ تۇرۇشىدىغان بولدى. نېمىلىكىم بولمىسۇن، مەن بىر ئۆگىنىش ئۈلگىسىگە ئايلىنىپ، بىرقانچە يىللار ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا مەلۇم تەسىرگە ئىگە بولۇپ قالدىم.

1942 - يىلى 5 - ئايلاردا، قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن قارىمىقىدىكى ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش مەكتىپىگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا مەكتىپىمىزگە ئۇقتۇرۇش كەلدى. شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ ئىمتىھانغا قاتنىشىپ، مەكتىپىمىزدىن ئۈچ نەپەر قىز ئوقۇغۇچى بىلەن بىللە تۇنجى تۈركۈمدە پېداگوگىكىلىق مەكتەپتە ئوقۇشقا كىردىم. بۇ مەكتەپ بىزنى ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇپ، تاماق بىلەن تەمىنلىدى. ئەسلىدە بۇ مەكتەپتە 1942 - يىلى 7 - ئايدىن 1943 - يىلى 6 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە بىر يىل ئوقۇش بەلگىلەنگەنىدى. لېكىن، 1943 - يىلى شىنجاڭغا گومىنداڭ كېلىپ ھاكىمىيەت ئۆزگەرگەنلىكتىن، بىر يىللىق كۇرس تاسادىپىي بىر يېرىم يىلغا ئۇزىراپ كەتتى. ئۇزارتىلغان يېرىم يىلدا گومىنداڭنىڭ سىياسەت، ئەمىر - پەرمانلىرىنى ئۆگەندۇق. ئاندىن دەرستە ياخشى ئوقۇغۇچىلار شەھەر ئىچىدىكى مەكتەپلەرگە بېرىپ، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا خەنزۇچە تىل ئۆگىتىش پراكتىكىسى قىلدۇق. مەنمۇ بىر باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 1 - يىللىق سىنىپىغا ئۈچ ئاي قوشۇمچە خەنزۇچە تىل دەرسى ئۆتۈپ، ئىش ھەققى ئالدىم.

1943 - يىلى يېڭى يىل كىرىشى بىلەن، مەكتىپىمىزدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش، ئال-



دىنقى سەپكە ئىئانە توپلاش دولقۇنى قوزغىلىپ كەتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن، تەشۋىقات قىلىش، ئويۇن تەييارلاش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلدى. مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىكىدىن ھەرىكەتكە كېلىپ ۋە جەمئىيەتتىكى ئاممىنىمۇ سەپەرۋەر قىلىپ، خېلى كۆپ ئىقتىساد توپلىدۇق. مېنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىم ناچار بولسىمۇ، ناھايىتى تېجەشلىك بىلەن ئىقتىساد قىلغان 40 يۈەن ئەتراپىدىكى پۇلۇمنى ئىئانە سۈپىتىدە تەشكىلگە تاپشۇردۇم. ئىئانە توپلاش پائالىيىتىنى جانلاندۇرۇش مەقسىتىدە مەكتەپ سەنئەت گۇرۇپپىسى تەييارلىغان ئويۇننىڭ ئىچىدە بىر ئېتوت بار ئىدى. بۇ ئېتوت ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش تېمىسىدا بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر توپ جۇڭگو ئەسكەرلىرى بىلەن بىر توپ ياپون پاكارلىرى ئوتتۇرىغا چىقاتتى. جۇڭگو ئەسكەرلىرى ئوق چىقارغاندا، ياپون پاكارلىرى ئالاقزادە بولۇشۇپ پاتىپاراقچىلىق ئىچىدە قاچىدىغان، بەزىلىرى ئوق زەربىسىدىن تىك چۈشىدىغان تەسىرلىك ۋە جىددىي كۆرۈنۈشلەر بار ئىدى. مەن كىچىكىمدىن سەنئەت ئىشلىرىغا قىزىقىپ كەلگەچكە، دارىلمۇئەللىمىن قارىمىقىدىكى بۇ مەكتەپتە سەنئەت گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى بولۇپ قالغانىدىم. شۇ قېتىمقى ئېتوتتا مەنمۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن رول ئېلىپ چىقتىم. ئېتوتىمىز قەشقەر شەھىرىدە بىرقانچە نۆۋەت قويۇلۇپ، خەلق ئارىسىدا مەلۇم تەسىر قوزغىدى. دېمەك، بۇ مېنىڭ سەنئەت ھاياتىمنىڭمۇ باشلىنىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

1943 - يىلى 12 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئوقۇشۇمنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئۆز يۇرتىمىزدىكى ئانا مەكتىپىم — قازىرىق باشلانغۇچ مەكتىپىگە خىزمەتكە چىقتىم. بۇ، مېنىڭ 37 يىللىق مائارىپ ھاياتىمنىڭ رەسمىي باشلىنىشى بولۇپ قالغانلىقىنى ئۇ چاغلاردا تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئىدى. نېمىلا بولمىسۇن،

مېنىڭ «خانىم» دېگەن ھۆرمەت نامى بىلەن ئوقۇتۇش سېپىگە رەسمىي قەدەم قويغانلىقىم ھاياتىمدىكى ئەڭ بەختلىك باشلىنىش ئىدى. مەن بۇ شەرەپتىن ئىنتايىن خۇشاللىققا چۆمگەنىدىم. نەقەدەر ھاياجانغا تولغانلىقىمنى تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇ كۈنلەردە مەن، ئۆزۈمگە ئوخشاش ئاتا - ئانىسى يوق، يېتىم - يېسىرلەر، مەزلۇم - ئاجىزلارنى ئوقۇتۇش، ئۇلارنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىش، ئۆزۈمگە ئوخشاش بىلىمگە ئىگە قىلىشنىلا ئويلايتتىم. بۇ ئويلىرىمنىڭ كۆپ قىسمى كېيىنكى ئەمەلىيەتتە ئاساسەن ئەمەلگە ئاشتى. بۇنىڭدىن رازىلىق ھېس قىلىمەن، ئەلۋەتتە.

(5)

مەن مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان 37 يىل جەريانىدا، ئۇرغۇپ تۇرغان ياشلىق، تىرىشچانلىق ۋە پىداكارلىق روھى مەندە غالىب ئورۇندا تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى نۇرغۇن سىناقلاردىن ئۆتكۈزۈپ تاۋلاشقا توغرا كەلدى. چۈنكى، مەن بېسىپ ئۆتكەن يول شۇنداق سىناقلارنى باشتىن كەچۈرۈشكە مەجبۇر قىلاتتى. 1943 - يىلى 1 - ئايدا گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسى قۇرۇلدى. پىرقىنىڭ قۇرۇلۇشى ئىدىيولوگىيە ساھەسىدە نۇرغۇن ئېگىز - پەسىلىكلەرنى پەيدا قىلدى. شۇ يىللاردىن ئىلگىرى مەكتەپلەردە ئىلغار ئىدىيىلەر يېتەكچى ئورۇندا تۇراتتى. شەرقتە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭغا ئەۋەتكەن پارتىيە ئەزالىرىنىڭ تۈرتكىسى، غەربتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرى ھەم شېڭ شىسەينىڭ يولغا قويۇۋاتقان ۋاقىتلىق ئىلغار سىياسەتلەر مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش پروگراممىسىغا سىڭىشكەنىدى. ئۆلكى-



لىك گومىنداڭ پىرقىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىغە، پولۇپمۇ ياش ئوقۇغۇچىلارغا ئەكسىيەتچى پارتىيە مەسلىكى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلدى. بۇ تەربىيىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىزمغا قارشى تۇرۇش، جياڭجېشىغا مۇتلەق بويسۇنۇش، «پىرقە - دۆلەت» ۋە «داھىي» غا سادىق، ۋاپادار بولۇشتىن ئىبارەت ئىدى. گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئەسەبىيلىشىپ كېتىشى مائارىپچىلارنى دېلىغۇل قىلىپ قويدى. 1944 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىدى. بۇ ۋەقە ۋە ئۈرۈمچىدىكى نۇرغۇن ئىلغار زىيالىيلارنىڭ تۈرمىگە تاشلانغانلىقى قەشقەرگە ئاڭلىنىپ تۇردى. شۇ سەۋەب بىلەن، ھەرقايسى مەكتەپلەرگە «يېتەكچى مۇدىرلار» قويۇلدى. قەشقەردە گۇمانلىق دەپ قارالغان بىرمۇنچە زىيالىيلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار قاماققا ئېلىندى. بىرمۇنچە زىيالىيلار قاتتىق تەقىپ ئاستىدا قالدى. شەھەر ۋە يېزىلاردىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى مەجبۇرىي ھالدا تۈركۈم - تۈركۈملەپ گومىنداڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىندى. ھەربىر مەكتەپتە گومىنداڭ چۈفېنبۇسى (رايونلۇق شۆبە پىرقە) قۇرۇلدى. گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى ئوقۇتقۇچىلاردىن ھەممىدىن بەك ئەندىشە قىلاتتى. شۇڭا، بىزنى ھەر قەدەمدە تەقىپ قىلىپ تۇراتتى ۋە بىر - بىرىمىزگە پايلاقچى قىلىپ قوياتتى. گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ بۇ خىل قەبىھ ھەرىكەتلىرىدىن يىرگىنگەن نۇرغۇن ئوقۇتقۇچىلار خىزمەتتىن كېتىپ، دېھقانچىلىق ۋە باشقا كەسىپلەرگە كىرىشىپ كەتتى. ئىمكانىيەت تاپالىغانلىرى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. باشقىچە تۇرمۇش يولى تاپالمىغانلىرى، خەلقنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا سادىق كىشىلەر ۋە باشقا بەزىبىر خىلدىكى كىشىلەر ئوقۇتقۇچىلىقنى داۋام قىلدۇرۇۋەردى. مېنىڭ مائارىپ سېپىگە قەدەم قوي-

غىنىمغا ئۇزاق بولمىغاچقا، ياشلىق ھېسسىياتىمىنىڭ تۈرتكىسى، ئىلغار ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەربىيىسى بىلەن خەلقىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا چەكسىز ساداقىتىم بولغاچقا ھەم باشقا تۇرمۇش يولىنى تېپىش ئىمكانىيىتىم بولمىغاچقا، ھاياتلىق كۈنۈم ئېغىر بولسىمۇ، لېۋەمنى چىشلەپ، قەتئىي ئىرادەمنى بوشاشتۇرماي، ئوقۇتقۇچىلىقنى قىلىۋەردىم.

شۇ يىللاردا قەشقەردىكى ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى بىكار قىلىنىپ، مەكتەپلەر ناھىيىلىك مائارىپ بۆلۈملىرى تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان بولدى. دەرسلىكلەرنىڭ مەزمۇنىغا جىددىي ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلۈپ، ئىلغار پەننىي مەزمۇنلار ئوقۇتۇش پىلانى ۋە دەرسلىكلەردىن چىقىرىپ تاشلاندى؛ ئىشخانا، سىنىپ ۋە تاملارغا ئېسىلغان شېڭ شىسەينىڭ رەسىملىرى، ئۇنىڭ ئالدامچىلىق سىياسىتى پۈتۈنلەي ئېلىپ تاشلىنىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا جياڭجېشىنىڭ سۈرىتى ۋە گومىنداڭ پىرقىسىنىڭ بايرىقى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. پەن - تېخنىكىغا دائىر كىتابلار، جۈملىدىن 1937 - ۋە 1938 - يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنغان دەرسلىكلەر يىغىۋېلىنىپ كۆيدۈرۈۋېتىلدى. ئىنتايىن تەستە توپلىغان كىتابلارنىڭ قولدىن كېتىشى ئوقۇتقۇچىلارنى مەنىۋى ۋە ماددىي بايلىقلاردىن ئايرىپ قويدى. بەزى ئوقۇتقۇچىلار كىتابلىرىنى يوشۇرۇپ قويۇپ تاپشۇرمىغانلىقى ئۈچۈن، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى تەرىپىدىن سېزىلىپ قالغان ھامان قاتتىق جازاغا تارتىلدى، ھەتتا تۈرمىگە تاشلاندى ياكى خىزمەتتىن ھەيدەلدى. دېمەك، گومىنداڭ دەۋرىدە يولغا قويۇلغان مائارىپ پاسسىپ، چۈشكۈن، دوگما، ئەكسىيەتچى مائارىپ بولغاچقا، ئوقۇغۇچىلارغا سەلبىي تەربىيە بېرەتتى؛ ئۇلارنىڭ ئىلغار ئىدىيىسىنى بوغۇپ، بىلىم ئېلىش ھەۋىسىنى سۇسلاشتۇراتتى.



1943 - يىللىرىغىچە مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارغا تەن جازاسى بېرىش ھەر ھالدا چەكلىنىپ كەلگەنىدى. گومىنداڭ دەۋرىگە كەلگەندە، ئوقۇغۇچىلارغا تەن جازاسى بېرىش ئادەتتىكى ئىشقا ئايلىنىپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى قويۇق مۇناسىۋەت يامانلاشتى. ئاتا - ئانىلارنىڭ مەكتەپلەرگە ئۈمىدۋارلىق بىلەن قارايدىغان بۇرۇنقى ھېسسىياتىمۇ سۇسلاشتى. بەزىلەر ھەتتا پەرزەنتلىرىنى پەننىي مەكتەپلەردىن چىقىرىۋېلىپ، دىنىي مەكتەپلەرگە بەردى. شۇنىڭ بىلەن، پەننىي ۋە دىنىي مەكتەپتىن ئىبارەت ئىككى خىل مەكتەپ قايتىدىن شەكىللەندى. بۇنداق ئەھۋالنى ئوڭشاش، پەننىي مەكتەپلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ۋە ئارىسالدى بولۇپ قالغان ئاممىنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، پەننىي مەكتەپلەرگە خەلپەتلەر تۇرغۇزۇلۇپ، قوشۇمچە دىنىي دەرس ئۆتۈش يولغا قويۇلدى. جۈملىدىن مەن ئىشلەپ تۇرغان قازىرىق مەكتىپىدىمۇ شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانغا قەدەر شۇنداق قىلىندى.

گومىنداڭ دەۋرىدىكى مائارىپنىڭ چۈشكۈنلۈكى شۇ ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي چۈشكۈنلۈكنىڭ ئىنكاسى ئىدى. ئۇ دەۋردە ئىقتىساد تۇراقسىز، بازاردا مال ئۆكسۈپ تۇرغان بولغاچقا، پۇل پاخاللىقى ئېغىر ئىدى. مال باھاسى ھەپتىلەپ، كۈنلەپ، ھەتتا سائەتلەپ ئۆسەتتى. مەسىلەن، بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئايلىق ئىش ھەققىگە چۈشتىن بۇرۇن ئىككى چارەك ئاش كەلسە، چۈشتىن كېيىن ئاران ئىككى نان كېلىدىغان ئەھۋاللار بولۇپ تۇراتتى. بۇنداق ئەھۋالدا ئىقتىسادىي تۇرمۇشىمىز بەكمۇ قىيىنچىلىق ئىچىدە ئۆتەتتى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بۇنداق ئەھۋالغا بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارى ئاجىزلاپ كەتتى. دەل مۇشۇ ھايات - ماماتلىق پەيتتە، ئىلى، چۆچەك، ئالتاي ئۈچ ۋىلا-

يەتتە مىللىي ئازادلىقنىڭ زەپەر مارشى ياڭراپ، ئۇنىڭ شانلىق ئاۋازى چاقماق تېزلىكىدە قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. مەملىكىتىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكىدە بولسا، ياپون باسقۇنچىلىرى تەسلىم بولغانلىقىنى جاكارلاپ، ئېلىمىزدىكى مۇستەملىكىچىلىك ئاسارىتىنى ئاخىرلاشتۇردى.

يۇقىرىقىدەك غەلىبە خەۋەرلىرى تېز سۈرئەتتە مەكتەپلەرگە يېتىپ كېلىپ، مائارىپچىلارغا ئۈمىد بېغىشلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي، ئۈرۈمچىدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈلۈپ، 1946 - يىلى 6 - ئايدا 11 ماددىلىق بىتىم ئىمزالاندى. بۇ ۋەقە بىز مائارىپچىلارغا يەنە بىر خىل ئىشەنچ ئېلىپ كەلدى. قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، خەلقنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا بولغان ئىشەنچىمىز تېخىمۇ ئاشتى. مۇشۇ قىسقىغىنە يىللاردا، ئىقتىسادىي جەھەتتە ياخشى ئەھۋالدا بولمىساقمۇ، لېكىن سىياسىي ۋە ئىدىيە جەھەتلەردىن بىر خىل ئۈمىدۋار روھتا بولغاچقا، ھەرقانداق قىيىنچىلىقنى يېڭىش غەيرىتىمىز زور ئىدى.

1947 - يىلى 4 - ئايلاردا ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق بىر تۈركۈم ھۆكۈمەت ئەربابلىرى قەشقەرگە كەلدى. ئۇلارنىڭ كېلىشى ئەڭ ئاۋۋال بىز مائارىپچىلارغا چوڭقۇر ئىلھام بولدى. ھەممىمىز خۇددى بايرام بولغاندەك سۆيۈنۈپ كەتتۇق، كىشىلەر بۇ خۇش خەۋەرنى ئۆزئارا يەتكۈزۈشۈپ، خۇشاللىققا چۆمۈشتى. ئاڭلىشىمىزچە، ئەخمەت ئەپەندى مۇھىم ئىشلار قاتارىدا ئاۋۋال قەشقەر مائارىپىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇشۇپ، ئوقۇتقۇچىلارغا كىيىم - كېچەك ۋە ئاشلىق ھەل قىلىپ بېرىشنى ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇرغان، مائارىپنى كەڭ راۋاجلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلغان. ئەخمەت ئەپەندىـ



نىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى بۇ غەمخورلۇقى گويا ئۇسسۇزلۇقتا چاڭقاپ سولاشقان گۈللەر سۇنى كۆرۈپ ياشارغاندەك، بىز مائارىپچىلارنىڭ دىلىخەستە كۆڭلىمىزگە زور مەدەت ۋە ئىلھام بېغىشلىدى. بىز ئۆچۈشكە ئاز قالغان چىراغلارغا قايتىدىن ياغ قۇيۇپ، مائارىپ يولىنى يورۇتۇشقا يېڭىباشتىن بەل باغلىدۇق. شۇنىڭ بىلەن، مەكتەپلەر بىرقەدەر جانلىنىپ قالدى، ئوقۇتقۇچىلار غەيرەتكە كەلدى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقى ئۆستى. ئاتا - ئانىلارنىڭ پەننىي مائارىپقا بولغان قارىشىدىمۇ مەلۇم ئۆزگىرىش بولدى. چۈنكى، يۇرتداشلارنىڭ قەلبىدە ئۇدۇم سۈپىتىدە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىلىم - ھۈنەرنى قەدىرلەش، مائارىپنى سۆيۈش، ئوقۇتقۇچى - ئۇستازلارنى ھۆرمەتلەشكە ئوخشاش بىرقاتار ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەتلەر بولغاچقا، بۇ يۇرتنىڭ مائارىپى پۇرسەت - شارائىت يار بەرسىلا جانلىنىپ تۇراتتى. ئاۋام خەلقنىڭ كۆپچىلىكى ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن مائارىپنى قوللاپ تۇراتتى. مۇئەللىملەرگە ھۆكۈمەتتىن بېرىلىدىغان تەمىنات بار بىلەن يوقنىڭ ئارىلىقىغا چۈشۈپ قالغان ئەھۋالدىمۇ، مۇئەللىملەر قىيىنچىلىقنى ئىمكان قەدەر يېڭىشكە ھەرىكەت قىلىپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىش ئارقىلىق ئىقتىسادىي يۈكىنى يەڭگىللەشتۈرۈپ ئىشلەيتتى. ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق شارائىتتا ئىشلىگەن ئىشلىرىنى خالىس، پىداكارانە خىزمەت دېسە بولاتتى. نۇرغۇن ئوقۇتقۇچىلار كىرىمىنىڭ قانداقلىقى بىلەن ھېسابلاشماي، خىزمەتنى بىجانىدىل، ئەستايىدىل ئىشلىدى.

مائارىپتىكى بۇ خىل يوشۇرۇن كۈچ ئۆز نۆۋىتىدە ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىدىمۇ زور مەنىۋى ئىلھام ئېلىپ تۇراتتى. دېمەك، قازىرىق مەكتىپىدىكى بۇنداق جانلىنىش ئوقۇتۇش ئىشلىرىدىلا ئىپادىلىنىپ قالماي، ئەدەبىيات - سەنـ

ئەت ئىشلىرىدىمۇ ئىپادىلىنىپ تۇردى.

قازىرىق مەكتىپىنىڭ قورۇسىدا 500 دىن ئارتۇق ئادەم سىغىدىغان بىر زال بولۇپ، 1937 - يىللىرى سېلىنغان بۇ زالنىڭ ھەممە ئەسلىھەلىرى تولۇق ئىدى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مۇشۇ زالنى بازا قىلغان سەنئەت گۇرۇپپىسى بار ئىدى. بۇ سەنئەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر بىر تەرەپتىن ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئويۇن تەييارلاپ، بىرقانچە يېزىدىكى خەلقنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىنى جانلاندۇرۇشقا كۈچ چىقىراتتى. سەنئەت گۇرۇپپىسىدا ئوينىلىدىغان نومۇرلارنىڭ مەنبەسى ھەر خىل ئىدى. بەزىلىرى شۇ دەۋرلەردە تونۇلغان يازغۇچىلار تەرىپىدىن يېزىلىپ، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئوينىلىۋاتقان تەسىرلىك كومېدىيە - درامىلار، مەسىلەن، «سامساق ئاكام قاينايدۇم»، «يېتىم قىز»، «ئارشىن مال - ئالان»... قاتارلىقلار؛ بەزىلىرى قەشقەر تەۋەسىدە تارقىلىپ تۇرۇۋاتقان ناخشا - ئۇسسۇل، كونسېرت — لەپەرلەر ئىدى. ئويۇن نومۇرلىرىنىڭ مەزمۇنى دەۋر شارائىتىغا قارىغاندا ئىلغار ئىدى. مەسىلەن: ۋەتەنپەرۋەرلىك، يۇرت سۆيەرلىك، خەلقچىللىق، مەرىپەتپەرۋەرلىك، ئەمگەك سۆيەرلىك، ساۋاتسىزلىقنى ئەيىبلەش ۋە باشقىلار. ئۇ چاغلاردا يېزىمىز تەۋەسىدە ئاياللارنىڭ يۈزىنى ئېچىپ يۈرۈشى، سورۇنلاردا قىز - چوكانلارنىڭ ئەلنەغمىگە ماسلىشىپ، ناخشا ئېيتىشى ياكى ئۇسسۇل ئوينىشى غەلىتىلىك ھېسابلانغاچقا، ئويۇن سەھنىلىرىگە قىز - چوكانلار نومۇر ئورۇنلاپ چىقالمايتتى، ئاياللارنىڭ رولىنى ئېلىپ چىقىش توغرا كەلسە، ئەرلەر ئاياللارچە ياسىنىپ ۋە گىرىم قىلىپ سەھنىگە چىقاتتى. يۇرتىمىزدىن ×× كىشى دەسلەپ ئاياللارچە ياسىنىپ سەھنىگە چىققاندا، يېڭىلىق تۇيۇلغان ۋە كىشىلەر ئارىسىدا قىزىقىش قوزغىغانىدى. ئەپسۇسكى، كېيىن



چە ئۇ كىشىگە «سەتەڭ» دېگەن لەقەم سىڭىشىپ قېلىپ، «×× سەتەڭ» دېگەن نام بىلەن ئۆمرىنى ئاخىرلاشتۇردى.

قازىرىق مەكتىپىنىڭ قورۇسىدىكى مەيدان ۋە زالدا ۋىلايەت، شەھەر، ناھىيە ۋە باشقا يېزىلاردىن تەكلىپ قىلىنغان سەنئەت گۇرۇپپىلىرىمۇ كېلىپ ئويۇن قوياتتى. مەن دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرۈپ ئانا مەكتىپىمگە ئوقۇتقۇچى بولۇپ كەلگەندىن كېيىن، مەكتەپتە جانلىنىپ تۇرغان سەنئەت ئىشلىرىغىمۇ قىزغىنلىق بىلەن قاتنىشىپ كەتتىم. يېزىمىز تەۋەسىدىكى ئاياللار چۈمپەردە ئىچىدە تۇرۇش ئادىتىنى تاشلىيالمىغىنى بىلەن، شەھەردە ئوقۇپ چىققان ئايال ئوقۇتقۇچىلارنىڭ شۇ زامان شارائىتىغا مۇۋاپىق خېلى مەدەنىي كىيىنىپ، چاچلىرىنى چىرايلىق تاراپ، بېشىغا ياغلىق ئارتىپلا يۈرۈشلىرىمۇ كىشىلەرنىڭ ھەۋىسىنى قوزغايتتى. شۇڭا، ئويۇن تەييارلىغاندا بىزنىڭ ئەرلەر بىلەن بىللە رېپېتىس قىلىپ، سەھنىگە چىقىپ ئويۇن كۆرسىتىشىمىزگىمۇ مەلۇم شارائىت ھازىرلىنىپ قالغان بولغاچقا، مەكتەپتىكى خانىملاردىن بىرقانچىمىز باشلامچىلىق بىلەن سەھنىگە چىقتۇق. بۇ ئىش يۇرتداشلار ئارىسىدا ھەر خىل ئىنكاسلارنىڭ ھەتتا مازاق قىلىش، پوپوزا قىلىشلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەب بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئاخىر يەنە چۈمپەردىدىن قۇتۇلۇش روھى غالىب كېلىپ، ئاياللارنىڭ چۈمپەردىنى يۈزىدىن ئېلىۋېتىشىگە، سەھنىلەرگە چىقىشىغا، سورۇنلارغا قاتنىشىشىغا، ناخشا ئېيتىپ - ئۇسسۇل ئويناپ، كۆڭلىنى ئېچىشىغا يول ئېچىپ بەردى. دېمەك، ئەينى چاغدىكى مەكتەپ مائارىپى ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنى ئوقۇتۇش ۋە تەربىيىلەش خىزمىتىنىلا ئۈستىگە ئېلىپ قالماي، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى جانلاندۇرۇش، جەمئىيەتتىكى ئاممىنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۇلار ئارىسىدا مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش، ساۋات

چىقىرىش، تۇرلۇك تەشۋىق ـ تەرغىبلەر ئارقىلىق خەلقنى ئويغىتىش خىزمىتىنىمۇ ئۈستىگە ئالغان. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچىلار نۇرغۇن ۋاقتىمىزنى قۇربان قىلىپ، ئەقلىي كۈچىمىزنى سەرپ قىلاتتۇق. ئۇ يىللاردا بۇنداق خالىس خىزمەتلەرگە كەتكەن ۋاقىت ۋە كۈچ بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايتتۇق، بۇنى دۆلەت ۋە خەلق ئالدىدا ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچىمىز دەپ بىلەتتۇق.

1947 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە يەنە ئۆزگىرىش بولدى. شۇنىڭدىن ئىلگىرى شىنجاڭدا تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىنىپ، سىياسىي ۋەزىيەت بىرقەدەر تۇراقلاشقان، ئىقتىسادىي تۇرمۇش ئەسلىگە كېلىپ، خەلقنىڭ كۆڭلى بىر ئاز ئەمىن تېپىشقا باشلىغان، مائارىپچىلارنىڭ خىزمەتكە بولغان قىزغىنلىقىمۇ ئۆرلەۋاتقان بىر شارائىتتا، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى جىزجۇڭ ئەپەندى ئۆلكىنىڭ رەئىسلىك خىزمىتىنى مەسئۇتقا ئۆتۈنۈپ بەردى، تىنچلىق بىتىمى يىرتىپ تاشلاندى. شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى داۋالغۇپلا كەتتى. ھۆكۈمەت پۇلنى كۆپلەپ بېسىپ تارقىتىپ ئىقتىسادىي كرىزىس پەيدا قىلدى. 1948 ـ يىلى مەلۇم ئايلاردا بىر ئايلىق مائاشىمىزغا ئاران 20 دانە گىردە نان كەلسە، بەزىدە ئاران 10 دانە گىردە نان كەلدى. كىشىلەر بىرەر خۇرجۇن پۇل ئېلىپ بازارغا كىرسە، كۆڭۈلگە يارىغۇدەك بىرەر نەرسە سېتىۋالالمىدى. بۇنداق ئېغىر شارائىتتا مائارىپچىلارنىڭ بەرداشلىق بېرىشى تولىمۇ تەسكە چۈشتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش قىزغىنلىقى تېخىمۇ سۇسلاشتى. جۇملىدىن قازىرىق باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرى ئىلگىرىمۇ باسمايدىغان، توختاپمۇ قالمايدىغان ھالەت بىلەن ئىككى يىلنى ئۆتكۈزدى.



1949 ـ يىلى كىرگەندىن كېيىن، مەكتىپىمىزدىكى ئوقۇتقۇچىلاردا مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشقا يەنە يېڭى ئىشەنچ تىكلەندى. بۇنىڭغا بىر قانچە ئامىل سەۋەب بولۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ بىرى، 1949 ـ يىلى 1 ـ ئايدا مەسئۇت ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا بۇرھان ئەپەندى ئۆلكە رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى. شىنجاڭ خەلقى ئارىسىدا مەلۇم ئابرويىغا ئىگە ۋە مائارىپنى چۈشىنىدىغان، بىلىمگە ھۆرمەت قىلىدىغان چوڭ زىيالىي بۇرھان ئەپەندىنىڭ ئۆلكە رەئىسى بولۇشى شىنجاڭنىڭ باشقا تارماقلىرى قاتارىدا مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈنمۇ زور خۇشاللىق ئىدى؛ يەنە بىرى، ئىچكىرى ئۆلكىلەردە كوممۇنىستىك پارتىيە جانلىنىۋېتىپتۇ، گومىنداڭچىلار بىلەن قاتتىق ئېلىشىپ جەڭ قىلىنىۋېتىپتۇ، كوممۇنىستىك پارتىيە ئەمگەكچى خەلققە، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئەركىنلىك، ئازادلىق بېرىدىكەن، مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرىدىكەن، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەمىناتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، مەكتەپلەرنى ياخشىلايدىكەن، دېگەن خۇش خەۋەرلەر تارقىلىشقا باشلىدى. بۇلار ئوقۇتقۇچىلارغا قايتىدىن ئۈمىد ئېلىپ كەلگەنىدى. مائارىپ خىزمىتىدىن پۈتۈنلەي رايى قايتقان ئوقۇتقۇچىلار قايتىدىن جانلىنىپ ئوقۇتۇش خىزمىتىگە كىرىشىپ كەتتى، 1949 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ ساداسى شىنجاڭغا يېتىپ كەلدى. 1949 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. بۇنىڭدىن مەن، ئاكام ۋە ئائىلىمىز، مەكتەپداشلار چەكسىز خۇشاللاندۇق. شۇنىڭدىن باشلاپ مەنمۇ يېڭى مائارىپقا رەسمىي قەدەم قويدۇم.

1950 ـ يىلى مەكتەپلەر تەرتىپكە سېلىنىدى، ئوقۇتقۇچىلار تۇراقلاشتۇرۇلدى. ھۆكۈمەت تەرىپىدىن مۇقىم مائاش

ئارقىتىلىپ، تەمىناتىمىز كاپالەتلەندۈرۈلدى. كەڭ جەمئىيەت ئەھلىنىڭ مائارىپقا بولغان ئۈمىد - ئىشەنچى تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئاشتى. قىسقىسى، شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرى يېڭى يولغا يېڭى قىياپەت بىلەن قەدەم تاشلىدى. ئوقۇتقۇچىلار ئاممىسى بىر تەرەپتىن، ئوقۇ - ئوقۇتۇش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ئالغا سىلجىتسا، يەنە بىر تەرەپتىن، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئىشلىرىغا يەنى ئىجارە كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتى قاتارلىق خىزمەتلەرگىمۇ پائال قاتناشتى. ئازادلىقتىن بۇرۇن، مائارىپ ساھەسىدە تېنىم تاپماي ئىشلىگەن بولسامۇ، لېكىن ئۇنى چۈشەنمەيدىغان، ئۇنىڭ قەدرىگە يەتمەيدىغان ئادەملەر، بولۇپمۇ ھۆكۈمەت خىزمىتىنى ئىشلەيدىغانلاردىن چۈشىنىدىغانلار ناھايىتى ئاز ئىدى. خىيانەتچىلىك، چىرىكلىك، تەييارتاپلىق قاپلاپ كەتكەن ئاشۇ جەمئىيەتتە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئويلايدىغىنى شەخسىي مەنپەئەت ئىدى. كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى بولسا، ھەقىقەتەن بىز ئويلىغاندەك، ئالدى بىلەن مائارىپنى قوللىدى، مائارىپچىلارغا كۆڭۈل بۆلدى، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ياخشىلىدى. مەن بىللە ئىشلەۋاتقان نۇرغۇن كەسپداشلىرىم خىزمەتنىڭ ئېھتىياجى ھەم ئۆزىنىڭ تەلىپى بويىچە، باشقا يۇقىرى ئورۇنلارغا يۆتكىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، مەن ئۆز يېزىمىزغا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغانلىقىم، يۇرتداشلىرىمنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرۈشكە چىن دىلىمدىن نىيەت قىلغانلىقىم ئۈچۈن، ئىنتايىن جاپالىق ئاساسىي قاتلام مائارىپ خىزمىتىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلدىم. 1953 - يىلى رايون بويىچە ئىلغار ئوقۇتقۇچى بولۇپ باھالىنىپ، بىر يىل يەر ئىسلاھاتى، ئىجارە كېمەيتىش خىزمەتلىرىگە قاتناشتىم. 1954 - يىلى قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسى بويىچە ئىلغار ئوقۇتقۇچى بولۇپ باھا-



لىنىپ، تەقدىرنامە ۋە مۇكاپاتلار بىلەن مۇكاپاتلاندىم. 1955 - ۋە 1956 - يىللىرى قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە، 1956 - ۋە 1957 - يىللىرى يەنە كونا شەھەر ناھىيىسى بويىچە ئىلغار ئوقۇتقۇچى بولۇپ تەقدىرلەندىم ۋە مۇكاپاتلاندىم. 1957 - يىلى 7 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئېچىلغان مائارىپچىلار يىغىنىغا قەشقەر ۋىلايىتىدىن ئىلغارلار قاتارىدا ۋەكىل بولۇپ قاتناشتىم ۋە شۇ يىغىندا «سىنىپ باشقۇرۇشتىكى تەجرىبىلىرىم» دېگەن تېمىدا سۆزلەپ، يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ مەلۇم دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدىم. بۇ يىغىنغا قاتناشقانلىقىم مېنىڭ مائارىپ ھاياتىمدىكى خۇشاللىنارلىق چوڭ ئىش ئىدى. مەن ئۆز ئەمەلىيىتىمدە، كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى مائارىپ بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ ئىنتايىن شەرەپلىك ئىكەنلىكىنى، بۇ خىزمەتنىڭ خەلق ھۆكۈمىتى ۋە كەڭ ئامما ئالدىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىكەنلىكىنى، كونا جەمئىيەتتىكى مائارىپچىلارنىڭ ئورنى بىلەن يېڭى جەمئىيەتتىكى مائارىپچىلارنىڭ ئورنىدا ئاسمان - زېمىن پەرق بارلىقىنى تولۇق تونۇپ يەتتىم.

ئاپەتلىك «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئازا ئەۋجىگە چىققان يىللاردا، باشقا ئورۇنلاردىكىگە ئوخشاش، يېزىمىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرىمۇ نابۇت بولۇش گىرداۋىغا بېرىپ قالدى. مەن كونا جەمئىيەتتىمۇ خىزمەت قىلغانلىقىم ئۈچۈن، باشقا «كونىلار» بىلەن بىر قاتاردا ئىنقىلابنىڭ كۈرەش ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ، بىر مەزگىل ئوقۇتۇش سېپىدىن چەتلەشتۈرۈلۈپ، كۈرەش قىلىندىم، كوچىمۇ - كوچا، ھەتتا قەشقەر شەھەر كوچىلىرىدا سازايى قىلىندىم؛ زىيالىيلارنى قارىلايدىغان شوئارلار يېزىلغان ئاق ئۇزۇن خالاتنى ئالدى - ئارقامغا كىيىپ، بىر قانچە ئايلارنى ئۆتكۈزدۈم. مەن قاتتىق ئازابلاندىم. لېكىن، ماڭا رو-

ھسي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردىن بولۇۋاتقان ئېغىر بېسىم مېنىڭ مائارىپ بىلەن شۇغۇللىنىش ئىرادەمنى قىلچە ئاجىزلاشتۇرالمىدى. ھامان بىر كۈنى ئاقلىنىپ، ئوقۇتۇش سېپىگە قايتىپ كېلىدىغانلىقىمغا ئىشەنچ قىلاتتىم. قۇرۇق ئاكتىپلار قۇرۇق شوئارنى قاتتىق توۋلاپ، تېرە تاراقشىتىپ، بىزدەك پېشقەدەملەرنى ئەدەپلەش كويىدا يۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن كۆپچىلىك ئامما ۋە يۇرتداشلار بىزگە چوڭقۇر خەيرخاھلىق كۆرسىتىپ، يوشۇرۇن ھالدا بىزدىن ئەھۋال سوراپ، ئازابلانغان كۆڭلىمىزگە تەسەللىي بېرىپ تۇردى. مەن ئۇلارنىڭ مۇنداق ئادەمگەرچىلىكى ۋە ئالىيجاناب پەزىلىتىدىن ئىنتايىن مەمنۇن بولۇپ، كەلگۈسىگە تېخىمۇ زور ئىشەنچ باغلىدىم.

تاڭ سۈزۈلۈپ، ئۈمىد نۇرىدىن بېشارەت بېرىدىغان زامانلارمۇ كېلىپ قالدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئۇجۇقتۇرۇلۇپ، مائارىپ ئىشلىرى ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. تەشكىل مېنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىمنى نەزەرگە ئېلىپ، ئوقۇتۇش سېپىگە قايتۇرۇپ كەلدى ۋە قازىرىق باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ پوچا كەنتىدىكى شۆبە مەكتىپىگە ئىلمىي مۇدىر قىلىپ بەلگىلىدى. بۇ كەنتنىڭ مائارىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، جانلاندۇرۇش ئۈچۈن، يۈرەك قېنىمنى سەرپ قىلىپ، تىرىشىپ ئىشلىدىم. بۇ جەرياندا يېزا ۋە ناھىيە دەرىجىلىك مائارىپ ئورۇنلىرى تەرىپىدىن بەش قېتىم ئىلغار ئوقۇتقۇچى بولۇپ باھالاندىم ۋە مۇكاپات بىلەن تەقدىرلەندىم. 1980 - يىلى 6 - ئايدا شەرەپ بىلەن پېنسىيىگە چىقتىم. مەن ئۆزۈمنىڭ ئۆمۈر بويى مائارىپ بىلەن شۇغۇللانغان ھاياتىمنى ئەسلىسەم، قىلغان ئىشلىرىمنىڭ نەتىجىلىك بولغانلىقىنى، ئۆمرۈمنىڭ تولىمۇ مەنىلىك ئۆتكەنلىكىنى ھېس قىلىمەن.

(ئاپتورى: قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى قازىرىق كەنتىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئى. ئەسقەرى



# پېشقەدەم تەرجىمان مەھمۇتجان ئىلھامجانوپ توغرىسىدا ئەسلىمە

ئىسمايىل ئەسقەرى

مەھمۇتجان ئىلھامجانوپ (خەنزۇچە ئىسمى 易包德 يى باۋدې) شىنجاڭنىڭ مائارىپ ۋە نەشرىياتچىلىق خىزمىتىگە، بولۇپمۇ تەھرىر - تەرجىمانلىق خىزمىتىگە زور ھەسسە قوشقان تەرەققىيپەرۋەر كىشى ئىدى.

مەرھۇم مەھمۇتجان ئاكىنىڭ ئاتىسى تاشكەنتلىك ئىمىنجان، ئۇنىڭ ئاتىسى ئىلھامجان بولۇپ، ئىمىنجان 1880 - يىللاردا تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىش سەۋەبى بىلەن تاشكەنتتىن چۆچەككە كۆچۈپ كەلگەن، ئۇنىڭ تىجارىتى ناھايىتى راۋاج تاپقاچقا، ئۇزاق ئۆتمەيلا «ئىمىنجانباي» دەپ ئاتالغان. مەھمۇتجان ئاكا 1906 - يىلى 8 - ئايدا ئەنە شۇ باي ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ، ئىمىنجانباينىڭ 4 - ئوغلى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاكىلىرى ئاتىسىنىڭ كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان بولسىمۇ، ئەمما مەھمۇتجان ئاكا ئۆزىنىڭ ئارزۇسى ۋە ئاتىسىنىڭ خاھىشىغا ئاساسەن ئوقۇش بىلەن شۇغۇللانغان. ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە چۆچەكتىكى تاتار

تىلى باشلانغۇچ مەكتەپىدە ئوقۇغان؛ ئۇنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۈرۈمچىگە كېلىپ، خەنزۇچە ئوتتۇرا مەكتەپتە يەنى شۇ زاماندىكى «شاۋتاڭ» دا ئوقۇغان (بۇ «شاۋتاڭ» نىڭ ئورنى ئۈرۈمچىنىڭ بېيىمىڭ مەھەللىسىدىكى ھازىرقى 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىدى). ئۇنىڭ خەنزۇچە ئىسمى شۇ مەكتەپتە قويۇلغان. 1920 - يىللىرى ئۇنىڭ ئاتىسى ئىمىنجانباي تۇغقانلىرى بىلەن بىللە ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ كېلىپ، ئۈرۈمچىنىڭ نەنلياڭ مەھەللىسىدە «دېشىڭ ياڭخاڭ» ناملىق سودا فېرمىسى قۇرۇپ، روسىيە بىلەن بىۋاستە سودا ئالاقىسى قىلغان (1928 - يىلى ۋاپات بولغان).

مەھمۇتجان ئىلھامجانوپ خەنزۇچە ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، 1929 - يىلدىن 1932 - يىلغىچە ئۈرۈمچىدىكى بىردىنبىر ئالىي مەكتەپ — «رۇس تىلى قانۇن - سىياسىي مەكتەپى» دە ئوقۇغان. بۇنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئائىلىدە خەنزۇچە، رۇسچە تۈرلۈك كىتابلارنى ئوقۇپ، تىل ۋە پەن جەھەتتىكى بىلىملىرىنى ئاشۇرۇپ بارغان، بولۇپمۇ كونا خەنزۇ ئەدەبىياتى (گۇۋېن) نى خېلى مۇكەممەل ئۆزلەشتۈرگەن. 1932 - يىلى چۆچەككە بېرىپ تۇرمۇش قۇرۇش سەۋەبى بىلەن چۆچەكتە تۇرۇپ قالغان ۋە 1935 - يىلغىچە دۇكان ئېچىپ تىجارەت قىلغان، كېيىن چۆچەك گارنىزون شتابىدا تەرجىمان بولغان. 1936 - يىلدىن 1939 - يىلغىچە «چۆچەك شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، قوشۇمچە تارباغاتاي ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. بۇ جەرياندا، ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ تاپشۇرۇشى بىلەن، دۆلەت شېئىرى «قوزغال!» نى خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تۇنجى قېتىم تەرجىمە قىلغان (بۇنى پېشقەدەم ئەدىپ ئابدۇللا باستى ئۇيغۇرچە شېئىر شەكلىگە كەلتۈرۈپ



بەرگەن). 1939 - يىلى ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېلىنىپ، 1940 - يىلغىچە شىنجاڭ مەدەنىيەت جەمئىيىتى تەھرىر - تەرجىمە بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان، بۇ جەرياندا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكلىرىنى تۈزۈشكە يېتەكچىلىك قىلغان؛ سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنىپ كەلگەن كىتاب - ژۇرناللارنىڭ بەزى ماقالىلىرىنى رۇسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ ۋە براشۇرا شەكلىدە نەشر قىلدۇرۇپ، خەلقنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە مەلۇم ھەسسە قوشقان؛ بىر مەزگىل شۇ جەمئىيەتنىڭ باشلىقى ماۋدۇن ئەپەندىگە مەخسۇس تەرجىمان بولغان. 1941 - يىلى مىلىتارىست شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، 1943 - يىلغىچە تۈرمىدە ياتقان. شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ئۇنى تۈرمىدە جىسمانىي ئەمگەكلەرگە سالغاندىن تاشقىرى، نەزەربەنت ئاستىدا پات - پات «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىگە ئېلىپ بېرىپ، تەرجىمە قىلىنغان ماقالىلەرنى تەكشۈرۈتكۈزگەن؛ زۆرۈر تېپىلغاندا شېڭ شىسەينىڭ ئېغىز تەرجىمانلىقىغىمۇ سالغان. 1943 - يىلى شىنجاڭغا گومىنداڭ كەلگەندىن كېيىن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۇنى تۈرمىدىن بوشىتىپ، مەجبۇرى ھالدا «جۇڭشۇنتۇەن (مەركىزىي تەلىم - تەربىيە ئۆمىكى) نىڭ شىنجاڭ شۆبىسى» گە پولكوۋنىك دەرىجىلىك تەرجىمە بۆلۈم باشلىقى قىلىپ تەيىنلىگەن. ئىلھامجانوپ ئۇ يەردە 1945 - يىلغىچە ئىشلەپ، يازما دەرسلىكلەرنىڭ تەرجىمە - تەھرىرلىك خىزمىتىگە مەسئۇل بولغان. شۇ جەرياندا، جۇڭگونىڭ چەت ئەللەر بىلەن تۈزگەن تەڭسىز شەرتنامىلىرىنىڭ بىكار قىلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن «ماقالە يېزىش مۇسابىقىسى» دا بىرىنچىلىكنى ئالغان.

مەھمۇتجان ئىلھامجانوپ 1945 - يىلى ئايالى ئاغرىپ

قالغانلىقى سەۋەبى بىلەن رۇخسەت سوراپ چۆچەككە كېتىپ، ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلمىگەن؛ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي هۆكۈمىتىنىڭ تەيىنلىشى بىلەن، 1946 - يىلغىچە تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ كادىرلار بۆلۈم باشلىقى بولغان. 1946 - يىلىنىڭ بېشىدا ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن بىللە ئۈرۈمچىگە كەلگەندە، گومىنداڭ هۆكۈمىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت هۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئاخىرقى سۆھبەتلەردە ئەخمەتجان قاسىمىغا تەرجىمانلىق قىلغان. شۇ كۈنلەردە، گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمى ئۇنىڭغا: «بىز سىزنى سىڭداكىبۇ (ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمى) نىڭ هەيئەت ئەزالىقىغا كىرگۈزگەن، جۇغلىشىپ قالغان بىر نەچچە ئايلىق مائاشىڭىز بار. بىراق، بۇ پۇلنى ئۈرۈمچىدە قىلىپ سىڭداكىبۇدا ۋەزىپە ئۆتىسىڭىز ئاندىن ئالالايسىز» دېگەندە، ئىلھامجانوپ: «ئۈرۈمچىدە قالالمايمەن، پۇلنىمۇ ئالمايمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن ۋە كېيىن ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن بىللە غۇلجىغا قايتىپ كەتكەن. 1946 - يىلىنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن 1948 - يىلغىچە تارباغاتاي ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋە باشلىقى بولغان؛ 1949 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە دېموكراتىيىنى هىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» تارباغاتاي ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ تەشكىلات بۆلۈم باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. بۇ جەرياندا ئۇ، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ جۈملىدىن تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا مەلۇم هەسسە قوشقان؛ ئۈچ ۋىلايەت هۆكۈمىتىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نىزامنامىسىنى ۋە باشقا مۇھىم هۆججەتلەرنى تۇنجى قېتىم ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان؛ چۆچەكتىكى سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانى-



سىنىڭ تەلىپى بويىچە، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ شىنخۇا ئاگېنتلىقىدىن ئاڭلىتىلغان كۈندىلىك خەۋەرلىرىنى رادىئودىن خاتىرىلىۋېلىپ، ئۇلارغا تەرجىمە قىلىپ بېرىپ تۇرغان. ئۇنىڭ بۇ ئەمگىكى ئۈچۈن كونسۇلخانا ئۇنىڭغا بىر نەچچە قېتىم مۇكاپات بەرگەن ۋە ئارىيەتكە ئىشلىتىپ تۇرۇۋاتقان چوڭ بىر سوۋېت رادىئو پرىيومنىكىنىمۇ مۇكاپات قىلىپ بەرگەن.

مەھمۇتجان ئىلھامجانوپ 1950 - يىلى ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېلىنىپ، 1951 - يىلغىچە ئۆلكىلىك خەلق هۆكۈمىتى قارمىقىدىكى مەدەنىيەت - مائارىپ هەيئىتىنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە مەزكۇر هەيئەتنىڭ تەلىپ - تەرجىمە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ بۇ باشقارمىدا، ماۋزېدوڭ ۋە ليۇ شاۋچى ئەسەرلىرىنىڭ ئايرىم بىراشۇرىلىرى، پارتىيە ۋە هۆكۈمەتنىڭ سىياسەت ۋە ئەمىر - پەرمانلىرى توپلىمى، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تارىخى»، «جۇڭگو خەلق ئىنقىلابىي ئۇرۇشىنىڭ تارىخى»، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مىللىي ئۇرۇشتا تۇتقان ئورنى»، «جۇڭگو ئىنقىلابىي ئۇرۇشىنىڭ ستراتېگىيە مەسىلىسى»، «جۇڭگو ئىنقىلابى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى»، «يېڭى دېموكراتىزم هەققىدە» قاتارلىق 36 خىل كىتابنى ۋە يەنە بەش خىل دەرسلىك كىتابنى ئۇيغۇر، قازاق تىللىرىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلغان، هەتتا بۇ كىتابلارنىڭ بەزى تەرجىمىلىرىنى ئۆز قولى بىلەن تەكشۈرۈپ بەرگەن. 1951 - يىلى 3 - ئايدا مەزكۇر تەلىپ - تەرجىمە باشقارمىسى ئاساسىدا «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» قۇرۇلۇپ، نەشرىياتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەندىن كېيىن، تەلىپ - تەرجىمە باشقارمىسىدىن

يۈتكەپ كېلىنگەن غوللۇق كۆچلەر — ئىمىن تۇرسۇن، ئىبراھىم ئەخمىدى، پەيزۇللا راخمانى، ئەبەيدۇللا باسىتى، جامالىددىن مۇھەممىدى، باھار رەھىمى، خوجا قاپان قاتارلىق تالانتلىق تەھرىر - تەرجىمانلارنى تاپانچ قىلىپ تۇرۇپ، خەلق نەشرىياتىنىڭ ئۇيغۇر - قازاق تىللىرىدا كىتاب نەشر قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۇتۇقلۇق ئورۇندىغاندىن تاشقىرى، ياش تەھرىر - تەرجىمانلارنى كەسپتە پىششىق قىلىپ يېتىلدۈرۈش، نەشرىياتنىڭ تەھرىر - تەرجىمە قوشۇنىنى ئۇلغايتىش، جەمئىيەتنىڭ تەھرىر - تەرجىمە كۆچلىرىگىمۇ تايىنىپ تەھرىر - تەرجىمە خىزمىتىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش جەھەتلەردە مەلۇم تۆھپە ياراتقان. مەسىلەن، 1957 - يىلى 7 - ئايدا نەشرىياتتا تەھرىر - تەرجىمانلارنىڭ قىسقا مۇددەتلىك كەسپىي ئۆگىنىش كۇرسىنى ئاچقان. بۇ كۇرسقا نەشرىياتنىڭ ۋە باشقا مەتبۇئات ئورۇنلىرىدىكى ياش تەھرىر - تەرجىمانلاردىن 30 نەچچە كىشى قاتناشقان؛ كۇرسىنىڭ ئۆگىنىش ۋاقتى ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم يېرىم كۈندىن بولۇپ، بۇنى ئىمىن تۇرسۇن باشقۇرغان. كۇرستا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تىل مۇتەخەسسىسى تۇرسۇن رەخىموپ ئۇيغۇر تىلى قائىدىسىدىن دەرىس بەرگەن، ئىمىن تۇرسۇن تەھرىرلىك تېخنىكىسى توغرىسىدا، توختى باقى تەرجىمە تەجرىبىلىرى توغرىسىدا دەرس بەرگەن، مەھمۇتجان ئىلھامجانوپ «خەنزۇچە ئىدىئوم ۋە ماقال - تەمسىللەرنى قانداق تەرجىمە قىلىش ھەققىدە» دەرىس بەرگەن ۋە كۇرسنىڭ ھەر قېتىملىق ئۆگىنىشىگە قاتنىشىپ تۇرغان. بۇ كۇرس ئىككى ئايدىن ئارتۇق داۋاملىشىپ، كۇرسانتلارنى ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تىللىرىنىڭ گىراماتىكىلىق قائىدىلىرى، تەھرىرلىك ۋە تەرجىمە تېخنىكىسى توغرىسىدا مەلۇم بىلىمگە



ئىگە قىلغان. كۇرس تۈگىگەندىن كېيىن، يەنە مەھمۇتجان ئىلھامجانوپنىڭ تەشەببۇسى بىلەن، كۇرستا ئۆتۈلگەن دەرسلەر (لېكسىيىلەر) خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن «تەرجىمە ئىشلىرىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر» دېگەن نامدا مەخسۇس كىتاب قىلىپ نەشر قىلىنىپ، شىنجاڭ بويىچە كەڭ تارقىتىلغان. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى يېڭى قۇرۇلغان مەزگىلدە، ئىلھامجانوپ بەزى كىتابلارنىڭ تەرجىمىسىنى ئۆز قولى بىلەن تەكشۈرۈپ تۈزىتىپ بەرگەن. 1960 - يىلدىن ئىلگىرى يەنى شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى قۇرۇلماستا، باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىك كىتابلىرىنى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلاتتى. مەھمۇتجان ئاكا بۇ دەرسلىك كىتابلارنى ۋاقتىدا نەشر قىلىپ مەكتەپلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش جەھەتتىمۇ زور رول ئوينىغان.

ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغان بىر ئىش شۇكى، 1954 - يىلى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكلىرىنى تۈزۈش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن تىل مۇتەخەسسىسلىرى تەكلىپ قىلىنغانىدى. ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەي، «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» نىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنى نەشر قىلىش ۋەزىپىسى سۆزسىز ئۇيغۇر تىلىدىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندا، ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىق تارىخىدا تۇنجى قېتىم بولۇۋاتقان بۇ زور ئىشنى ياخشى ئورۇنلاش ئۈچۈن، سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرى بۇ ئىشقا ياردەملىشىشكە تەكلىپ قىلىنغان، ئىش رەسمىي باشلانغاندا، مۇتەخەسسىسلەر باشلىقى ئىرسانوپ «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» نى تەرجىمە قىلىشتا رۇسچە نۇسخىسىنى ئاساس قىلىشنى قۇۋۋەتلىگەن، مەھمۇتجان ئىلھامجانوپ بولسا خەنزۇچە نۇسخىسىنى ئاساس قىلىشنى قۇۋۋەتلىگەن. نەتىجىدە، ئوتتۇرىدا جىددىي تالاش - تارتىشلار

بولغان. ئالاقىدار كىشىلەر بىلەن ئېلىپ بېرىلغان مۇزاكىرىلەردىن كېيىن، ئاخىر رۇسچە نۇسخىسى ئاساس قىلىنىدىغان بولغاندا، مەھمۇتجان ئىلھامجانوپ چوڭ بىر دەپتەر تەييارلاپ، تەرجىمىدە مەنىسى تازا توغرا بولماي قالغان جۈملىلەرنىڭ ئەسلى خەنزۇچىسى، رۇسچىدىن ئۇيغۇرچىغا قىلىنغان تەرجىمىسى، ئۇيغۇرچە توغرا تەرجىمىسى، توغرا بولماي قالغان سۆز - ئىبارىلىرىنى بىر - بىرلەپ خاتىرىلەپ ماڭغان. ئۇ، بۇ خاتىرىنى 1 - توم تەرجىمە قىلىنىپ بولغانغا قەدەر قەتئىي داۋاملاشتۇرغان ۋە شۇ چاغدىن تارتىپ كۆپ يىللار قەدىرلەپ ساقلاپ كەلگەن (1 - تومنىڭ تەرجىمىسى پۈتۈپ نەشر قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، قالغان توملارنى تەرجىمە قىلىش ۋاقتىنچە توختىتىپ قويۇلغان). 1960 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» نىڭ تەرجىمىسىنى نەشر قىلىش ئىشى قايتا قولغا ئېلىنغاندا، مەھمۇتجان ئىلھامجانوپ ئۇ خاتىرىنى نەشرىياتتىكى تەرجىمە ئەھلىگە كۆرسەتكەنىدى. ئەمما، ھەممە ساھەگە بالايىئاپەت كەلتۈرگەن 10 يىللىق قالايمىقانچىلىق جەريانىدا بۇ خاتىرىمۇ يوقىلىپ كەتكەن. 1961 - يىلى 1 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ تەشۋىقات بۆلۈمى «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» نى ئۇيغۇر، قازاق تىللىرىدا نەشر قىلىش ئىشىنى قايتىدىن رەسمىي ئۇيۇشتۇرۇپ، بۇنىڭغا مەخسۇس ئورگان يەنى «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» نى تەرجىمە ۋە نەشر قىلىش ھەيئىتى قۇرغان ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدا ئۇيغۇر، قازاق تەرجىمە گۇرۇپپىلىرى تەشكىل قىلىشنى قارار قىلىپ، ئۇيغۇر گۇرۇپپىسىغا ئادەم تېپىشنى مەھمۇتجان ئاكىغا تاپشۇرغانىدى. مەھمۇتجان ئاكىنىڭ تەرەپ - تەرەپلەرگە قاتراپ ئۇققۇشۇپ، تېگىشلىك ئورۇنلار بىلەن سۆزلىشىشى نەتىجىسىدە



ئۇيغۇر گۇرۇپپىسىغا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومدىن باھار رەھىمى، رەجەپ خېلىل، شىنجاڭ داشۆدىن جامالىددىن مۇھەممەدى، «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدىن ئىسمائىل ئەسقەرى، مائارىپ نازارىتىدىن مەھمۇتجان قاسىم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىدىن سېلىمجان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدىن زەينەپ نىياز، ساۋۇت ئۆمەر قاتارلىق يولداشلار يۆتكەپ كېلىنىدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بۇ گۇرۇپپىغا «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» نى تەرجىمە ۋە نەشر قىلىش ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، پارتكوم بەنگۇڭتىڭى (ئىش بېجىرىش ئورگىنى) نىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئابدۇسالام ئابباسوۋنى قوشۇمچە گۇرۇپپا باشلىقى، مەھمۇتجان ئىلھامجانوپنى قوشۇمچە مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى قىلىپ تەيىنلىدى. بۇ گۇرۇپپا 1961 - يىلىنىڭ بېشىدىن 1965 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بەش يىل تىرىشىپ ئىشلەپ، «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» نىڭ ئاۋۋال 4 - ۋە 3 - توملىرىنى، ئاندىن 2 - ۋە 1 - توملىرىنى تەرجىمە قىلىپ ياكى ئۇلارنىڭ ئىلگىرىكى تەرجىمىلىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىپ، مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ ئاخىرقى قېتىم تەكشۈرۈپ نەشر قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بەردى. بۇ گۇرۇپپا 1 - تومنىڭ تەرجىمىسىنى قايتا ئىشلىگەن چاغدا، 1954 - يىلى سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن رۇسچە نۇسخىسى ئاساسىدا تەرجىمە قىلىنغان ئۇيغۇرچە نۇسخىسىدا ھەقىقەتەن مەسىلە بارلىقىنى، بەلكى مەھمۇتجان ئىلھامجانوپ شۇ يىللاردا يازغان خاتىرىدىكىدىنمۇ ئېغىر ۋە جىق مەسىلىلەر بارلىقىنى بىلدى. ھەممىمىز ئىلھامجانوپنىڭ ئەينى ۋاقىتتا بۇ مەسىلىلەرنى زېرىكمەي خاتىرىلەپ، ئەستايىدىل رەتلەپ چىققانلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇدۇق.

مەھمۇتجان ئىلھامجانوۋپ تەرجىمىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ۋە تەرجىمىنى تىل قائىدىسىگە مۇۋاپىق ئىلمىي ئىزغا سېلىش ئۈچۈن، تەرجىمە كەسپىنى قورال كىتاب بىلەن تەمىنلەشنى زۆرۈر ئىش دەپ ھېسابلايتتى. شۇڭا ئۇ، رەھبەرلىككە ئىلتىماس قىلىپ، 1961 - يىل 3 - ئايدا خەلق نەشرىياتىدا لۇغەت گۇرۇپپىسى قۇردى. بۇ گۇرۇپپىغا كېرەكلىك خادىملارنى ھەل قىلىشتىمۇ، مەھمۇتجان ئىلھامجانوۋپنىڭ ئالاقىدار ئورۇنلارغا قاتراپ، تەكرار - تەكرار سۆزلىشىشى نەتىجىسىدە، پېشقەدەم تەھرىر - تەرجىمانلاردىن ئىمىن تۇرسۇن، پەيزۇللا راخمانى، ئابدۇباقى ئابباس، ئىبراھىم ئۆمەر، مەھەممەت رېھىم كېرىمى قاتارلىقلار يۆتكەپ كېلىندى. گۇرۇپپا باشلىقلىقىغا ئىمىن تۇرسۇن تەيىنلەندى. شۇنىڭ بىلەن، نەشرىياتچىلىق ساھەسىدە كەم بولۇۋاتقان لۇغەتچىلىك كەسپى بارلىققا كېلىپ، جەمئىيەتكە كېرەكلىك تۈرلۈك لۇغەتلەرنى تۈزۈش ئىشى تەشكىللىك كاپالەتكە ئېرىشتى. بۇ گۇرۇپپا دەسلەپ قىلىپ «خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە قىسقىچە لۇغەت» نى تۈزۈشكە كىرىشكەندە، مەھمۇتجان ئىلھامجانوۋپ ئۆزىنىڭ ئۇزاق يىللار ئەجىر سىڭدۈرۈپ توپلىغان سۆزلۈكلەر كارتوچكىلىرىنى لۇغەت گۇرۇپپىسىغا تاپشۇرۇپ بەردى. لۇغەت گۇرۇپپىسى بۇ كارتوچكىلارنىڭ كەم جايلىرىنى تولۇقلاپ، «خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە قىسقىچە لۇغەت» نى نەشر قىلدى. بۇ لۇغەت 36 فورماتلىق ئاددىي لۇغەت بولسىمۇ، ئازادلىقتىن كېيىن شىنجاڭدا نەشر قىلىنغان تۇنجى لۇغەت ھېسابلىناتتى. شۇڭا، بۇ لۇغەت كېيىنكى ۋاقىتلاردا چوڭ فورماتلىق «خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە لۇغەت» ۋە «ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە لۇغەت» لەرنىڭ تۈزۈلۈشىگە ئاساس يارىتىپ بەردى. لۇغەت گۇرۇپپىسى يەنە



باشقا لۇغەتلەر (جۇملىدىن يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى لۇغىتى) نىڭ كارتوچكىلىرىنى شۇ ۋاقىتلاردىلا تەييارلاپ بولغانىدى. 1966 - يىلى باشلانغان 10 يىللىق قالايمىقانچىلىق بۇ گۇرۇپپىنى ۋە ئۇنىڭ بىرنەچچە يىللىق ئەمگىكىنى (كارتوچكىلىرىنى) ۋەيران قىلىپ، چوڭ فورماتلىق لۇغەتلەرنىڭ نەشر قىلىنىشىغا توسقۇن بولدى (چوڭ فورماتلىق لۇغەتلەر 1972 - يىلى خەلق نەشرىياتىدا لۇغەت بۆلۈمى قۇرۇلغاندىن كېيىنلا نەشر قىلىنىشقا باشلىدى).

مەھمۇتجان ئىلھامجانوۋپ قول ئاستىدىكى خادىملارنىڭ كەسپىي جەھەتتىن ئۆسۈشىگىلا غەمخورلۇق قىلىپ قالماي، تۇرمۇش جەھەتتىن خاتىرجەم بولۇشىغىمۇ غەمخورلۇق قىلىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى قىيىنچىلىقلار ۋە باشقا مەسىلىلەرنىڭ ۋاقتىدا ھەل قىلىنىشىغا كۆڭۈل بۆلەتتى. ئىلھامجانوۋپ ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئەزاسى ئىدى. ئۇ، سىياسىي كېڭەشنىڭ مەجلىسلىرىدە پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا خىزمەت توغرىسىدا پىكىر ۋە تەكلىپلەر بەرگەندە، تەرجىمانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى ئۆستۈرۈش ۋە تەرجىمە خىزمىتىنىڭ ساپاسىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، تەرجىمانلار جەمئىيىتى تەسىس قىلىش، تەرجىمانلىق كەسپى بويىچە بىر ئىلمىي ژۇرنال چىقىرىش، تەرجىمانلارغا ئىلمىي ئۇنۋان بېرىش قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدىمۇ مۇۋاپىق تەكلىپلەرنى بەرگەنىدى. بۇ تەكلىپلەر ئۆز ۋاقتىدىكى شەرت - شارائىت سەۋەبىدىن ئەمەلگە ئاشمىغان بولسىمۇ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا تولۇق ئەمەلگە ئاشتى.

دېمەك، شىنجاڭنىڭ تۇنجى تۈركۈمدىكى پېشقەدەم زىيالىيلىرىدىن ھېسابلانغان مەھمۇتجان ئىلھامجانوۋپ پۈتۈن ئۆمرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت - مائا-

رىپ ۋە نەشرىياتچىلىق خىزمىتىگە، بولۇپمۇ تەھرىر - تەرجىمانلىق كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇشقا سەرپ قىلىپ، نۇرغۇن ئەمگەك سىڭدۈردى ۋە ئۆچمەس تۆھپىلەر ياراتتى. ئۇ، 1978 - يىل 9 - ئايدا بەختكە قارشى كېسەل سەۋەبى بىلەن 72 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنى ئەسلىگىنىمىزدە، ئۇنىڭ خىزمەتنى جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەيدىغان پىداكارلىق روھى ۋە ياش ئەۋلادلارنى يېتىشتۈرۈشكە كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىسىل پەزىلىتى كۆز ئالدىمىزدىن بىر - بىرلەپ ئۆتىدۇ.

× × ×

بۇ ئەسلىمىنى يېزىشتا، مەرھۇمنىڭ ئۆز قولى بىلەن يېزىپ قالدۇرغان تەرجىمىھالىدىن باشقا، ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرىدىن ئەنۋەرخان بابا، باھار رەھىمى، ئىمىن تۇرسۇن، توختى باقى، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا، جاۋ نەيچىڭ، سېلىمجان قاتارلىق يولداشلار بەزى مۇھىم ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى. بۇ يولداشلارغا قىزغىن رەھمەت ئېيتىمەن.

(ئاپتورى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى



# سابىق مۇئاۋىن رەئىس، گېنېرال مايور - مەھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ

شېرىپ خۇشتار

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى، گېنېرال مايور مەھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ 1915 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئاتۇش ناھىيىسىدە ھاللىق دېھقان شاھ ھاجىم ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى شاھ ھاجىم ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا جامائەتكە تونۇلغان تەرەققىيپەرۋەر سودىگەر بولۇپ، چارروسىيە زامانىدىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى چوڭ - كىچىك شەھەرلىرىدە سودا - تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان، ھەتتا كېيىنكى دەۋرلەردە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوش، ئەنجان، پىشكەك، قاراقول قاتارلىق جايلىرىدا ئۆي - جاي، سودا - سارايلار تەسىس قىلغان. ھەج تاۋاپ قىلىش يۈزىسىدىن ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا شەرق بازارلىرىنى ساياھەت قىلغان.

شاھ ھاجىم ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، ئەمدى ئىككى ياشقا كىرگەن ئوغلى مەھەممەتئىمىننى قارا قولغا ئېلىپ چىقىدۇ. كىچىك مەھەممەتئىمىن ئائىلە تەربىيىسىنى ئالغاندىن

گېيىن، يەرگەنتتىكى بىر پەننىي باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇپ، خەت ساۋادىنى چىقىرىدۇ. ئۇ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغاندىن باشلاپ رۇس تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىشكە كىرىشىدۇ ۋە خېلى ئوبدان نەتىجىگە ئېرىشىدۇ.

30 - يىللار شىنجاڭدا تارىخىي خاراكتېرلىك سىياسىي ئۆزگىرىشلەر (مەسىلەن: «قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى»، «12 - ئاپرېل ئۆزگىرىشى») بولغان ۋە بۇ سىياسىي ئۆزگىرىشلەرگە ماسلىشىپ، بىر خىل يېڭىلىق پىكىر ئېقىمى، مەدەنىيەت ھەرىكىتى ۋۇجۇدقا كەلگەن دەۋر ئىدى. شۇ ۋاقىتتىكى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى ۋە ئېھتىياجى، شۇنىڭدەك تارىخىي تەرەققىياتنىڭ تەلىپى بويىچە، ئۇزۇن يىللار چەت ئەللەردە سودا - تىجارەت بىلەن ياكى ئوقۇش ۋە باشقا كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللانغان، ۋەتەن ۋە مىللەتنى سۆيىدىغان تەرەققىيپەرۋەر زاتلار ۋەتەنگە قايتىپ كېلىدۇ.

شاھ ھاجىم ئاشۇ يىللاردا ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ، بىر مەزگىل ئىلىدىكى تۇغقانلىرى بىلەن بىرگە تۇرغاندىن كېيىن، سودا بازىرى ئىزدەپ ئاقسۇ ۋىلايىتىنى تاللايدۇ ھەم ئۇچتۇرپاندىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ يېقىندىن ياردەم بېرىشى بىلەن، ئاقسۇ ۋە ئۇچتۇرپاننى مال سېتىۋېلىش ۋە مال تارقىتىش مەركىزى قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سودا دوگۋارى قىلىشنى باشلايدۇ.

بۇ يىللاردا، مەھەممەتئىمىن دادىسى شاھ ھاجىمنىڭ ئۇچتۇرپان ئارقىلىق قارا قولغا چىقىرىدىغان شىنجاڭ يەرلىك ماللىرىنى ئېلىپ چىقىش ۋە تاۋار ماللارنى ئېلىپ كېلىش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇ، مۇشۇ جەرياندا كۆپلىگەن ۋەتەنپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر سودا - سانائەتچىلەر، ئالىملار، ئۆلىمالار بىلەن ئۇچرىشىدۇ ۋە ھەمسۆھبەتتە بولىدۇ. شۇنىڭ



بىلەن، ئۇنىڭدا يېڭى دۇنيا قارىشى تىكلىنىدۇ. «كۆپنى كۆرگەن كۆپنى بىلەر، كۆپ ئاڭلىساڭ قۇلاققا سىڭەر» دېگەندەك، ئۇنىڭ كۆرگىنى، ئاڭلىغان - بىلگىنى بارغانسېرى كۆپىيىدۇ. ئۇ، 1935 - يىلى دادىسى شاھ ھاجىمنىڭ ئاقسۇدا تۇرۇشلۇق سوۋېت سودا ۋەكالەتخانىسى (سو سىن تورگ) بىلەن بولغان سودا توختام ۋە مال ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىدا تەرجىمانلىق قىلىدۇ.

1935 - يىلى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىگىلىك ئىشلىرىغا ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ - دە، ئىككى تەرەپ كېلىشىم ھاسىل قىلىدۇ (1933 - يىلنىڭ ئالدى - ئاخىرىدا شىنجاڭنىڭ پۈتۈن تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 10 نەچچە مىليون مودىن 4 مىليون نەچچە مىڭ موغا، چارۋا مال 4 مىليون نەچچە يۈز مىڭ تۇياقتىن 3 مىليون ئەتراپىغا چۈشۈپ قالغان. تېرىلغۇ يەرلەرنى كۆپەيتىش، ئوتلاقلارنى ئېچىش ئۈچۈن، دېھقانچىلىقنىڭ جان تومۇرى بولغان سۇ مەنبەسىنى تولۇقلاش لازىم بولغانىدى). بۇ كېلىشىمدە، بۇغدا ئېتەكلىرىدىكى ئۇرۇمچى، تۇرپان، پىچان، فۇكاڭ، جىمسار، گۈچۈڭ قاتارلىق جايلاردا ياتقان پايانسىز زېمىنغا بۇغدا كۆلىنىڭ سۈيىنى ئېلىپ چۈشۈپ سۇغىرىش بەلگىلىنىدۇ. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بىر بۆلۈم سۇ ئىشلىرى مۇتەخەسسىسلىرى كېلىپ خىزمەت ئىشلەيدۇ. رۇس ئىنژېنېرى بىلەن ئىشچىلار، كادىرلار ئوتتۇرىسىغا تەرجىمان لازىم بولىدۇ. شۇ چاغدا ياش مەھەممەتئىمىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ سۇ ئىشلىرى بۆلۈمىگە تەرجىمان بولۇپ كېلىدۇ. ئۇ، رۇس ئىنژېنېرلىرى بىلەن بىللە ئىشلەيدۇ ۋە بىرقانچە يىللىق خىزمەت جەريانىدا تەرجىمانلىق قىلىش بىلەن بىللە سۇچىلىق تېخنىكىسىنى مۇكەممەل

ئۆگىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، ئۆلكىلىك قۇرۇلۇش نازارىتى سۇ ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ سۇ ئىشلىرى تېخنىكى ۋە ياردەمچى ئىنژېنېرلىقىغا ئۆستۈرۈلىدۇ.

ئۇ، شۇنىڭدىن باشلاپ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان سۇ قۇرۇلۇشلىرىدا مەسئۇل خادىم بولۇپ ئىشلەيدۇ. 1939 - يىلى شىنجاڭ شۆيۈەن تەسىس قىلىنغان سۇ ئىشلىرى سىنىپىغا ئۆتۈلگەن رۇسچە دەرسنىڭ تەرجىمانلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ؛ خىزمەت جەريانىدا بۇغدا، ئالتاي، مايتاغ، ئاناركۆل، خۇگيەنچى، ساۋەن، ماناس قاتارلىق جايلاردا ياسالغان ۋە رېمونت قىلىنغان سۇ ئامبىرى ياكى سۇ قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىدۇ، كېيىنچە بۇ ئىشلارغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ئۇ، مەيلى قانداق تاغۇ - دەشت ۋە چۆللەردە بولسۇن، خىزمەتنى قېتىرقىنىپ، تىرىشىپ ئىشلەيدۇ؛ بوش ۋاقىتلىرىدا سۇ ئىشلىرىغا ئائىت كەسپىي ئۆگىنىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

مەھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ بۇغدا ۋە ئالتايدىكى سۇ قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا، تۆمۈرچىلەرنىڭ ئازلىقى، بۇ كەسىپنىڭ مۇھىملىقىنى بىلىپ، بوش ۋاقتىدا تۆمۈرچىلەرگە ياردەم بېرىدۇ. بارا - بارا سۇ قۇرۇلۇشىغا لازىملىق تۆمۈر سايمانلارنى ياساش، رېمونت قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى، كېيىنچە يەنە بەزىبىر نازۇك تۆمۈر ئۈسكۈنىلەرنى ياساشنى بىلىۋالىدۇ. ئۇ، باشقا سۇ قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىغا بارغاندا، لازىم نەرسىلەرنى ئالدى بىلەن ئۆزى سوقۇپ ياساپ، ئاندىن ئۇستىلارغا شۇنداق ئىشلەشنى تاپشۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۆز تەرجىمىھالىغا «تۆمۈرچىلىك كەسپىنى بىلىمەن» دەپ يېزىشتا ئاشۇ تۆمۈرچىلىكنى ئاساس قىلغان.

مەھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ ياش ۋاقتىدىن باشلاپ كۆپنى بىلگەن، كۆپنى كۆرگەن ۋە كۆپنى ئاڭلىغانلىقى ئۈچۈن، تۇر-



مۇش ئۇنى ئېغىر - بېسىق، تەمكىن قىلىپ يېتىلدۈرگەن. ئۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كېلىپ ئۆزى بىللە ئىشلىگەن ھەر ساھەدىكى سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن بىرگە بولغان مەزگىلىدە، ئۇلاردىن ماركسىزم - لېنىنىزم ئەسەرلىرىنى ۋە ماركسىزمچە پەلسەپىنى ئۆگىنىپ، ئىنقىلاب يولىنى بىلىشكە باشلايدۇ. نەتىجىدە، ئۇنىڭدا بىرقەدەر يېڭى ئىدىيە ۋە يېڭى قاراش يېتىشىپ چىقىدۇ.

1938 - يىللىرى شىنجاڭ تارىخىدا يەنە بىر تارىخىي ئۆزگىرىش بولغان بولۇپ، بۇ يىللاردا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ پېشقەدەم ئەزالىرى ۋە كوممۇنىزمچىلاردىن تىڭ دەيۈەن، چېڭ يۈن، دېڭ فا، چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ، شىڭ يەنبىڭ (ماۋدۈن)، جاڭ جۇڭشى... قاتارلىق يولداشلار ئارقا - ئارقىدىن شىنجاڭغا كەلگەن. بۇ ئىنقىلابىي پېشقەدەملەر شىنجاڭدەك كەڭ رايونغا ئىنقىلاب ئۇرۇقىنى جۇملىدىن سوتسىيالىستىك يېڭى مەدەنىيەت ئۇرۇقىنى چاچىدۇ. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا يېڭىلىق بارلىققا كېلىدۇ. شۇ ۋاقىتتىكى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى ۋە ئېھتىياجى، شۇنىڭدەك تارىخىي تەرەققىياتنىڭ تەلىپى بويىچە، ئەينى زاماندىكى ۋەتەن ۋە مىللەتنى سۆيىدىغان، سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزم ئىشلىرىنى ھىمايە قىلىپ شۇ يولدا مېڭىشنى ئارزۇ قىلىدىغان تەرەققىيپەرۋەر زاتلار كەلگۈسىگە ئۈمىد بىلەن قارايدۇ ۋە ئىلغار تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇشقا باشلايدۇ. بۇ دەۋردە مەھەممەتئىمىن ئىمىنوۋنىڭ ھاياتى يېڭى بىر سىياسىي ھايات قوينىغا كىرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ۋە خىزمەتداشلىرى شۇ دەۋرنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ئەربابلىرىدىن بولۇپ قالىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن مەھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ بارا - بارا ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرنىڭ سەپداشلىرى بولۇشقا مۇيەسسەر بولىدۇ.

كېيىنكى مەزگىلدە، سوۋېت - گېرمانىيە ئۇرۇشىنىڭ باشلىنىشى بىلەن، شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە كوممۇنىزم ئىشلىرىدىن يۈز ئۆرۈپ، ئىنقىلابقا ئاسىيلىق قىلىدۇ. نەتىجىدە، سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرى ۋەتىنىگە قايتىدۇ، شۇنىڭدىن باشلاپ مەھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ ئۆزى مۇستەقىل ئىشلەيدىغان بولىدۇ. ئۇ، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭدا سۇ ئىشلىرى كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش، جايلاردا مىراپ ۋە باشقا سۇ ئىشلىرىدىن خەۋەردار يەرلىك دېھقان، چارۋىچىلارنى سۇ ئىشلىرى كادىرى قىلىپ يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى ئىشلەيدۇ؛ جاي - جايلاردا يېڭىدىن زامانىۋى كۆۋرۈك سېلىش ۋە ئىلگىرىكى كۆۋرۈكلەرنى رېمونت قىلىش خىزمىتىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. مۇشۇ جەرياندا ئۇ ئاز - تولا خەنزۇ تىلى - يېزىقىنى ئۆگىنىدۇ، جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىغا ئەزا بولۇپ كىرىدۇ. جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىغا ئەزا بولغاندىن كېيىن، بۇ ئۇيۇشمىنىڭ پائالىيەتلىرىگە پائال قاتنىشىدۇ. بۇ جەريان ئۇنىڭ جاھانگىرلىككە ۋە ئەزگۈچى سىنىپلارغا قارشى ئىدىيىسىنى، كۈرەش ئىرادىسىنى تىكلەيدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ، جاھانگىرلىككە قارشى تەشۋىقات بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

1944 - يىلى كۈزدە، نىلقا پارتىزانلىرى گومىنداڭغا قارشى قوزغىلىپ، گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا تۇيۇقسىز زەربە بېرىش بىلەن، ھەش - پەش دېگۈچە شەرقىي بەش ناھىيىنى ئىشغال قىلىپ، ئىلىدا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى تەمتىرىتىدۇ. قوزغىلاڭنىڭ نىلقىدىن باشلىنىشى جاي -



جايلاردىكى گومىنداڭغا قارشى كۈچلەرنى سەگەكلەشتۈرىدۇ، تەرەپ - تەرەپتىن پارتىزانلىق ھەرىكەتلىرى قوزغىلىدۇ. بۇ چاغدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچى ۋە شەرقىي - جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىر قىسىم ئەسكەرلىرىنى ئىلىغا يۆتكەپ، كۆپلىگەن ھەربىي ئەسلىھەلەرنى ئىلىغا ئېلىپ ماڭىدۇ. بۇ ۋاقىتتا مەھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ ماناس دەرياسى قۇرۇلۇشىدا ئىشلەۋاتقان ۋاقىت ئىدى. ئۇ، گومىنداڭنىڭ قوشۇن ۋە قورال - ياراق توشۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ماناس ۋە شىخولاردىكى يېقىن سەپداشلىرىغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلىدۇ. كۈرەشكە ئىنتىزار بولۇپ تۇرغان بۇ دوستلار بىرلىككە كېلىپ، شىخودا پارتىزانلىق ئەترىتى قۇرىدۇ (ئەسلىدە «كۈرەش» ۋە «ئازادلىق» دېگەن ئىككى كىچىك تەشكىلات بار بولۇپ، بۇ تەشكىلاتلار بىرلىشىپ «ئازادلىق» تەشكىلاتىغا مۇجەسسەملىشىدۇ ۋە قوراللىق كۈرەشكە ھازىرلىق قىلىپ، پارتىزانلىق ئەترەت قۇرىدۇ). مەھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ ماناستا بەش يولداش بىلەن بىللە بۇ تەشكىلاتقا ۋە پارتىزانلىق ئەترىتىگە ئەزا بولىدۇ. ئۇلار 1944 - يىل 9 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ، گومىنداڭغا قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بارىدۇ ۋە قورال ئېتىش مەشقى قىلىدۇ. بۇ كۈنلەردە مەھەممەتئىمىن ئىمىنوۋنىڭ يېنىدا ئۆزىنىڭ ئىككى دانە ئوۋ مىلتىقى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى قوغدىنىشقا بەرگەن بىر دانە مىلتىق ۋە 60 نەچچە تال ئوق بار ئىدى. ئۇلار ئاخۇت قىلىش بانىسى بىلەن دالىغا ئاتلىق چىقىپ مەشق ئېلىپ بارىدۇ ۋە شىخو پارتىزانلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

مەھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ 1944 - يىلى 9 - ئايدىن 1945 - يىلى 9 - ئايغىچە بولغان بىر يىل ئىچىدە، ماناس دەرياسى بويىدىكى سۇ ئىشلىرى خىزمىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇ-

رۇمچى، شىخو قاتارلىق جايلاردىكى ئىلغارلار ۋە پارتىزانلار بىلەن ئالاقە باغلىغاندىن تاشقىرى، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىنقىلابىي مەركىزىي قوماندانلىق شتابى بىلەنمۇ قويۇق ئالاقىدە بولدۇ، ئۇنىڭ ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ بىلەن بولغان توغقانچىلىق مۇناسىۋىتى ئەينى ۋاقىتتا ئىنقىلابىي سەپداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئايلانغان، شۇڭا، ئىلىدا ئىنقىلاب باشلىنىشى بىلەنلا ئۇ، ئۈچ ۋىلايەت قوماندانلىق شتابى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتتە بولغان. شۇنىڭدەك، مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، مىللىي ئارمىيە جىڭ ۋە شىخولارغا ھۇجۇم باشلاشتىن ئىلگىرى، بەش نەپەر يولداشنى باشلاپ يوشۇرۇن ھالدا شىخو پارتىزانلىرىغا قوشۇلغان. 1945 - يىل 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى تولۇق قوراللانغان ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسى جىڭ ۋە شىخولارنى بومباردىمان قىلىش بىلەن تەڭ ئېغىر تىپتىكى زەمبىرەك ۋە كۆيدۈرگۈچى بومبىلارنى ئىشقا سېلىپ، گومىنداڭنىڭ جىڭدا تۇرۇشلۇق بىر دىۋىزىيىسىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ، 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى شىخونى ئىشغال قىلغان ۋاقىتتا، مەھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ شىخو پارتىزانلىرى بىلەن بىللە دۈشمەن ئارقا سېپىدىن ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەننى تالاپەتكە ئۇچراتقان ۋە دۈشمەن شىخودىن چېكىنگەن ھامان قالدۇق دۈشمەنلەرنى تازىلاش ئىشىنى ئىشلىگەن.

1945 - يىل 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى شىخو ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، ئىمىنوۋ مىللىي ئارمىيىدە ۋزۋوت كوماندىرى بولغان، ئۇزاق ئۆتمەي ئىسكادرون كوماندىرلىقىغا كۆتۈرۈلگەن؛ كېيىن غۇلجىغا يۆتكىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى سۇ ئىشلىرى نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابىنىڭ سىياسىي بۆلۈم ئوفىتسېرى، قوماندانلىق شتاب ئورۇش قىلىش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى،



ئىنقىلابىي مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابىنىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى، ئاتلىق پولك كوماندىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. شۇڭا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى مەھەممەتئىمىن ئىمىنوۋغا پولكوۋنىك ئۇنۋانىنى بەرگەن.

شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، مەھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ 1950 - يىلى 2 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ كىرگەن. ئاندىن ئۇ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 5 - كورپۇس 13 - دىۋىزىيىنىڭ قوماندانى ۋە پارتكوم شۇجىسى، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكومىنىڭ 4 - شۇجىسى، جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇدىرى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋە پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1955 - يىلى مەھەممەتئىمىن ئىمىنوۋغا گېنېرال مايور ئۇنۋانى بېرىلگەن. ئۇ خىزمەتنى ئەستايىدىل مەسئۇلىيەتلىك بىلەن ئىشلەيتتى، دائىم ئاساسىي قاتلاملارغا بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلاتتى. شىنجاڭ يېڭى ئازاد قىلىنغان مەزگىللەردە ئېلىپ بېرىلغان باندىت تازىلاش، يەر ئىسلاھاتى ۋە كېيىنكى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا زور تۆھپىلەر ياراتقان.

1957 - يىلى مەھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ بەزى ھەقىقىي ئەھۋاللارنى ئىنكاس قىلغانلىقى ئۈچۈن، خاتا ھالدا تەنقىد قىلىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي ھەيئىتىنىڭ ئەزالىقىدىن قالدۇرۇلغان، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ

ۋەكىللىك سالاھىيىتىدىن ئېلىپ تاشلانغان. كېيىن مەركىزىي ئالىي پارتىيە مەكتىپىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن (بۇ، جازا ئەمەس). مەھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ مۇشكۇل ئەھۋالدا قالغاندىمۇ، كوممۇنىزمغا بولغان ئېتىقادىدىن، يېڭى جۇڭگوغا بولغان چەكسىز ئىشەنچى ۋە ئۈمىدىدىن تەۋرەنمىگەن، ۋەتەننى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنى قىزغىن سۆيۈپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە پۈتۈنلۈكىنى ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن قوغدىغان، ئەينى ۋاقىتتا، بەزىلەر ئۇنىڭغا چەت ئەلگە چىقىپ كېتىش پىكرىنى بەرگەندە، ئۇ: «باشقا نەرسە بولسا كېچىشكە رازىمەن، لېكىن ۋەتەندىن ئايرىلالمايمەن، ئوغلى ئانىسىدىن ئايرىلالامدۇ؟» دېگەن.

1960 - يىلى، ئۇ مەركىزىي ئالىي پارتىيە مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ بېيجىڭدىن شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىنى داۋاملىق ئۆتىگەن. 1962 - يىلى ئىلى - تارباغاتاي ۋەقەسى يۈز بەرگەندە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مەھەممەتئىمىن ئىمىنوۋنى شۇ يەرگە خىزمەتكە ئەۋەتكەن. ئۇ، بىرىنچى سەپكە بېرىپ، ئامما ئىچىگە چوڭقۇر چۆكۈپ ئىشلەپ، قايمۇققان بىر مۇنچە ئاممىغا تەربىيە بېرىپ، ئۇلارنى يول ئۈستىدىن قايتۇرۇپ كەلگەن، ئۇنىڭ بۇ خىزمىتى پارتىيە - ھۆكۈمەت ۋە خەلق ئالدىدا يۇقىرى باھاغا ئېرىشكەن.

مەھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ پاك - دىيانەتلىك، ئومۇمنىڭ ئىشى بىلەن شەخسىي ئىشنى ئارىلاشتۇرۇۋەتمەيدىغان، خىزمەتتە دادىل، ئاقكۆڭۈل كىشى ئىدى. ئۆز شەخسىيىتى، ئۇرۇق - تۇغقان ۋە تونۇش - بىلىشلىرى ئۈچۈن ئومۇمنىڭ مەنپەئىتىنى قۇربان قىلمايتتى. ئۇ، مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە ئائىلىسىنى ھەرگىز ئومۇمنىڭ خىراجىتى بىلەن سەيلە - ساياھەتكە ۋە باشقا ئىشلارغا ئېلىپ چىقمىغان.



ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، مەھەممەتئىمىن ئىمىنوۋغا ئوخشاش پارتىيە - ھۆكۈمەتكە سادىق كۆپلىگەن ياخشى يولداشلار لىن بياۋ — جاڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىدى. مەھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ كۆپ قېتىم ئېگىز قەغەز قالپاق بىلەن سازايى قىلىندى؛ چوڭ يىغىنلاردا تەنقىد ۋە كۈرەش قىلىندى، قولغا ئېلىندى (قاماپ قويۇلدى). ئۇ تۈرمىدە تۇرغان مەزگىلدە، ئۇنى ئانىسى ۋە ئائىلىسى بىلەنمۇ كۆرۈشتۈرمىدى. ئاخىر ئۇ، چىدىغۇسىز جاپا - مۇشەققەتلىك كۈنلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، 1970 - يىل 5 - ئاينىڭ 17 - كۈنى 55 يېشىدا بەختكە قارشى ئالەمدىن ئۆتتى. 1986 - يىلى 10 - ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، 1958 - يىلىدىكى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم كېڭەيتىلگەن يىغىنىنىڭ مەھەممەتئىمىن ئىمىنوۋغا كۆرگەن چارىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى، ئۇنىڭ ئىناۋىتىنى، نامىنى، پارتىيىۋىلىكىنى ئۈزۈل - كېسىل ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قارار قىلدى. 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى مەھەممەتئىمىن ئىمىنوۋنىڭ جەستى ئۈلانباي ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىغا دەپن قىلىندى. دەپن مۇراسىمىدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، ئىمىنوۋنىڭ ئائىلىسى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، ھايات ۋاقتىدىكى دوستلىرى، بىر قىسىم ئورگان كادىرلىرى قاتناشتى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن، گېزىت ژۇرناللار مەخسۇس سەھىپە ئېچىپ، ئۇنى داغدۇغىلىق خاتىرىلىدى.

مەرھۇم مەھەممەتئىمىن ئىمىنوۋنىڭ ۋاپات بولغىنىغا 20 يىل بولدى، يىگىرمە قىش بىلەن يىگىرمە باھار ئالماشقان شۇنچە ئۇزۇن يىللار داۋامىدا، خېلى - خېلى چوڭ ئىشلار ئۇنتۇلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئىش پائالىيەت-

لىرى ئۇنتۇلغىنى يوق. ئۇنىڭ جەستىنى يۆتكەش مۇراسىمىدا، ئۇنىڭ رەپىقىسى رەيھانىنىڭ ئۈنلۈك يىغلاپ، سەممىي سېغىنىش ھېسسىياتى بىلەن: «مەن سېنىڭ بىلەن 28 يىل ئۆي تۇتۇپ، پۈتۈن قەلبىڭنى پارتىيە ئىشلىرىغا بېغىشلىغانلىقىڭنى بىلەتتىم. بىراق سېنىڭ بۇنچىۋالا بالدۇر، بۇنچىۋالا پاجىئەلىك ھالدا دۇنيادىن ئۆتىدىغانلىقىڭنى زادىلا ئويلىمىغان ئىكەنمەن» دېگەن سۆزى مەرھۇمنىڭ بىر پۈتۈن تارىخىي ھاياتىنى يەكۈنلەپ بەردى.

(ئاپتورى: شىنجاڭ كىنو ـ فىلىم شىركىتىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرغۇن ئۆمەر



# چىڭگىل قازاقلىرىنىڭ بىرقانچە قېتىم كۆچكەنلىكى توغرىسىدا

(چىڭگىل ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش تارىخىي
ماتېرىياللار گۇرۇپپىسى)

ئازادلىقتىن ئىلگىرى تالاي زۇلمەتلىك كۈنلەرنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن چىڭگىل قازاقلىرى توغرىسىدا يازما تارىخىي ماتېرىياللار بولمىغانلىقتىن، جەمئىيەتتە ھازىر ھايات تۇرۇۋاتقان بىر قىسىم كۆپنى كۆرگەن، كۆپنى بېشىدىن كەچۈرگەن ئادەملەرنىڭ ئېيتىپ بېرىشىگە ئاساسلىنىپ، چىڭگىل قازاقلىرىنىڭ مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگىچە ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن، ئۆز ماكانىدىن بىرقانچە قېتىم ئايرىلىپ، باشقا يۇرتلارغا كۆچكەنلىكى توغرىسىدىكى ۋەقەلەرنى توپلاپ، رەتلەپ يېزىپ چىقتۇق. بۇنىڭ تارىخىي ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلىش ئورۇنلىرىنىڭ پايدىلىنىشىغا مەلۇم ياردىمى بولار.

بىز بۇ تارىخىي ئەھۋاللارنى يازغاندا، مىللەت، ئادەم ئىسىملىرى بىلەن قەبىلە ناملىرىنىمۇ قوشۇپ يازدۇق. بىز،

پەقەت ئەينى ۋەقەلەرنى تولۇق چۈشەندۈرۈش ئۈچۈنلا يېزىلدى، باشقا مەنە بەرمەيدۇ. كەڭ كىتابخانلارنىڭ تەنقىدىي كۆز قاراپ، تولۇق بولمىغان جايلىرىنى تولۇقلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

## بۆكە كۆچكەن زامان

بۆكەنىڭ چىڭگىلدىن كۆچكەنلىكىگە ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت بولغانلىقى ئۈچۈن، تارىخىي ۋەقەلەرنى ئېيتقۇچىلاردا ئوخشاشمىغان ئىسپاتلاشلار مەۋجۇت. بىز تارىختىن ئاز - تولا خەۋىرى بار كىشىلەرنىڭ ئېيتىشى بويىچە، بۆكەنىڭ چىڭگىلدىن قانداق كېتىپ، قانداق قايتىپ كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى ۋەقەلەرنى تۆۋەندىكىچە يېزىپ چىقتۇق.

بۆكەنىڭ دادىسى — جىرغالاڭ، ئۇنىڭ دادىسى — قازىبەك، ئۇنىڭ دادىسى — ئەسەنگەلدى. مولقى قەبىلىسى ئىچىدە قۇل مولقى بولۇپ، چىڭگىلنى ماكان تۇتقان كىشى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۆكە ئۆز دەۋرىدە چىڭگىلدە، شۇنداقلا ئالتاي دائىرىسىدە ئاتىقى چىققان باتۇر ئادەملەرنىڭ بىرى بولغان.

شۇ مەزگىلدە سىرىق ۋاڭ (موڭغۇل ئىچىدىكى تورغاۋۇت) چىڭگىلنىڭ شاغانخول دېگەن يېرىدىكى ئورگە (موڭغۇلچە «ئىش ئورنى») دە تۇراتتى. كېيىن كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغىنىغا 30 نەچچە يىل بولغان چىڭگىل قازاقلىرى سىرىق ۋاڭ قاتارلىق ھۆكۈمدارلارغا قارشىلىق كۆرسىتىشكە پېتىنالمايدىكەن. بىر قېتىم قۇل مولقى قەبىلىسىدىن بىرنەچچە ئادەم 30 تۆگە بىلەن داپىسىن دېگەن يەردىن چارۋا - مال يەيدىغان تۇز ئەكەلمەكچى بولۇپ بارغاندا، سىرىق ۋاڭنىڭ



چېرىكلىرى ئۇلارنىڭ تۆگىلىرىنى تارتىۋالغان. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان بۆكە باتۇر: «بۇنداق بولغاندا، بىز قازاقلارنىڭ جان بېقىشىمىز تەس بولىدۇ. ئالۋان - ياساقنى قوشلاپ تاپشۇرۇپ تۇرساقمۇ (بىرى — فېئودال ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا، يەنە بىرى — يەرلىك مىللىي قەبىلە باشلىقلىرىغا)، ئۇلار يەنە زومىگەرلىك قىلىپ، ماللىرىمىزنى تارتىۋالسا، بۇ قانداق بولغىنى» دەپ، شۇ چاغدىكى تۆت مولقىنىڭ قەبىلە باشلىقى جۇانخانغا ئادەم ئەۋەتىپ، بىر تەرەپتىن ئەھۋالنى مەلۇم قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن «بىز سىرىق ۋاڭدىن 100 يىلقىنى تارتىپ كېلىمىز» دەپ ئۇتتۇرىغا چىقىدۇ. ئارقىدىنلا بۆكە باشلىغان كىشىلەر 30 تۆگىنىڭ ئورنىغا 100 يىلقىنى ھەيدەپ ئەكېلىۋالىدۇ. بۇ، بۆكە باشلىغان چىڭگىل قازاقلىرىنىڭ ئادالەتسىز ھۆكۈمران ئەمەلدارلارغا بىرىنچى قېتىم ئوچۇق قارشى چىقىشى ئىدى. بۇ ۋەقە بۆكەنىڭ چىڭگىلدىن بىر قىسىم ئەلنى باشلاپ كۆچۈشىدىكى ئاساسىي سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، بىزنىڭ ۋاقتى توغرىسىدا پىكىرلەر بىردەك ئەمەس. سەيىتقان دېگەن ئادەمنىڭ ئەسلىشىچە، «بۆكە قىسسىسى» شۇ مەزگىلدىكى بۆكەنىڭ شىنجاڭدىن كۆچۈپ، چىڭخەي، گەنسۇ، تىبەتلەرگە بارغانلىقى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ يېزىلغان. بۇ قىسسىنى شۇ چاغدا قاراقاس قەبىلىسىدىن ئابزىي موللىنىڭ بالىسى شەكەي دېگەن كىشى يازغان. ئۇنىڭدا بۆكەنىڭ چىڭگىلدىن 1882 - يىلى كۆچكەنلىكى يېزىلغان، دېيىشىدۇ.

يەنە بەزى ئاقساقاللار: بۆكەنىڭ كۆچۈشى 1890 - يىلنىڭ ئالدى - كەينىدىكى مەزگىل، دەيدۇ. ھازىر 86 ياشقا كەلگەن نۇرىلا ئانا ئەسلەپ: «بىزنىڭ بوۋاي سۇلايمان بۇ يىل 90 نەچچە ياشقا كەلدى. ئۇ ماڭا، تۆت — بەش ياش

ۋاقتىمدا بۆكە باشلامچىلىقىدا بۇغدا تېغىغا كۆچۈپ كەلگەن،
دەپ ئېيتىپ كەلگەن» دەيدۇ. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، بۆكەنىڭ
چىڭگىلدىن 1882 - يىلى كۆچكەنلىكى ئەمەلىيەتكە
بىرقەدەر ئۇيغۇن.

بۆكە چىڭگىلدىن بۇغداغا قاراپ كۆچكەندە، ئۇنىڭ
بىلەن بىللە كۆچكەنلەردىن: بۆكەنىڭ ئۆز قەبىلىسىدىن
قۇيقا باي، تەۋىرباي، ئامانباي، جەكەن، بالاپان، بايجىگىت،
تەكسەلبايلارنىڭ ئاۋۇلى؛ جەنتەكەي ئىچىدە چاقاباي قەبى-
لىسىدىن ئوزەنباي، ئويقۇباي، كەزەنباي قاتارلىقلارنىڭ ئاۋۇلى
بار. بۇلار 20 يىلغا يېقىن چەت - ياقا يۇرتلاردا ئازاب -
ئوقۇبەت تارتىپ تۈگەپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بىرمۇنچە-
چىلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى چىڭگىلگە قايتىپ كەلگەن، ئۇلارنىڭ
بەزىلىرى ھازىرمۇ بار. بۆكەنىڭ ئوغلى راباي كېيىن تاشقى
موڭغۇلىيىگە ئۆتۈپ كەتكەن، ھازىرمۇ ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى
تاشقى موڭغۇلىيىدە. بۆكەنىڭ ئىنىسى شۆكەنىڭ ئوغلى
ئىمانبالا كېيىن بارىكۆلگە كۆچۈپ بېرىپ، شۇ يەردە ئولتۇراق-
لىشىپ قالغان. بۆكەنىڭ جەسىتى تىبەت يېرىگە كۆمۈلگەن،
ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ كېلىپ چىڭگىلگە قويغان. ئۇنىڭ
بېشى قەيەرگە كۆمۈلگەنلىكى توغرىسىدا ئەل ئاغزىدا مۇنداق
رىۋايەتلەر بار: بۆكە باتۇر كېسەل سەۋەبىدىن 55 يېشىدا
تىبەت يېرىدە ۋاپات بولۇپ، شۇ يەرگە كۆمۈلگەن ئىكەن.
ئۇزاق ئۆتمەي، ئۈرۈمچى گېنېرالىنىڭ بۆكەنى تىرىك تۇتۇش
دېگەن بۇيرۇقى بويىچە، قوغلاپ بارغان چېرىكلەر ئۆلگىنىگە
بىر ئاي بولغان بۆكەنىڭ جەسىتىنى قېزىپ ئېلىپ، بېشىنى
كېسىپ، شۇ چاغدىكى ئۈرۈمچىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى ليۇ
دېگەننىڭ ئالدىغا قويغاندا، ئۇ ئەمەلدار بۆكەنىڭ بېشىنى
كوچىغا ئېسىپ: «شىنجاڭدىن كېتىمىز دېگەنلەرنىڭ ئاقىۋىتى



مۇشۇنداق بولىدۇ» دەپ سازايى قىلىپ، خەلقنى قورقۇتقان.
بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، بۆكەنىڭ بېشىنى ئۇنىڭ
ئوغلى راباي ۋە بايجىگىت دېگەنلەرگە قايتۇرۇپ بەرگەن.
شۇ ۋاقىتتا تۇزۇپ يۈرگەن چىيمەنشىلەر (بۆكەگە ئەگىشىپ
كۆچۈپ تۇزۇپ كەتكەن ئەلنى باشقىلار «چىيمەنشىلەر» دەپ
ئاتىشىدىكەن) نىڭ ئۇنى چىڭگىلگە ئەكىلىپ كۆمۈشكە كۈچى
يەتمىگەن. ئۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان بۆكەنىڭ تۇغقىنى
ئاغاتان قوۋانخان ئوغلى چىڭگىلدىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ،
راباي، بايجىگىتلەر بىلەن بىللە بۆكەنىڭ بېشىنى ئەكىتىپ،
ئوباتىدىكى (يەر ئىسمى) قوۋانخاننىڭ قەبرىسى يېنىغا
كۆمگەن. ئۇزاق ئۆتمەي، ئاغاتاننىڭ ئەربەيگەن، سەربەيگەن
دېگەن ئىككى ئاكىسى ۋە قۇسەن دېگەن ئىنىسى ئارقا -
ئارقىدىن ئۆلۈپ كەتكەن. ئەل ئىچىدە: بۇ، بۆكەنىڭ بېشىنى
ئەكىلىپ، دادىسىنىڭ قەبرىسى يېنىغا قويغانلىقىنىڭ ئاقىۋىتىدىن
بولدى، ئاغاتانغا كېلىشمەسلىك كەلدى، دېگەندەك سۆزلەر
پەيدا بولغان.

بۇ پاكىتلارغا قارىغاندا، بۆكەنىڭ بېشى كۆمۈلگەن
يەر ھازىرقى ئاراتۆپە يېزىسى ئوباتى قىشلىقىدىكى كونا
قەبرىستانلىقتا، دېيىش ئەمەلىيەتكە بىرقەدەر ئۇيغۇن.

ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، بۆكە چىڭگىلگە پاتماي
باشقا يۇرتقا كۆچۈپ كەتكەن ئەمەس، بەلكى شۇ دەۋردىكى
فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئادالەتسىزلىكى ۋە ۋەھشىيانە
ھۆكۈمرانلىقىنىڭ زۇلمىغا ۋە كەمسىتىشلىرىگە چىدىماي،
1882 - يىلى ئۆز ماكانىنى ۋە ئورۇق - تۇغقانلىرىنى
تاشلاپ، ئۆزىگە قاراشلىق بىر بۆلۈم ئەلنى باشلاپ، چىڭگىل-
دىن بىرىنچى قېتىم بۇغدا تېغىغا كۆچۈرۈپ كەتكەن.

## قالقا زامانى

ئۆتمۈشتە قازاقلار ھازىرقى تاشقى موڭغۇلىيەنى «قالقا» دەپ ئاتىغان (تاشقى موڭغۇل شۇ دەۋردە موڭغۇللارنىڭ «قالقا» قەبىلىسىنىڭ نامى بىلەن ئاتىلاتتى). 1884 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندا، ئالتاي بىلەن قوبدا ئالاھىدە بىر رايون (ئايماق) بولۇپ، مەركەزگە بىۋاسىتە قارايتتى. ئۇنى قوبدىدا تۇرىدىغان مەركەز ۋەكىلى ھاكىم (سەنزەن داچېنى) باشقۇراتتى. چىڭگىل مۇشۇ ئالتاي بىلەن قوبدىنىڭ چېگرىسىدا ئىدى. مال چارۋىچىلىق يايلىقى تۇتاش بولۇپ، ئاساسەن قازاق، موڭغۇل مىللەتلىرى ئىناق ئولتۇراقلىشىپ، ئۆزئارا قويۇق باردى - كەلدى قىلاتتى.

1911 - يىلى چاررۇسىيە تاشقى موڭغۇلىيەگە ئارقا - ئارقىدىن ئەسكەر كىرگۈزدى. جىپسىندانبا قاتارلىق بىر ئوچۇم ئەكسىيەتچى ۋاڭ - گۇڭ ۋە گېگەنلەر ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تەشكىللەپ، نويابىردا «مۇستەقىللىك» ئېلان قىلىپ، جۇڭگودىن بۆلۈنۈپ چىقتى. ئارقىدىنلا ئۇلار ساتقىن ئارمىيە تەشكىللەپ، ئۇلاستاي بىلەن قوبدانى ئۇشتۇمتۇت تارتىۋېلىپ، تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ بارلىق يېرىنى ئىگىلىۋالدى. ئاندىن چاررۇسىيە تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ ساتقىن ئارمىيەسىنى ئالتايغا ھۇجۇم قىلىشقا قۇتراتتى.

ئىلگىرى قازاقلار بىلەن موڭغۇللار ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقانلىقتىن، ئۆزئارا ئۇششاق - چۈششەك تالاش - تارتىش، جېدەل - ماجىرالار بولۇپ تۇراتتى. بۇنىڭدىن پايدىلانغان چاررۇسىيە موڭغۇلىيەنىڭ ساتقىن ئارمىيەسى ۋە بىر قىسىم ئەكسىيەتچىلەرنى قۇترىتىپ، چىڭگىلگە تاجاۋۇز قىلىشقا



ئۈرۈندى، ھەر خىل قۇتراتقۇلۇقلارنى تۇغدۇرۇپ، ئىككى ئەل خەلقى ئوتتۇرىسىدا دۈشمەنلىشىش خەۋپىنى پەيدا قىلدى. 1912 - يىلى ئاسقىرتى (يەر ئىسمى) دا قالقانىڭ ئادەملىرى بىلەن چىڭگىلدىكى كۆپباي باشلىغان ئەل بىر - بىرى بىلەن جېدەللىشىپ، سوقۇشۇپ قالغاندا، ھەر ئىككى تەرەپتىن ئادەملەر چىقىم بولغان. پەقەت چىڭگىل تەرەپتىنلا ساقاردى، ساقانباي، مەمبىلا قاتارلىق 12 ئادەم ئۆلگەن. بىر ئايدىن كېيىن ئەل يايلاقتىن كۆچۈپ كۈزەملىككە كەلگەن چاغدا، «قالقا تەرەپتىن دۈشمەن كېلىۋېتىپتۇ» دېگەن خەۋەر چىڭگىلنىڭ ھەممە جىلغىلىرىدىكى ئەل ئىچىگە تارقالغان، ئەل خاتىرجەمسىزلىنىپ ساراسىمىگە چۈشكەن. شۇ قېتىم قالقادىن كەلگەنلەر كىچىك چىڭگىلنىڭ لاستى دېگەن يېرىگە كەلگەن. ئۇلار جەمئىي 20 نەچچە ئادەم بولۇپ، شۇ يەردە چارۋا بېقىپ يۈرگەن مالچىلارنى تۇتۇپ، بەزىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، بەزىلىرىنى باغلاپ ئېلىپ كەتكەن. مۇشۇ ۋەقەدە تۆمۈرچىنىڭ ئوغلى نۇسۇپ، ئايماق قاتارلىق ئادەملەرنى سەۋەبسىز ئېتىپ تاشلىغان، تۆمۈرچى، ئېيماش، شارتىق قاتارلىقلارنى باغلاپ ئېلىپ كەتكەن. كېيىن ئېيماش قېچىپ كەلگەن، شارتىقنى ئۇلار قويۇۋەتكەن، دېمەك، تۆمۈرچىنىلا باغلاپ ئېلىپ كەتكەن. تاجاۋۇزچى ئەسكەرلەر ئۇلارنىڭ بارلىق مال - چارۋىلىرىنى بۇلاپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن توپلىشىپ ئولتۇرغان ئەلگە يۈرەكلىك چېقىلالماي قايتىپ كەتكەن. شۇنداقتىمۇ ئەل خاتىرجەم بولمىغان. بۇ چاغدا چىڭگىل دائىرىسىدە قېپقالغان ئاۋۇللاردىن ئىستانپول ھاجى (ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ بىر بۆلىكى قارا تاغدا، بىر بۆلىكى تاشقى مولغۇلىيەدە ماكانلاشقان) ئۇ يەردە خاتىرجەم ياشىيالمىغانلىقتىن، مورى، گۇچۇڭ تەرەپلەرگە كۆچۈپ كەتكەن. ئەل بۇنى «ئىستانپول بولانغان

زامان» دەپ ئاتىغان. يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، چىڭگىل قازاقلىرى يەنە بىر قېتىم ئۆز ماكانىدىن ئايرىلىپ، مورى، باركۆل، گۇچۇڭ ۋە بەيتىك تېغىغا كۆچۈپ كەتكەن. ئارىدىن بىر — ئىككى يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن، بەزىلىرى شۇ تەرەپتە ماكانلىشىپ قالغان.

يىغىپ ئېيتقاندا، چارروسسىيە تاشقى موڭغۇلىيىدىكى ساتقىن ئارمىيىسىنى قۇترىتىپ، چىڭگىل خەلقىگە زۇلۇم سالغانلىقتىن، 1912 — يىلى كۈزدە چىڭگىل ئېلىنىڭ ئاتا ماكانىنى تاشلاپ باشقا يۇرتلارغا كۆچۈپ كەتكەنلىكى راست. شۇڭا، بۇنى چىڭگىل خەلقى ھازىرغىچىلىك «قالقا زامانى» دەپ ئەسلەيدۇ.

## مۇقۇر — تولقاي زامانى

1919 — يىلى ياڭ زېڭشىن ئالتايدا ۋىلايەت (داۋيىڭ) مەھكىمىسى قۇرۇپ، ئالتاينى شىنجاڭ ئۆلكىسىگە قارايدىغان قىلدى. چىڭگىلمۇ ئالتاي ۋىلايىتىگە قاراشلىق بولدى. 1924 — يىلى ئەل يايلاقتىكى مەزگىل ئىدى، ئەل ئىچىدە: «تاشقى موڭغۇلىيە (شۇ چاغدا قالقا موڭغۇل دەپ ئاتىلاتتى) دىن مۇقۇر، تولقاي (موڭغۇلچە «تاقىر باش، كوكۇلىسى يوق» دېگەن مەنىدە) دېگەن دۈشمەن كېلىۋېتىپتۇ، ئۇلار تەرەپ — تەرەپتىن كېلىپ، موڭغۇلىيە بىلەن قاتارلاس (قاتاتتاس) تا ئولتۇرغان ئەلنى بۇلاپ، ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈپ كېتىپتۇ» دېگەن خەۋەر تارقالغان. ئىلگىرىمۇ مۇشۇنداق ۋەقەلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن خەلق بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاش بىلەنلا، ئادەم ۋە چارۋىلارنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، يايلاقتىن كۆچۈشكە



باشلىغان. بۇ قېتىمقى ۋەقەدە مۇقۇر — تولقاينىڭ چېرىكلىرى ئۈچ تەرەپتىن كېلىپ، بۇلاڭ — تالاڭ ۋە قىرغىنچىلىق قىلغان.

1. چېرىكلەر كەرگەن ئوبا (يەر ئىسمى) تەرەپتىن كەلگەن. بۇ ۋاقىتتا ئەلنىڭ كۆپ قىسمى يايلاقتا پاتىپاراق بولۇپ، كۆچۈپ دەريا ياقىسىغا چۈشكەن. چېرىكلەر كۆچكەن ئەلنى قوغلاپ كېلىپ، كىچىك چىڭگىل ۋە چوڭ چىڭگىلنى قويماي ئاختۇرۇپ، سەكبىلتاي، شاڭقان (يەر ئىسمى) لارغا قەدەر بېرىپ ئادەم ئۆلتۈرۈپ، بۇلاڭ — تالاڭ قىلغان. ئۇلار بۇ ۋەقەدە، جەنتەكەي قەبىلىسىدىن سەكسەن، قەسەنتۇ قاتارلىق بىر نەچچە ئادەمنى ئۆلتۈرگەن؛ چوڭ چىڭگىلنىڭ بۇلىق دېگەن يېرىگە تېرىغان ئاشلىقىنى ئورۇپ يىغىۋېلىپ قايتىپ كېتىۋاتقان مولىقى قەبىلىسىدىن قاچەن، كارپىسقان، قوڭۇر باي قاتارلىق توققۇز ئادەمنى تۇتۇۋېلىپ، قويىنى باغلىغاندەك باغلاپ ئۆلتۈرگەن؛ شۇ قېتىم ئەل بىلەن بىللە كۆچەلمەي، كىچىك چىڭگىلنىڭ چوشا دېگەن يېرىدە قېپقالغان سەپەر غەلى ئاۋۇلىنىڭ بارلىق ئادەملىرىنى قىرىپ — چېپىپ، چارۋا — ماللىرىنى بۇلاپ كەتكەن. ئەڭ ئېچىنارلىقى شۇكى، دۈشمەنلەر سەپەر غەلىنىڭ جەسىتىنى تېرەككە ئېسىپ قويغان؛ كۆچكەن ئەلنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ، سەكبىلتاي، شاڭقانلاردا كۆرسىباي ئاۋۇلىنى بويلاپ، يىلقىلىرىنى ئېلىپ كەتكەن؛ كۆرسىباينىڭ بالىسى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ يىلقىسىنى قايتۇرۇپ كەلمەكچى بولغاندا، دۈشمەن ئۇنىمۇ يول ئۈستىدە ئېتىپ تاشلىغان. دۈشمەنلەر يەنە، كىچىك چىڭگىلنىڭ لاسىستى دېگەن يېرى بىلەن قايتىپ كېتىۋاتقاندا، قوبدا تەرەپتىن كۆچۈپ كېلىۋاتقان بەلدەۋباي ئاۋۇلى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان، دۈشمەن توپىدىكى جىرىن دېگەن موڭغۇل بەلدەۋباي بىلەن ئىلگىرى تونۇش بولغانلىقى ئۈچۈن، سەن

بۇلارغا مېلىڭنى بېرىپ، جېنىڭنى ساقلاپ قال، دېگەندەك كۆز ئىشارىتى قىلغان. ئۇ يەنە: «بۇ، موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قىلغان ئىشى ئەمەس، موشۇ چېگرىدىكى چېرىكلەرنىڭ قىلغان ئىشى» دېگەن. بۇنى بىلگەن بەلدەۋباي ئارىسالدا بولۇپ، يىلقىسىنى توسۇپ تۇرغان. لېكىن، چېرىكلەر كۆپ يىلقىنىڭ ئىچىدىن ئون نەچچە يىلقىنى تاللاپ تۇتۇپ ئالغان. بۇ چاغدا مۇقۇر - تولقاي چېرىكلىرىدىن بىرىنىڭ بۇرگەباي دېگەن كىشىنىڭ ئايالىنىڭ ئۇچىسىدىكى ئاق كۆرپە جۇۋىسىغا كۆزى چۈشۈپ، جۇۋىنى ئالىمەن دېگەن. بۇ ئايال جۇۋىنى بەرمىگەندە، ئايالنى شۇ ھامان ئېتىپ تاشلىغان. بۇلار شۇ قېتىم كەرگەن ئوبا تەرەپتىن كەلگەن مۇقۇر، تولقاي چېرىكلىرىنىڭ قازاقلار ئۈستىدىن قىلغان قىرغىنچىلىقىنىڭ بىر قىسمى.

2. مۇقۇر - تولقاينىڭ قارا بالشىقتىن (يەر ئىسمى) ئۆتۈپ كەلگەن ئىككىنچى بىر تۈركۈم چېرىكلىرى سەرىكباي (جانتەكەي قەبىلىسى) ئاۋۇلىنى بۇلاپ، سەرىكباي ۋە ئۇنىڭ چوڭ خوتۇنىنى، چوڭ ئوغلى قىيسا قاتارلىقلارنى ئۆلتۈرۈپ، مۇقاجان، ناسىراتالى، بازار قاتارلىق ئادەملەرنى تۇتۇپ، ماللىرىنى بۇلاپ كەتكەن. تالان - تاراجقا ئۇچرىغان ئاۋۇل ئادەملىرى پىيادە قېچىپ ئەلگە قوشۇلۇۋالغان. تۇتۇپ كەتكەن ئادەملەر ئىككى يىلدىن كېيىن قايتىپ كەلگەن.

3. شۇ مەزگىلدە مۇقۇر - تولقاي چېرىكلىرى بەيتىنىك تېغىغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى ئەللەرنىمۇ بۇلاڭ - تالاڭ قىلماقچى بولغان. لېكىن، ئۇ يەردىكىلەر توپلىنىپ ئولتۇرغان بولغاچقا، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشقا پېتىنالماي، چارۋا بېقىپ يۈرگەن مالچىلاردىن بەش ئادەمنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، قىسمەن مال - چارۋىلارنىلا بۇلاپ كەتكەن.

يۇقىرىقى ۋەقەلەر بىرلا ۋاقىتتا يۈز بەرگەنلىكى ئۈچۈن،



قورقۇنچ ئىچىدە قالغان چىڭگىل ئېلى يۇرتىنى تاشلاپ كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان. شۇ مەزگىلدە چىڭگىل بىر - ئىككى يىلغىچە ئادەمسىز قالغان. بوۋراتاي تەيجى، جېيغانباي، نوغايباي (جەنتەكەي ئۇرۇقى)، چاقاباي ئوكۇردايلار باشلىغان ئەل باركۆل ۋە مورىغا كەلگەن. قالغان ئەل كۆچۈكدا باش قوشۇپ، بىر يىلدىن كېيىن چىڭگىلغا قايتا بېرىپ ماكانلاشقان. دېمەك، چىڭگىل ئېلى قىرغىنچىلىققا، سەرسانلىق ۋە سەرگەردانلىققا ئۇچرىغان. ئۇلار بۇ يىللارنى «مۇقۇر - تولقاي زامانى» دەپ ئاتايدۇ. بۇ ئىشلار 1924 - يىلنىڭ كۈز ئايلىرىدا بولغان.

## يالغۇز ئايروپىلان ۋەقەسى

«يالغۇز ئايروپىلان ۋەقەسى» توغرىسىدا ئەل ئىچىدە ھەر خىل ئېيتىشلار بار. ئۇ ۋاقىتنى بەزىلەر «كەنجە بەلە ئۆلگەن زامان» دېسە، بەزىلەر «بەستاسىق ئېلى قايتا كۆچكەن زامان» دەيدۇ؛ يەنە بەزىلەر «قانىكەلدى - سەكەل (جەنتەكەي قەبىلىسى) قىرىلغان زامان» دېسە، بەزىلەر «بايقادام (ئوكۇرداي بولغان) ئېلى بۇلانغان زامان» دەيدۇ. مەيلى قانداق ئېيتىلىشىدىن قەتئىينەزەر، چىڭگىل خەلقى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن، شۇنداقلا بىر - بىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇ ۋەقەلەرنىڭ ئازابىنى يەتكىچە تارتقان نۇرغۇن ئادەملەر بۇ ۋەقەنى يىغىنچاقلاپ «يالغۇز ئايروپىلان ۋەقەسى» دەپ ئاتىغان. شۇڭا، بۇ ماقالىنىڭ 4 - بۆلىمىنى «يالغۇز ئايروپىلان ۋەقەسى» دېگەن ماۋزۇدا بايان قىلدۇق. يەنە بىر تەرىپى شۇكى، بۇ ۋەقە توغرىسىدا يازما ئۇچۇر بولمىغانلىقتىن، جىلقايدار، شەمشى، مۇنتاي، تاۋپىق،

جاڭتقان قاتارلىق 20 نەچچە ئاقساقال ئۆز باشلىرىدىن كەچۈرگەن ۋە ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغان سەرگۈزەشتىلەرنى ئاساس قىلىپ رەتلەپ چىقتۇق. تارىختىن خەۋىرى بار كىتابخانلارنىڭ تولۇقلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ۋەقە ئالدىدىكى ئەھۋال: 1933 - يىلى 12 - ئاپرېلدا، شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىشىنىڭ ئالدى - كەينىدە پەيدا بولغان ئۇرۇش مالىمانچىلىقى تۈپەيلى ئەل خاتىرجەمسىز بولغانلىقتىن، ئىشلەپچىقىرىش ۋە مال - چارۋىچىلىق ئىشلىرى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، يىل بويى زىرائەت تېرىلمىدى؛ سودا - سېتىق توختاپ، خەلق تۇرمۇشى قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى. بولۇپمۇ چىڭگىلدا ئەھۋال ئېغىر بولدى: بىرىنچىدىن، 1933 - يىلى (توخۇ يىلى) قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بەردى. ئىككىنچىدىن، كۆپلىگەن ئەل ئوتلاق ئىزدەپ، تۆۋەنكى ئالتاي (ئىلگىرى چىڭگىل، كۆكتوقاي، بۇرۇلتوقاي ناھىيىلىرى يۇقىرىقى ئالتاي ھېسابلىناتتى) دىن چىڭگىلغا كۆچۈپ كەلگەنلىكتىن، چىڭگىلغا ئېغىر بېسىم بولدى. ئۈچىنچىدىن، ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى تازىلاش ھەرىكىتىدە جۇڭگوغا قېچىپ كەلگەن خەلقلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئالتايغا، بىر قىسمى چىڭگىلغا كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئولتۇراقلاشتۇرۇشمۇ بىر مەسىلە بولغانىدى.

ئەزەلدىن مال - چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئاۋۇل - قىشلاقتا مال بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈپ كېلىۋاتقان ئەل شۇ يىلقى قۇرغاقچىلىق ئاپىتى تۈپەيلىدىن ئوتلاق يېتىشمەي، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى چىڭگىلنىڭ چوڭ تېغىغا، بىر قىسمى بەيتىك، قاپتىق، سارىنۇرغۇن تەكىگە تاغلىرىغا، يەنە بىر قىسمى تاشقى موڭغۇلىيە يېرىگە بېرىپ مال قىشلىتىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ، 1933 - يىلىنىڭ كەچكى



كۈز مەزگىلى ئىدى. تاشقى موڭغۇلىيە يېرىگە مال قىشلىتىشقا كۆچكەنلەر توجاقان، چىلدەباي، مۇسايىپ ئاۋۇللىرى (مولقى قەبىلىسى)، كۇجى، ئىيساش، تەمىرىش، تەلپەشباي (جەنتەكەي قەبىلىسى)، نۇرغالى، ئۇكباش ئاۋۇللىرى (شەرۋىش قەبىلىسى) قاتارلىقلار ئىدى. بۇلار مۇزدى ئاسىۋ، ئەرنىشى، قارابالچىق (تاشقى موڭغۇلىيە چېگرىسىدىكى يەرلەر) قاتارلىق يەرلەردىن ئۆتكەن بولۇپ، جەمئىي 600 چە ئائىلە ئىدى. بۇ، ئەل ئېغىزىدا ئېيتىلىپ يۈرگەن زەيىتقازىنىڭ «يالغۇز ئايروپىلان» ئىسىملىك قىسسىدىكى:

ئېيتمايدۇ ئىنى سىرىنى ئاكىسىغا،
ئېيتمايدۇ دادا سىرىنى بالىسىغا.
بەش دارغى دەپ ئاتايدۇ كۆچكەن ئەلنى،
ئالتە يۈز سەككىز ئۆينىڭ چامىسىدا.

دېگەن بايانىدىن ئېلىندى. شۇ يىللىرى تاشقى موڭغۇلىيە بىلەن چېگرا مەسىلىسىدە ئېنىق چەكلىمە يوق ئىدى. شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ چارۋىلىرى ئىلگىرى چىڭگىلنىڭ كوكۇي دېگەن يېرىدە 4 - 5 يىل تۇرۇپ، 1933 - يىلىنىڭ ئەتىيازىدا قايتىپ كەتكەن.

ئەل تاشقى موڭغۇلىيە يېرىگە بارغاندىن كېيىن، تاشقى موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتى ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى تۈزۈمى بويىچە بەش بۆلەككە ئايرىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، بەش دارغى (مەنسەپ ئىسمى) بەلگىلىگەن. بۇنى قازاقلار «بەش تاسك (موڭغۇلچە ‹بۆلەك› دېگەن مەنىدە) ئېلى» دەپ ئاتىغان. بۇ، ھازىرغىچىلىك «بەش تاسك» ياكى «بەش تەستىق» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. بەش دارغى توغرىسىدا

ھەر خىل سۆزلەر بار. كۆپ سانلىقلارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، بەش دارغى: ئىبرايقا كۇجى ئوغلى، رايىس شىلدە باي ئوغلى، ئىبرالى تۆمۈرچى ئوغلى، مۇسايىپ تاجى ئوغلى، ئۇكىباس بەلدەۋباي ئوغلى (كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا ئورتەك ئاسان ئوغلى بولغان) قاتارلىق كىشىلەر ئىكەن.

1934 - يىلى 3 - ئايدا، تاشقى موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتى كۆچۈپ بارغان ئەلنى موڭغۇلىيىنىڭ ئىچكىرى جايلىرىغا كۆچۈشكە زورلىغان. بۇ چاغدا ئەل باشلىقلىرى: «بىز يازغا چىقىش بىلەن ئۆز يۇرتىمىزغا قايتىمىز، بىز كەلگەن چاغدىمۇ بىر قىش قىشلاپ قايتىمىز دېگەنىدۇق» دېگەن. شۇ ۋاقىتتا، موڭغۇلىيە يېرىگە بارغانلاردىن كەنجەبەك (ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ كىشى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن موڭغۇلىيىگە كەلگەن ھەربىي ئەمەلدار ئىكەن) دېگەن كىشى ئىش باشقۇرغۇچى بولۇپ يۈرەتتى. موڭغۇللار بۇ كىشىنى كۇشىناپ (مىقتىبەك) دەپ ئاتايتتى. ئۇ كىشى يۇرت باشلىقلىرىغا: «سەنلەر قايتمايسىلەر، موڭغۇلىيىگە قارايدىغان بولدۇڭلار» دېگەندە، ئۇلار: «بىز چارۋا - ماللىرىمىزدىن غەم قىلىپلا بۇ تەرەپكە كەلگەن، ئەمدى ئاتا ماكانىمىزغا قايتىپ كېتىمىز» دەپ جاۋاب بەرگەن. مۇشۇنداق تالاش - تارتىش ئىچىدە غەمدە قالغان ئەل دەلۋۈن (تاشقى موڭغۇل يېرى) دە تۇرىدىغان، يەرلىك ئەمما ئىچىدە گەپ - سۆزى ۋە ئىناۋىتى بار ئورازبەك ھاجى (قوشاق مولىقى قەبىلە) دېگەن كىشىگە موسايىپ، يىلقايدار دېگەن كىشىلەرنى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى ماكانىغا قايتىش توغرىسىدىكى تەلىپىنى تاشقى موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتىگە يەتكۈزۈپ قويۇشنى ۋە ئەقىل كۆرسىتىشنى ئۈمىد قىلغان. ئورازبەك ھاجى بارغانلارغا: «ھازىر بۇ ئىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ. ئەل - يۇرتقا



سالام دەڭلار، ئۆز كۆنلىرىنى ئۆزلىرى كۆرسۇن» دەپ جاۋاب بەرگەن. 5 - ئايغا كەلگەندە، قوراللىق ئەسكەرلەر كېلىپ، ھەممە ئىش شۇلارنىڭ دېگىنى بويىچە قىلىنىدىغانلىقىنى، ئەلنىڭ ئەركىنلىكى چەكلىنىدىغانلىقىنى ئېيتقان. رەئىس، ئىبرايقان، موسايىپ، ئىبرالى، ئورتەك قاتارلىق كىشىلەر: «كىشىنىڭ يۇرتىدا سۇلتان بولغىچە، ئۆز يۇرتۇڭدا ئۇلتان بول» دېگەن گەپ بار. باشقا ئەلگە قارايدىغان خىيال بىزدە يوق، قانداق قىلارمىز، يۇرتداشلارنىڭ كۆز يېشىغا قالارمىزمۇ، دېيىشىپ، «يۇدۇندىن ئەمدى كېچىكمەي قايتا كۆچۈش كېرەك» دېگەن مەسلىھەتكە كەلگەن.

بۇ، 6 - ئاي مەزگىلى ئىدى. بىر كۈنى كەنجىبېك ئىككى ئادىمى بىلەن ئەل ئارىلاپ، ئىبرالىنىڭ ئۆيىگە بارغان. بۇنى ئاڭلىغان ئىبرالى ئالدىنقى مەسلىھەت بويىچە، بىر نەچچە ياش يىگىتلەر بىلەن بىرگە كەنجىبېك چۈشكەن ئۆيگە بارغان. گەپنى قانداق باشلاشقا ئوڭغايسىزلىنىپ تۇرغاندا، كېيىن كەلگەن بىر يىگىت يېنىدىكى يىگىتكە: «تېرە ئىشتىنىڭنىڭ پۇشقىقى نېمانچە يىرتىلىپ كەتكەن؟» دېگەن. شۇ چاغدا كەنجىبېك تۇرۇپ: «ھە، پۇشقاق بىلەن توختاپ قالماي، بەلكى ئىشتاننىڭ بەلبېغىمۇ ئۈزۈلۈپ كېتەر» دېگەن. دەل شۇ ۋاقىتتا تەييار تۇرغان بىر نەچچە يىگىت: «بۇ، سېنىڭ بىزنى تۈزغىن (قاچقۇن) ئەل دېگىنىڭ ئەمەسمۇ؟» دەپ، ئۇچىلىسىنى تۇتۇپ، باتبايىر بىلەن يەنە بىرىنى ئېتىپ تاشلاپ، كەنجىبېكنى ئۆلتۈرمەي باغلاپ قويغان. شۇنىڭ بىلەن ئەل دەرھال كۆچۈشكە ھەرىكەت قىلغان. شۇ چاغدا ئەل ئىچىدە يۈرگەن 30 دەك چېرىك (ئەسكەر) ئاتقا مىنىپ، بىر تەرەپتىن ئوق ئېتىپ ئەلنى قورقۇتماقچى بولغان بولسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ئەلدىن

قورقۇپ تىكىۋەتكەن. مۇشۇنداق جىددىي ئەھۋالدا، شاپەن (قۇل مولقى)، كونىس (جەنتەكەي ئىچىدە تاسبىيكە) دېگەن ئىككى يىگىت ئارقىسىغا قارىتىپ مىلتىق ئېتىپ، قېچىپ كېتىۋاتقان چېرىكلەردىن ئىككى دانە مىلتىق تارتىۋالغان. تەييار تۇرغان ئەل يۈك - تاق ئارتقان تۆگە ۋە مىنگەن ئۇلىغىدىن باشقا مالغا قارىماي، ئالتاينى نىشان قىلىپ بىراقلا كۆچكەن. ئەل ئىچىدىن 60 تەك قورالىق بار ئادەم، كۆچكەن ئەلنى قوغداپ ماڭغان. ھېلىقى 30 دەك چېرىك قايتا تەييارلىنىپ كېلىپ، ئۇلار بىلەن سوقۇشقان. بايدۇللا (تاسبىيكە) دېگەن ئادەم ئوق تېگىپ يارىلانغان. چېرىكلەر مىلتىق ئېتىپ، كۆچكەن ئەلنى داۋاملىق قوغلىغان. كۆچكەن ئەل ئۇلاندابا (موڭغۇلىيە يېرى) گە يېقىنلاشقاندا، سارباس مۇقاينىڭ ئاۋۇلىدا يول توسۇپ ياتقان قوراللىق 40 چېرىك ئالدى تەرەپتىن ئوق چىقارغان. نەتىجىدە، كۆچكەن ئەل ئالدى - ئارقىدىن ئېتىلغان ئوقلارنىڭ ئارىسىدا قالغان. شۇنداقتىمۇ، ئۇلار داۋاملىق ئىلگىرىلەپ، ئۇلاندابانىڭ چوققىسىغا يېقىنلاشقان. شۇ يەرگە كەلگەندە، ئۇكباس، باي زىكىر قاتارلىق 30 دەك ئۆي قايتا كۆچكەن. قالغانلار بىر تەرەپتىن ئېتىشىپ، بىر تەرەپتىن ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئۇلاندابا چوققىسىدىن ئۆتۈپ كەتكەن. يارىلانغان بايدۇللا چوققىدىن ئۆتكەندە يارىسى ئېغىرلىشىپ، ھوشىدىن كەتكەن. ئۇنىڭ ئىنىسى بەگىي ئۇنى ئۆلدى دەپ ئويلاپ، ئاچچىقىدا تۆگىگە باغلاپ ئېلىپ كېلىۋاتقان كەنجىبىكىنى ئېتىپ تاشلىغان. كېيىن، كىشىلەر بۇنى «كەنجىبىك ئۆلگەن زامان» دەپ ئاتاشقان. شۇنىڭ بىلەن، قايتا كۆچۈپ كەلگەن ئەل يۈك ئارتقان تۆگە ۋە مىنگەن ئاتلىرىدىن باشقا ماللىرىدىن ئايرىلغان ھالدا ئۆز ماكانلىرىغا قايتىپ كەلگەن.



ئۇكباس، تالپەشبەر قاتارلىق بىر بۆلۈم ئاۋۇللار كېيىنكى يىلى كۆچۈپ كەلگەن. بۇ ئەل ئىلگىرى بولغان ۋەقەلەرنى ۋە ئارقىدىن يەنە قوغلاپ كېلىشى مۇمكىن دېگەننى ئويلاپ، چىڭگىلدىكى ئەل باشلىقلىرىغا جاقاي (قۇل - مولقى) دېگەن ئادەمنى خەۋەر قىلىشقا ئەۋەتكەن. ھاكىم (قۇل - مولقى) كوپباي قاتارلىقلار 30 دەك ئادەم بىلەن ئەلنىڭ ئالدىغا چىققان. بۇ چاغدا تاشقى موڭغۇلىيىدىن قايتا كۆچكەن ئەل گەرگە ئوبادىن ئۆتۈپ كېلىپ بولغان. شۇڭا، ئەل بۇ ۋەقەنى «بەش تاسىق ئىلى قايتا كۆچكەن زامان» دەپ ئاتىغان. بۇ ۋەقە 1934 - يىلى ئىيولنىڭ ئاخىرلىرى بولغان. قايتا كۆچۈپ ئۇشكۆل يايلىقىغا توپلاشقان ئەل ئەس - ھوشىنى يىغىپ، قېپقالغان چارۋىلىرىنى ئىزدىمەكچى بولغان. شۇنىڭ بىلەن، رامازان (جەنتەكەي ئىچىدە تاسبىيكە)، قاسەن قاتارلىقلار بىر توپ ئادەملەرنى باشلاپ، تاشقى موڭغۇلىيە يېرىگە ئۆتۈپ، ئۆز ماللىرىنى ئىزدىگەن، ئۆز مېلى تېپىلغانلار ئۆز مېلىنى، ئۆز مېلى تېپىلمىغانلار «مال ئورنىغا مال» دەپ شۇ ئەلنىڭ مېلىنى ھەيدەپ قايتقان. بۇ سەپەردە رىسلىبېك، باتتال، سەدۋاقاس (جانتەكەي ئىچىدە چاقاباي) قاتارلىقلار ئوق تېگىپ ئۆلگەن، شۇنىڭدەك بۇ قىلمىش چىڭگىلدىكى قېرىنداشلارنىڭ قانلىق قىرغىنچىلىققا ئۇچرىشىغا سەۋەبچى بولغان.

## قانلىق قىرغىنچىلىق

1934 - يىل (ئىت يىلى) نىڭ كۈز ئايلىرى، چىڭگىل ئەتراپىنى ماكان قىلغان ئەلنىڭ كۆپچىلىكى يازلىق يايلاقتىن قايتىپ، كۈزلۈك يېرىگە چۈشكەن، ئاز ساندىكى ئەل تېخى يايلاقتىن قايتىپ بولالمىغانىدى. شۇ ۋاقىتتا ئەل ئىچىدە: «تاشقى موڭغۇلىيە تەرەپتىن ئەسكەر كەلگۈدەك» دېيىلىدىغان خەۋەر تارقىلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 15 -

كۈنگىچە ئارىلىقتا تاشقى موڭغۇلىيىدىن نەچچە يۈز ئاتلىق ئەسكەر ۋە بىر ئۇرۇش ئايروپىلانى كېلىپ، چىڭگىل بويىدىكى ئەل ئۈستىدىن دەھشەتلىك قىرغىنچىلىق يۈرگۈزگەن. ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ بىر قىسمى بۇلغۇن (يەر ئىسمى) نى بويلاپ (ئايروپىلانمۇ شۇ تەرەپتە) كېلىپ، بۇلغۇن ياقىسى، چاغانغول ياقىسى ۋە چىڭگىلدىن تارتىپ قارىياغاچقىچە ئاسماندىنمۇ، يەردىنمۇ ئوق ياغدۇرۇپ قىرغىنچىلىق قىلغان. ئايروپىلان قانچىلىك بومبا تاشلىغىنى بىلەنمۇ، ئەل ساي - سايلادا ۋە قېلىن ئورمانلىق ئىچىدە تارقاق بولغاچقا، ئانچە كۆپ زىيان يەتكۈزەلمىگەن. لېكىن، ئاتلىق ئەسكەرلەر ئالدىغا ئۇچرىغانلا ئادەمنى قىرىپ تاشلىغان. ئۇلار چاغانغول ئېغىزىغا ئولتۇراقلاشقان قوجان ئاۋۇلىدىن 10 نەچچە ئادەمنى تۇتۇۋېلىپ، ئارغامچا بىلەن بىر - بىرىگە چېتىپ باغلاپ ئېلىپ كەتكەن. ئۇلار ئۇ يەر - بۇ يەردە تۇتۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئادەملەرنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. شۇ جەرياندا، شاغانغول ئېغىزىنىڭ يۇقىرى قىسمىغا ئولتۇراقلاشقان بايقادام ئاۋۇلىدىكى ئادەملەر چېرىكلەر بىلەن ئېتىشىپ قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئۆزلىرىنى قوغدىغان بولسىمۇ، ئاۋۇلنىڭ بارلىق مال - مۈلكىنى چېرىكلەر بۇلاپ كەتكەن. بۇ ۋەقە ئەل ئاغزىدا «بايقادام ئېلى بۇلانغان زامان» دەپ ئاتالغان.

يەنە بىر يولدىكى ئاتلىق ئەسكەرلەر ئىككى چىڭگىلنىڭ قوشۇلغان يېرىدىن تۆۋەنگە قاراپ باستۇرۇپ كېلىۋاتقاندا، ئېقىنغا ئولتۇراقلاشقان ئەل قورقۇپ كېتىپ، ئالدى - ئارقىسىغا قارىماي قېچىپ كەتكەن. بۇ ۋاقىت ئالتاينى شارپىقان باشقۇرۇپ تۇرغان ۋاقتى ئىدى. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ئالتاي ھۆكۈمىتى سەيىتقازى، بايموللا قاتارلىق ئادەملەرنى قېچىپ ئۈچ تۈڭكەنىڭ قويۇش ئېغىزىغا يېتىپ كەلگەن ئەلنىڭ ئالدىغا ئەۋەتكەن. ئۇلار نوغايباي ئۇكۇردايىنىڭ ئاۋۇلىغا كېلىپ،



ئۇ يەردە ئەل باشلىقلىرىنى چاقىرىپ يىغىن ئېچىپ: «ئەل قورقمىسۇن، قىرغىنچىلىق بولمايدۇ» دەپ تەشۋىق قىلىپ، ئەلنى خاتىرجەم قىلماقچى بولۇۋاتقاندا، يىغىن ئۈستىگە بىر ئايروپىلان كېلىپ، ئاۋۇلنىڭ ئۈستىنى ئايلانغان. بۇ چاغدا ئەلنى خاتىرجەم قىلماقچى بولۇپ كەلگەنلەرمۇ قېچىپ، قومۇشلۇققا يوشۇرۇنغان. لېكىن، ئايروپىلان ئاۋۇلغا بومبا تاشلىماي، كەلگەن يولى بىلەن قايتىپ كەتكەن. بۇ، ئايروپىلاننىڭ ئىككىنچى قېتىم كېلىشى ئىدى. بۇنىڭدىن بىر كۈن ئىلگىرى يۇقىرىدا ئېيتىلغان «بايقادام ئېلى بۇلانغان زامان» ۋە قانكەلدى، سەكەل ئاۋۇللىرىنىڭ قىرغىنچىلىققا ئۇچرىشى يۈز بەرگەنىدى. شۇ چاغدا مۇشۇ يالغۇز ئايروپىلان چۈشتىن ئىلگىرى بىر قېتىم، چۈشتىن كېيىن بىر قېتىم كېلىپ، چىڭگىل ئەتراپىنى بومباردىمان قىلىپ، زور قىرغىنچىلىق يۈرگۈزگەن. بۇ ۋەقەدىن ئۈچ تۈڭكە ئېقىنىدىكى ئەل خەۋەرسىز ئىدى.

ۋەقە مۇنداق بولغان: بىر نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا چىڭگىلدىكى ئەل يايلاقتىن كۆچكەندە، قارابالچىقتا تۇرغان ئەل ئورنىدىن قوزغالماي تۇرۇۋەرگەن (بۇلار قىرغىنچىلىق بولىدىغانلىقىنى ئويلىمىسا كېرەك). بۇلار جىلماسباي زەڭگىگە قاراشلىق قانكەلدى، سەكەل قاتارلىق ئاۋۇللار بولۇپ، كۆچكەن ئەل كېتىپ ئىككى - ئۈچ كۈندىن كېيىن قوزغالغان. ئۇلار ئۆتىبۇلاقنى (يەر ئىسمى) بويلاپ، تاراتىنى (يەر ئىسمى) بېسىپ، كىچىك چىڭگىل تەرەپتىن ئۆتۈپ، چوڭ چىڭگىلگە چۈشىدىغان كەڭ مويناق دېگەن بەلدىن تۆۋەنگە چۈشۈپ كەتمەكچى بولغان. ئۇلار 200 گە يېقىن ئادەم ئىدى. ئۇلار ئارقىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان چېرىكلەردىن قۇتۇلۇشنىڭ غېمىنى يەپ، ماللىرىنى تېز ھەيدەپ، ئالدى قىسمى مويناققا ياماشقان، كەينى قىسمى دەرىيادىن ئۆتۈۋاتقان چاغدا، ئاسماندىن گۈرۈلدىگەن ئاۋاز ئاڭلىنىش بىلەن

تەڭ بىر ئايروپىلان كېلىپ، كۆچۈپ كېتىۋاتقانلارنىڭ ئالدىغا
ئىككى بومبا تاشلىغان. بومبا پارتلاپ، ئەتراپنى زىلزىلىگە
كەلتۈرگەن. ھاۋا ئۇرۇشىنى كۆرۈپ باقمىغان ئەل ئالاقزادە بو-
لۇپ، تارقىلىپ كېتىشنىڭ ئورنىغا توپ بولۇشۇپ، قارادابابا
(يەر ئىسمى) غا قاراپ ماڭغان. چېگىلىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىن
كېلىپ قارادابابا ئالدىن ئورۇنلىشىۋالغان موڭغۇلىيە ئاتلىق
ئەسكەرلىرى بۇلارنى توسۇپ ئوققا تۇتقان. دېمەك، ئاسماندىن
ئايروپىلان، يەردىن ئەسكەرلەر ئوق ئېتىپ قىرغىن قىلغان. مۇ-
شۇنداق ۋەزىيەتتە، قونداقباي باشلىغان 30 — 40 دەك ئادەم
بار قوراللىرى بىلەن سوقۇشۇپ، قۇتۇلۇپ قالغان. بۇلاردىن
باشقا، مال ھەيدىگەن ئون نەچچە ئادەممۇ ماللارنى تاشلاپ، قې-
چىپ قۇتۇلغان. توپ ئىچىدىكى جىلماسباي زەڭگى بۇ ئېغىر
قىرغىنچىلىقنى كۆرۈپ، ئەل قىرغىنچىلىققا ئۇچرىسا، ئامان قال-
غانلىقىنىڭ نېمە پايدىسى بار دېگەن ئويغا كېلىپ، يوشۇرۇنغان
يەردىن ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىغا سەكرەپ چىققان. لېكىن، شۇ
چاغدا 200 دەك ئادەمنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ دۈشمەن قولىدا ئۆ-
لۈپ بولغانلىقىنى جىلماسباي تولۇق مۆلچەرلىيەلمىگەن. ئەس-
كەرلەر ئۇنى تۇتۇپ، موڭغۇلىيىگە تىرىك ئېلىپ كەتكەن.

قىرغىنچىلىق بۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشقىنى يوق. ئەسكەرلەر
قارادابانى ئۈچ كۈن قورشاۋغا ئالغان. ئايروپىلان دەسلەپكى
كۈنى ئىككى قېتىم بومباردىمان قىلغاندىن كېيىن، قايتىپ كې-
تىپ ئىككىنچى كۆرۈنمىگەن. ئېچىنارلىقى شۇكى، قورشاپ ياتقان
ئەسكەرلەر ئۆلگەنلەرنى ئاختۇرۇپ، چالا ئۆلگەن ئەرلەر بىلەن
ئېغىر ئاياق ئاياللارنى قايتا قىلىچ بىلەن چېپىپ ياكى ئېتىپ
ئۆلتۈرگەن. ئىككى كۈندىن كېيىن، ئەسكەرلەر چوڭقۇرلارغا ۋە
ئۆڭكۈرلەرنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغان 60 دەك ئادەمنى: «ئەمە-
دى سىلەرگە تەگمەيمىز، ئاماق يەڭلار» دەپ ئالداپ يىغۋې-



لىپ، قىزىلقايىڭ (يەر ئىسمى) دېگەن يەرگە ئېلىپ بارغاندىن
كېيىن، ھەممىسىنى ئارغامچا بىلەن باغلاپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ
ئارىسىدىن 20 نەچچە ئەرنى ئېتىپ تاشلىغان؛ قالغان قېرى
چۈرى، يارىلانغان ئاياللارنى قويۇۋەتكەن. شۇ قېتىم قويۇۋېتىل-
گەن ئادەملەرنىڭ بەزىلىرى ھازىرمۇ ھايات بار. ئۇلار بۇ ۋە-
قەنى ئەسلىگەندە كۆز يېشى قىلىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىلغان 200
دەك ئادەمدىن ئاران 100 گە يېقىن ئادەم ھايات قالغان. ئۇ-
لار ئاچ - يالىڭاچ پىيادە يول يۈرۈپ، ئارغىلىتا (يەر ئىسمى)
ئېغىزىغا كېلىۋالغان. شۇنىڭدىن ئون كۈن كېيىن، ھايات قال-
غانلار قارادابابا قايتىپ بېرىپ، بىر نەچچە تىرىك قالغانلارنى
قۇتۇلدۇرۇپ، ئۆلگەنلەرنى يەرلىككە قويۇپ قايتقان. يەنە
ئېچىنارلىقى شۇكى، ئۆلگەن مال بىلەن ئادەملەرنىڭ گۆشلىرىگە
تويۇنغان ئىتلار غالجىرلىشىپ، بارغان ئادەملەرنى ئاسانلىقچە
يېقىن كەلتۈرمەيدىغان ھالەتكە كېلىپ قالغان. دېمەك، قارادا-
بانىڭ باغرىدا قانكەلدى، سەكەل قاتارلىق ئەلدىكى يۈزلىگەن
بىگۇناھ قېرىنداشلارنىڭ قېنى بىھۇدە تۆكۈلگەن. شۇڭا، چىڭ-
گىل ئېلى بۇ مەزگىلنى «قانكەلدى - سەكەل ئېلى قىرىلغان
زامان» دەپ ئاتىغان. شۇ قېتىمقى قىرغىنچىلىقتا قانچىلىك
ئادەم ئۆلگەنلىكى توغرىسىدا يازما مەلۇمات بولمىسىمۇ، چوڭلار-
نىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، 540 دەك ئادەم ئۆلگەن. شۇ نۆۋەت-
تە تاجاۋۇزچى ئەسكەرلەر نۇرغۇن مال - چارۋىلارنى بۇلاپ كەت-
كەن. قىرغىنچىلىقتا ئۆلگەن چارۋىلارنىڭ سۆڭەكلىرىنى ھازىرمۇ
كۆرگىلى بولىدۇ.

مەيلى، قانكەلدى - سەكەلنىڭ قىرغىنغا يولۇقۇشى بول-
سۇن، مەيلى بايقادام ئېلىنىڭ بۇلاڭ - تالاڭغا ئۇچرىشى بول-
سۇن، ھەممىسى بىر مەزگىلدە يۈز بەرگەن ۋەقە بولۇپ، ئايرو-
پىلاننىڭ بومباردىمان قىلىشى قىرغىنچىلىقنى ئېغىر

دەرىجىگە يەتكۈزگەن. شۇ قېتىمدا، چىڭگىل بويىدىكى ئەلدىن 800 دەك ئادەم ئۆلگەن، ئۇلارنىڭ مال - مۈلكى بۇلاپ كېتىلگەن. شۇ سەۋەبتىن، خەلق بۇنى ئۇنتۇلماس «يالغۇز ئايروپىلان ۋەقەسى» دەپ ئاتاشقان.

## چىڭگىل خەلقىنىڭ ئاخىرقى قېتىم كۆچۈشى

1945 - يىلى 9 - ئايدا ئالتايدا ۋالىي مەھكىمىسى قۇرۇلۇپ، ۋالىيلىققا ئوسمان، مۇئاۋىن ۋالىيلىققا دەلېلقان سوگۇر بايۇۋ تەيىنلەندى، يەنە ئالتاينىڭ يەتتە ناھىيىسىگە بىردىن ھاكىم سايلاندى. جۈملىدىن چىڭگىل ناھىيىسىگە ھەسەن ئىرسقان ئوغلى (ھازىر چىڭگىل ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى) ھاكىم بولدى.

1946 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئوسمان بىلەن دەلېلقان ئوتتۇرىسىدا كېلىشەلمەسلىك پەيدا بولۇپ، دەلېلقان «ئۈچ ۋىلايەت» تەرەپتە تۇردى، ئوسمان يۈز ئۆرۈپ گومىنداڭ تەرەپكە ئۆتتى. يىل ئاخىرىدا ئىككى ئوتتۇرىدا سوقۇش بولدى. شۇنىڭ بىلەن، چىڭگىلدىكى ئەل باشچىلىرى بىلەن كېرەككە كېلىدىغان يىگىتلەر ئىككىگە بۆلۈندى. لاتىپ باشلىغانلار ئوسمان تەرەپكە؛ ۋاتقان، نەزىر باشلىغانلار دەلېلقان تەرەپكە ئۆتتى. 1946 - يىلى دېكابىردا دەلېلقاننى قوللىغۇچىلار چىڭگىلدىن مۇنتاي، مايسەن قاتارلىق ئادەملەرنى ئالتايغا ئەۋەتىپ، دەلېلقانغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. بۇنى بىلگەن ئوسمان ئۆز ئادەملىرىدىن قابىي، قايساباي، كاشاپات قاتارلىقلارنى تۇرىمتال، شاۋقار دېگەن جايلارغا (ھەممىسى كۆكتوقايغا قاراشلىق يەرلەر) يوشۇرۇن ئەۋەتىپ، دەلېلقان بىلەن كۆرۈشۈپ قايتىپ كېلىۋاتقان ئادەملەرنى تۇتتۇرۇپ كېلىپ، ئۆز قولىدا بىر ئاي-



دەك تۇتۇپ تۇرۇپ، چىڭگىلدىن جىلقايدار، قايىم قاتارلىق كىشىلەر كەلگەندىن كېيىن ئاندىن قويۇۋەتكەن.

1947 - يىلى ئاپرېل ئېيىنىڭ بېشىدا ئوسمان ئۇرۇشتا يېڭىلىپ، بەيتىككە قېچىپ كېتىدۇ. شۇ يىلى 5 - ئايدا ئالتايدىن يۈسۈپجان، ئاز، رازدان ئىمام قاتارلىق ئادەملەر 100 دەك ئەسكەر بىلەن كېلىپ (بۇلارنى ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسى ئەۋەتكەن)، چىڭگىلنىڭ كۆكتال دېگەن يېرىدە ئەل باشلىقلىرى بىلەن يىغىن ئاچىدۇ. يىغىندا ئوسمان تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن لاتىپتىن باشقا، چىڭگىلدىكى ئەل مۆتىۋەرلىرى تولۇق قاتنىشىدۇ. بۇ ۋاقىتتا لاتىپكە ئەگىشىپ كەتكەنلەردىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى بار ئىدى. بۇ يىغىن ئەلنىڭ پاراكەندە بولماسلىقى، ئوسمانغا ئەگەشمەسلىك ئىستىقبالى يوقلۇقى توغرىسىدا ئاممىغا چۈشەنچە بېرىشنى مۇھىم مەزمۇن قىلغان. يىغىن ئاخىرىدا، چىڭگىلدىن نەزىر، ۋاتقان، ھەسەن، قايىم قاتارلىقلارغا 5 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئالتايغا يىغىنغا بېرىش ئۇقتۇرۇلغان. ئۇلارمۇ بارىمىز دەپ پوزىتسىيە بىلدۈرگەن. 1947 - يىلى 20 - مايدا ۋاتقان بىلەن نەزىر قايىمنىڭ ئۆيىگە بارغاندا، «ھەسەن ئوكۇرداي باشلىغان بىر قىسىم ئەل ئوسمانغا قوشۇلۇش ئۈچۈن بەيتىككە كۆچمەكچى» دېگەن خەۋەر كېلىدۇ (ھەسەنگە قاراشلىق ئەل شۇ ۋاقىتتا سەكىلتايدا ئىدى). نەزىر بىلەن ۋاتقان ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئالتاينىڭ تاقىربۇلاق بېشىدا تۇرۇشلۇق مىللىي ئارمىيە روتا شتابىغا مۇنتاي دېگەن ئادەم ئارقىلىق خەۋەر بېرىپ، ئۆزلىرى ئالتاينىڭ قارا ئۆتكەل (يەر ئىسمى) دېگەن يېرىدە تۇرۇشلۇق مىللىي ئارمىيە پولك شتابىغا بارىدۇ (شۇ ۋاقىتتا ئالتايغا يىغىنغا بارىدىغانلار شۇ يەرگە بېرىپ، ئاندىن ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ماڭاتتى). ئۇلار باش شتابقا بېرىشى بىلەنلا، ئالدىن خەۋەر تاپقان تاقىر بۇلاقتىكى

روتادىنمۇ ئىككى ئادەم كېلىپ، ئەھۋالنى دوكلات قىلىدۇ. يىغىنغا بارىدىغان نەزىر بىلەن ۋاتقان ۋە يەنە ئىككى خەۋەرچىدىن ئەھۋالنى تولۇق ئۇققاندىن كېيىن، باش شتابتىن پولك كوماندىرى يۈسۈپجان ئۆزى 50 ئاتلىق ئەسكەر، بىر ماشىنىدا 20 دەك پىيادە ئەسكەر بىلەن دەرھال يولغا چىقىپ، ھەسەن ئەلىنى توختىتىشقا ماڭىدۇ. ئۇلارغا يول باشلاش ئۈچۈن نەزىر بىلەن ۋاتقان داناۋ دېگەن ئادەمنى چىقىرىپ بېرىدۇ (بۇ كىشى ھازىرمۇ بار). بۇ چاغدا مىللىي ئارمىيىنىڭ تاقىر بۇلاق بېشىدا تۇرۇشلۇق سىمەكە باشچىلىقىدىكى روتىسىمۇ ھەسەن ئەلىنى توختىتىشقا كېلىدۇ. ئۇلار كۆچكەن ئەلنى بىر نەچچە قېتىم توسۇپ باققان بولسىمۇ، كۆچكەن ئەل توختىغىلى ئۇنىمايدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار چوڭ قارا سۇ ئېغىزىدا توقۇنۇشۇپ ئېتىشىپ قالىدۇ. كۆچكەن ئەل توختىماي مېڭىپ، سار توقايغا بارغاندا، يۈسۈپجان باشلىغان ماشىنىدىكى ۋە ئاتلىق ئەسكەرلەرمۇ يېتىشىپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا دەرياغا تاشقىن كېلىپ، سۇ ئۇلغىيىپ قالغانلىقتىن، كۆچكەن ئەلنىڭ بىر قىسمى دەريادىن ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنە بىر قىسمى ئۆتەلمەي تۇرغاندا، يۈسۈپجاننىڭ ئەسكەرلىرى ئۇلارنى توختىتىپ، مال - چارۋا ۋە ئادەملەرنى قوغداپ تۇرىدۇ. شۇ چاغدا، ئوسماننىڭ ئالتاي ۋەزىيىتىنى چارلاشقا ئەۋەتكەن رەقىم، كاشاپان باشچىلىقىدىكى 20 دەك ئادىمى سارتوقايغا يېتىپ كېلىپ، يۈسۈپجاننىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئېتىشىدۇ. بۇ جەرياندا يۈسۈپجاننىڭ ئەسكەرلىرى ئەپسىز شارائىتتا بولغاچقا، مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، بازاي باشلىق 70 نەچچە ئەسكەر چىقىم بولىدۇ. يۈسۈپجان بىر نەچچە ئەسكىرى بىلەن بىللە قولغا چۈشۈپ قالىدۇ. نەتىجىدە، ھەسەن باشچىلىقىدىكى 80 نەچچە ئۆيلۈك ئەل ھېچقانداق چىقىمسىز بەيتىككە ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇ



1947 - يىلى 5 - ئاينىڭ ئاخىرىدا يۈز بەرگەن ۋەقە بولۇپ، بۇنى ئەل «ھەسەن ئېلى ئوسمانغا قوشۇلغان، يۈسۈپجان پولكىنىڭ ئەسىرگە چۈشكەن ۋاقىت» دەپ ئەسلىشىدۇ.

1947 - يىلى 7 - ئاينىڭ باشلىرى، ئەل يايلاقتىكى ۋاقىت ئىدى. لاتىپ بەيتىكتىكى ئوسماننىڭ يېنىدىن كېلىپ، تىلەۋتى دېگەن يەردە چىڭگىلدىكى ئەل باشچىلىرىنى چاقىرىپ يىغىن ئاچىدۇ. يىغىندا لاتىپ: «ئەلنىڭ ھەممىسى بەيتىككە كۆچسۇن، ئوسمانغا قوشۇلمىسا، كۆچمىگەنلەر جاجىسىنى يەيدۇ، زورلاپ كۆچۈرىمىز» دەپ جار سالىدۇ. بۇ ۋاقىتتا دەلىلقان تەرەپتىكىلەردىن ئالتايغا يىغىنغا كەتكەنلەر تېخى يېتىپ كەلمىگەنىدى. لاتىپ، جۇقاي باشلىغان ئادەملىرىنى ئەلنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىپ، ئۈچبۇلاق دېگەن يەردە توسۇپ، بەيتىككە قايتا كۆچۈرۈشكە ھەرىكەت قىلىدۇ. ئەل ئالتە توپلاق بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى بەيتىككە كۆچمەكچى بولىدۇ. ئاز بىر قىسمى كۆچمەيدىغانلىقىنىڭ چارىسىنى قىلىدۇ. بۇنىڭدا نەزىر، ۋاتقان تەرەپتىكىلەردىن قالقىباي، چاقاباي ئاۋۇللىرى، مولقى قەبىلىسىدىكى باتاي ھاجى، قاۋۇلخان، دۈنەن، نۆكتە، ئىساباي، ساقابا، ۋاتقان قاتارلىق بىر نەچچە غوللۇق ئاۋۇللار بولۇپ، جەمئىي 320 دەك ئائىلە كۆچمەي قالىدۇ، كۆپ قىسىم ئەل (مىڭغا يېقىن ئائىلە) لاتىپكە ئەگىشىپ بەيتىككە كۆچۈپ كېتىدۇ. ئۇلار 6 - ئاينىڭ بېشىدا بۇلغۇننىڭ تۇتاشقان يېرى — دۆڭتىنگە بارغاندا، ئۈچ ۋىلايەت ئەسكەرلىرى (ئۇ چاغدا «شەرقىي» دەپ ئاتىلاتتى) قوغلاپ كېلىپ، كۆچكەن ئەلنى توختاتماقچى بولىدۇ. بىراق، كۆچكەن ئەل توختىمايدۇ. ئاخىر ئۈچ ۋىلايەت ئەسكەرلىرى ئوسمان باندىتلىرى بىلەن ئېتىشىدۇ. تېپىشقان دەرياسىدا كەلكۈن بولغانلىقتىن، چارۋا - ماللارنى ئۆتكۈزۈشكە ئامال بولماي، كۆچكەن ئەلنىڭ كۆپ قىسمى مال

بىلەن بەيتىككە كېتىدۇ. بىر قىسىم ئاۋۇللار چارۋا - ماللىرىدىن ئايرىلغۇسى كەلمەي كۆچمەي قالىدۇ. ئۈچ ۋىلايەت ئەسكەرلىرى شۇ قېتىمقى لاتىپ باشچىلىقىدا بەيتىككە كۆچكەن ئەلدىن 40 مىڭدەك قوينى ئولجا ئالىدۇ.

بۇ ۋەقەنى ئەل «1947 - يىلى شەرقىي① دە 40 مىڭ قوي قالغان زامان» دەپ ئاتىغان. بۇ، چىڭگىل ئېلىنىڭ 1947 يىلدىكى ئىككىنچى قېتىملىق كۆچۈشى ئىدى. كۆچمەي قالغان 320 دەك ئائىلە يازدا چوڭ چىڭگىلنىڭ باش تەرىپىدە يايلايدۇ. ئالتايغا يېقىنغا كەتكەن نەزىر، ۋاتقان قاتارلىقلار ئەل يايلاق ئۈستىدە تۇرغاندا قايتىپ كېلىدۇ. ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىدىن بىر روتا ئەسكەر شۇ يەردە بىرگە تۇرغان.

1947 - يىلى 10 - سېنتەبىردە، ئەل يايلاقتىن تۆۋەنگە چۈشۈپ، چاغقان دېگەن يەردە كۆكسىگىن ئۆكۈر دائىنىڭ يىل نەزىرىنى بېرىۋاتقان چاغدا، ئوسماننىڭ تىركەش قاپاس باشلىغان 700 دەك ئادىمى كېلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىنىڭ ئالتاي — قۇبۇق پولكى بىلەن سوقۇشتى. نەتىجىدە، ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسى چىڭگىلدىن ئېرتىش دەرياسىنىڭ باش تەرىپىگە چېكىندى. نەزىر ئەل ئىچىدە قالدى، ۋاتقان ئوسمان تەرەپنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. قۇبۇق پولكىدىن ئىبرايىمباي بىر قىسىم ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، تاشقى موڭغۇلىيىگە ئۆتۈپ كەتتى. 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئوسماننىڭ قاپاس باشلىغان 700 ئادىمى ئالتايغا ھۇجۇم قىلىپ، سارسۇمبە (ھازىرقى ئالتاي شەھىرى) نى تارتىۋالدى. دەلىلقانلار ئالتايدىن چېكىنىپ چىقىپ كەتتى. ئوسمان ئۆز ئالدىغا قورچاق «ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسى» قۇرۇپ، ۋالىيلىققا لاتىپنى تەيىنلىدى. بۇ ھاكىمىيەت ئاران 10 نەچچە كۈن جان باقالىدى. ئىيۇننىڭ

① شەرقىي — شەرقىي تۈركىستانچىلار دېمەكچى.



بېشىدا بەيتىككە كۆچكەن ئەلنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئالدىدا كۆچكەن ھەسەن ئاۋۇلىنىڭ كۆپ قىسمى چىڭگىلغا قايتا كۆچۈپ كەلدى. 1947 - يىلى 9 - ئاينىڭ ئاخىرى، 10 - ئاينىڭ باشلىرىدا، دەلىلقان ئۆز قوشۇنىنى تولۇقلاپ كېلىپ، ئالتايدا ئوسمان بىلەن سوقۇشۇپ، ئوسمان باندىتلىرىنى ئالتايدىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئالتاينى ئازاد قىلدى. ئوسماننىڭ يان تاياقلىرىدىن لاتىپ، ھەسەن قاتارلىقلار چىڭگىلغا قېچىپ كەتتى.

1947 - يىلى 11 - ئايدا چىڭگىل ئېلىنىڭ ھەممىسى بەيتىككە كۆچۈپ كەتكەنىدى. شۇ ئاينىڭ ئاخىرىدا بەيتىكتىن مورى، باركۆل، گۇچۇڭ تەرەپلەرگە كۆچۈپ كەتتى.

يىغىپ ئېيتقاندا، چىڭگىل ئېلى 1947 - يىلى يەنە بىر قېتىم كۆچۈپ، ئۆز ماكانىدىن ئايرىلغان. بۇنى شۇ ۋاقىتتىكى تۇراقسىز ئىجتىمائىي ۋەزىيەت پەيدا قىلغان. بۇ ۋەقە ئەل ئاغزىدا «چىڭگىل ئېلىنىڭ 1947 - يىلى ئۆز ماكانىدىن باشقا يۇرتقا كۆچۈشى» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. شۇ قېتىمقى كۆچۈش چىڭگىل ئېلىنىڭ ئاخىرقى كۆچۈشى ھېسابلىنىدۇ. شۇ چاغدا چىڭگىلدە پەقەت 13 ئائىلىلا قالغان. ئۇلار ئىنتايىن كەمبەغەللەر بولۇپ، كۆچۈشكە قۇربى يەتمەي قالغانىدى. ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەي، ئېقىپ يۈرگەن ئايىنباي، چوكەن قاتارلىقلار بۇ كەمبەغەللەرنىڭ قولىدىكى چارۋا - ماللىرىنى بىرىنىمۇ قويماي بۇلاپ كەتكەن. «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» دېگەندەك، ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ ئادەملىرى كېلىپ، بۇ كەمبەغەللەرنىڭ كېرەككە كېيىلىدىغان تەرسە - كېرەكلىرىنى پاك - پاكىز سۈپۈرۈپ كەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن، ئامالسىز قالغان كانابىل قاتارلىق 6 — 7 ئادەم گۇچۇڭغا كۆچۈپ كېلىۋالغان. قالغانلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئاچ - يالىڭاچلىقتا ئۆلۈپ تۈگىگەن. پەقەت 11 نەپەر ئادەم سار

توقايدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىگە يولۇقۇپ، ئامان قالغان. بۇلارنىڭ بەزىلىرى ھازىرمۇ ھايات.

1947 - يىلى چىڭگىل ئېلى كۆچكەندە قېپقالغان 40 ئادەمنىڭ ئەھۋالى يۇقىرىقىدەك. ئۇلارنىڭ ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ئۇلگۈرەلمىگەنلىكتىن، قىسقىچە بايان قىلدۇق. 1949 - يىلى ئىيۇندا گۇچۇڭدىكى نەزىر، ۋاتقان باشلىغان ئەل گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ۋە ئوسمان باندىتلىرىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، چىڭگىلگە قايتا كۆچۈپ كەلگەندە، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالغان.

قىسقىسى، چىڭگىل قازاقلىرى ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتا، چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرى ۋە ئەل ئىچىدىكى فېئودال ئەزگۈچى كۈچلەرنىڭ قانلىق قىرغىنچىلىقى تۈپەيلىدىن، ئۆزلىرىنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئانا ماكانىدىن بىر نەچچە قېتىم ئايرىلىپ، ئۇلارنىڭ بىر بۆلىمى غەربىي گېرمانىيە، ئامېرىكا، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە مۇساپىر بولۇپ كېتىپ، شۇ يەردە تۇرۇپ قېلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلۇغ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ باشچىلىقىدا، 1949 - يىلى ئېلىمىز خەلقى جۈملىدىن چىڭگىل ئېلىمۇ ئازادلىققا ئېرىشىپ، ئارقا - ئارقىدىن ئانا ماكانلىرىغا قايتىپ كەلدى. ئۇلار بۈگۈنكى كۈندە قەد كۆتۈرۈپ، خۇشال - خۇرام كۈن ئۆتكۈزمەكتە.

رەتلىگۈچى: ئاغىزانبەك كابىيرا ئوغلى. قازاقچىدىن

ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: قالى تۇراشۇۋ

**جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى**



# 30 - يىللار چوڭ داۋالغۇش مەزگىلىدىكى مەكىت

**ئادىل مۇھەممەت**

1932 - يىلىنىڭ ئاخىرى، 1933 يىلىنىڭ باشلىرىدا پارتلىغان تۇرپان قوزغىلىڭىنىڭ بىۋاستە تەسىرى بىلەن، كۇچادا تۆمۈر ئېلى (تۆمۈر شىجاڭ) باشچىلىقىدا بارلىققا كەلگەن قوراللىق كۈچلەر ناھايىتى تېزلا جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈزلىنىپ، كۇچا، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، قەشقەرگە قاراپ يۈرۈش قىلىدۇ. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان قەشقەر ئامبىلى مادوتەي ھەربىي قوماندان ياڭ تۈەنجاڭ (ياڭ چىڭمىن) نىڭ باشچىلىقىدا بىر بۆلۈك ئەسكەرنى مارالبېشى تۇمشۇقتا — تۆمۈر شىجاڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىنى توسۇشقا ئەۋەتىدۇ. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا بىر ئايدىن ئارتۇقراق ئۇرۇش بولغاندىن كېيىن، ياڭ تۈەنجاڭ قىسىملىرى بەرداشلىق بېرەلمەي، ئاۋۋال مارالبېشىغا، كېيىن مارالبېشىنىڭ غەربىي جەنۇبىي بىلەن يەكەن دەرياسىنى بويلاپ قەشقەرگە چېكىنىشكە باشلايدۇ.

ئەينى ۋاقىتتا، مەكىتتە «قۇمۇل - تۇرپانلاردىن غوجامللار ئىسلام ئاچقىلى كېلىۋېتىپتۇ» دېگەن خەۋەر كەڭ تارقىلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن، خەلق نوپۇزلۇق يۇرت چوڭلىرىدىن تۆرەخان غوجام باشچىلىقىدا قوزغىلىپ، ئاۋۋال ناھىيە بازىرىدىكى گۆرەكەش خەنزۇلارنىڭ گۆرەخانىلىرىنى بۇلاپ، داڭزىلىرى (ئالدى - بەردىنى تىزىملايدىغان دەپتىرى) نى كۆيدۈرىدۇ. ئۇلار يەنە «قۇمۇل - تۇرپانلاردىن كەلگەن غوجاملار تومشۇقتا كۇپار (دىنسىز) لار بىلەن ئۇرۇشۇۋېتىپتۇ» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ، قوللىرىغا يەرلىك ئوۋ مىلتىقى، قىلىچ، نەيزە، چوماق قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ: «غوجاملارنىڭ ئالدىغا بارىمىز» دېيىشىپ، تەخمىنەن 3 - 4 مىڭ كىشى يۇسۇپ خان غوجام، سايىم بەگ قاتارلىق يۇرت چوڭلىرىنىڭ باشلىشى بىلەن مارالبېشىغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئۇلار ئوقالىق (مارالبېشى تەۋەسى) دېگەن جايغا كەلگەندە، تومشۇقتىن چېكىنىپ ماڭغان ياڭ تۇەنجاڭ قىسىملىرىغا يولۇقىدۇ ۋە ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا قاتتىق ئۇرۇش باشلىنىدۇ. ياڭ تۇەنجاڭنىڭ زامانىۋى قوراللار بىلەن قوراللانغان قوشۇنى ئاددىي يەرلىك قوراللار بىلەن قوراللانغان خەلقنى ئېغىر پىلىموت بىلەن ئوققا تۇتىدۇ. لېكىن، خەلق بىرى يىقىلسا بىرى ئېتىلىپ تۇرىدۇ. مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە، سايىم بەگ ئوۋ مىلتىقى بىلەن پىلىموتچىنى ئېتىۋېتىدۇ. خەلق شۇئان ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، «دوست، دوست» دېيىشىپ، ئاتلىق ۋە پىيادە دۈشمەنگە ئېتىلىدۇ. نەتىجىدە ياڭ تۇەنجاڭ قوشۇنى بەرداشلىق بېرەلمەي قاچىدۇ. شۇ مالىمانچىلىقتا سايىم بەگ بىلەن نۇرغۇن كىشى ئوق تېگىپ ئۆلىدۇ، ئۇلار مەكىتكە قايتۇرۇپ كېلىنىپ چوڭ داغدۇغا بىلەن يەرلىككە قويۇلىدۇ. ئۇرۇش جەريانىدا ياڭ تۇەنجاڭ قىسىملىرىدىن خېلى كۆپ قورال ئولجا ئېلىنغانلىقتىن، زامانىۋى ۋە يەرلىك قوراللار بىلەن قوراللانغان بىر قوشۇنمۇ



پارلىقتا كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئادەم سانى 200 ئۆپچۆرىسىدە بولۇپ، يۇسۇپ خان غوجام تۇەنجاڭ بولىدۇ.

1934 - يىلى ما جۇڭيىڭ شىڭ شىسەي بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ، ئۈرۈمچىدىن چېكىنىپ جەنۇبقا يۈزلەندى. بۇ ۋاقىتتا غوجىنىياز ھاجى بىلەن ما جۇڭيىڭنىڭ ئىتتىپاقى ئاللىقاچان بۇزۇلۇپ، ئۇلارمۇ ئۆزئارا ئۇرۇشۇش ھالىتىگە كېلىپ قالغانىدى. شۇڭا، ما جۇڭيىڭنىڭ بۇ قېتىمقى چېكىنىشى، قارىماققا، غوجىنىياز ھاجىنى ما جۇڭيىڭ قوغلاۋاتقان، ما جۇڭيىڭنى شىڭ شىسەي قوغلاۋاتقاندەك ھالەتتە ئىدى. شۇ يىلى 1 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا غوجىنىياز ھاجى قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. بۇ ۋاقىتتا ئۇ، قۇرۇلغىنىغا ئۇزاق بولمىغان «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال جەمھۇرىيىتى» نىڭ رەئىسى سالاھىيىتى بىلەن قارشى ئېلىندى. لېكىن ئۇ، قەشقەرگە كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، مافۇيۈەن قىسىملىرىنىڭ قەشقەرگە بېسىپ كىرىشىگە تاقابىل تۇرالماي، يېڭىسار، يەكەن قاتارلىق جايلارغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى ھەم سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ياردەم بېرىش ئالدىدا قىلغان شەرتىگە ئاساسەن، «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال جۇمھۇرىيىتى» نى ئاستا - ئاستا بىكار قىلدى. بۇ ئىش 1934 - يىل 4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى جۇمھۇرىيەتنىڭ باش ۋەكىلى (باش مىنىستىرى) ساۋۇت داموللىنى مامۇت سىجاڭنىڭ قولىغا ئېلىشى بىلەن تاماملاندى. ئەسلىدە قەشقەر يېڭىشەھەر مۇھاسىرىسىدە قامىلىپ قالغان ماجەنساڭمۇ قەشقەرگە كېلىپلا ھەدەپ غوجىنىياز ھاجىلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشقا باشلىغانىدى. غوجىنىياز ھاجى ۋە مامۇت شىجاڭلار مەكىتكە كېلىپ تۇرۇشىغا، ماجەنساڭمۇ قوشۇنىنى باشلاپ ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلگەن ۋە ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا

يەكەن دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقى بويىدىكى يا خۇمدان دېگەن يەردە قاتتىق ئۇرۇش بولغانىدى. غوجىنىياز ھاجى يېڭىلىپ، مارالبېشى ئارقىلىق ئاقسۇغا كەتتى. مەكىت بولسا ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكىگە قالدى. ماجەنساڭ قوشۇنلىرى يەرلىك ئاممىنى بۇلاپ ۋە ئاياغ ـ ئاستى قىلىپ، مىنىشكە يارايدىغان ئات ۋە ئەسكەرلىككە يارايدىغان ئەرلەرنى ئېلىپ كەتتى.

1934 ـ يىلى ما جۇڭيىڭ ئەركەشتام ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قوشۇنى ما خۇسەننىڭ باشچىلىقىدا خوتەنگە بېرىپ ئورۇنلاشتى. غوجىنىياز ھاجى مەكىت ئارقىلىق ئاقسۇغا بارغاندىن كېيىن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلىنىپ ئۈرۈمچىگە كەتتى. مامۇت سىجاڭ بولسا، جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلىنىپ قەشقەرگە ئورۇنلاشتى. شۇنىڭ بىلەن، شىنجاڭدا نىسپىي تىنچ ۋەزىيەت بارلىققا كەلگەنىدى.

1937 ـ يىلى مامۇت سىجاڭنىڭ ۋەزىيەتنىڭ بېسىمى ئاستىدا لاداخ ئارقىلىق ھىندىستانغا چىقىپ كېتىشى شىنجاڭنىڭ جۈملىدىن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىدە يەنە بىر قېتىم چوڭ داۋالغۇش پەيدا قىلدى. چۈنكى، مامۇت سىجاڭ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا ئابدۇنىياز سىجاڭ بولدى. ئۇ، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزونىغا بېقىنماي، يەكەندە ئۆز ئالدىغا ئىش ئېلىپ باردى. بۇ ۋاقىتتا يەكەن، پوسكام، مەكىت قاتارلىق جايلار شۇنىڭغا قاراشلىق بولدى. ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەي، ئابدۇنىياز سىجاڭ خوتەندىكى ما خۇسەن بىلەن شېڭ شىسەيگە قارشى ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئاۋۋال قەشقەرگە ھۇجۇم قىلدى،



ئاندىن شېڭ شىسەي قوشۇنلىرىنى كوچاغىچە قىستاپ باردى.

ئەمما، شېڭ شىسەينىڭ زامانىۋى قوراللار بىلەن قوراللانغان قىسىملارنى كۆپلەپ يۆتكەپ كېلىشى ھەم سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئەۋەتىلگەن «ئالتايىسكى» ناملىق رۇس قىسىملىرىنىڭ بىرلىكتە باستۇرۇپ كېلىشى بىلەن، ئابدۇنىياز سىجاڭ قىسىملىرى يېڭىلىپ، يەكەن دەرياسىنى بويلاپ غەربكە چېكىنىپ، مەكىتكە كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، مەكىت ئابدۇنىياز سىجاڭ بىلەن ما خۇسەن «ئىتتىپاقى»نىڭ ئاقسۇغا يۈرۈش باشلىغان چاغدىكى ئارقا سەپ ھەربىي بازىسى بولدى، بۇ يەرگە ئاساسەن تۇڭگان قوشۇنلىرى ئورۇنلىشىپ، مەكىت ۋەزىيىتىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى. ئابدۇنىياز سىجاڭ مەكىتكە كېلىپمۇ ئۇزاق تۇرالمىدى. چۈنكى، شېڭ شىسەينىڭ تەلىپى بويىچە، سوۋېت ھۆكۈمىتى تورغات ئارقىلىق كىرگۈزگەن قوشۇننىڭ ئاتلىق قىسىملىرى مارالبېشى ئارقىلىق ئابدۇنىياز سىجاڭنى قوغلاپ مەكىتكە كەلدى. كېيىن يەنە يەكەن ئارقىلىق تانكا قىسىملىرىمۇ مەكىتكە كەلدى.

رۇس ۋە قىرغىزلاردىن تەشكىللەنگەن سوۋېت قوشۇنى مەكىتكە شۇ يىلى 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا كېلىپ ئورۇنلىشىپ، 10 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە تۇردى. ئۇلار ئىككى پولك بولۇپ، رۇس پولكى ئوغۇللار مەكتىپى (ھازىرقى تۈرلۈك ماللار شىركىتىنىڭ ئورنى) گە ئورۇنلاشتى. ئۇلاردا زامانىۋى قوراللاردىن بەش دانە يېنىك تانكا، 20 نەچچە زەمبىرەك، 30 غا يېقىن ئېغىر پىلىموت بېكىتىلگەن تاچانكا ھارۋىسى بار ئىدى. سوۋېت قوشۇنى بۇ جايدا تۇرۇش جەريانىدا، تۇڭگانلار توپلىغان بېدە، ئوتۇن قاتارلىقلار ئۇلار ئۈچۈن مول تەمىنات مەنبەسى بولدى. ئۇلار ئابدۇنىياز سىجاڭ ۋە ما خۇسەن قوشۇنلىرىدىن تارتىۋالغان ھەر خىل قوراللارنى

بۇزۇپ كېرەكسىز تۆمۈرگە ئايلاندۇرۇپ، يەرلىك تۆمۈرچىلەرگە ساتتى؛ تىزناپ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى چوڭ سازلىقتا ئايرودروم ياساپ، ھەربىي ئايروپىلانلىرىنى ئىشقا سېلىپ تۇردى؛ 40 قا يېقىن بەگ، ئاخۇن ۋە يۇرت چوڭلىرىنى قولغا ئېلىپ، شىڭ شىسەيگە تاپشۇرۇپ بەردى؛ ئۇرۇش جەريانىدا ئولجا ئالغان 2 ـ 3 يۈزگە يېقىن ياخشى ئاتنى ئېلىپ كەتتى.

1937 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ئابدۇنىياز سىجاڭ ۋە ما خۇسەنلەرنىڭ تىنچىتىلىشى بىلەن ۋەزىيەتتىكى داۋالغۇش پەسىيىپ، شىڭ شىسەينىڭ سىياسىي ھېساب ئېلىشى باشلاندى، ئابدۇنىياز سىجاڭ، ما خۇسەنلەرنىڭ شىڭ شىسەيگە قارشى كۈرىشى مەكىت خەلقىنىڭ ۋە شۇ ۋاقىتتىكى مەكىت ھاكىملىرىنىڭ (ئىككى ھاكىم ئۆتكەن) قوللىشىغا، قىزغىن ياردەم بېرىشىگە ئېرىشكەنىدى. ۋەقە جىمىققاندىن كېيىن، شىڭ شىسەي مەكىت خەلقىدىن ھېساب ئېلىپ، 1938 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئىككى ھاكىم باشلىق 72 كىشىنى تۇتۇپ، ھېمىتنىڭ سېيىدا توك سوقتۇرۇش يولى بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتكەن. بۇ پاجىئەلىك ۋەقە خەلقنىڭ ئېسىدىن ھەرگىز چىقمايدۇ.

(ئاپتورى: مەكىت ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىدىن)

جاۋابكار مۇھەررىرى: دىلدار ئېزىز



# ئارا تۈرۈك يېزىلىرىنىڭ يۇرت بولۇش تارىخى [1]

ھەمدۇللا ئىسمايىل

## ئاداق يېزىسىنىڭ يۇرت بولۇپ شەكىللىنىشى

ئاداق ئەسلىدە نومىغا تەۋە بولۇپ، ئاداق يېزىسىنىڭ 13 كىلومېتىر شەرقىدە بىر بۇلاق بار، كىشىلەر بۇ بۇلاقنى «يۇلدۇم بۇلاق» دەپ ئاتىشىدۇ. مانا شۇ يۇلدۇم بۇلاق ئەتراپىنى ئەڭ ئاۋۋال توخنىياز ياغاچچى ۋە خۇدابەردى موللا ياغاچچى دېگەن كىشىلەر ئاچقان. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ جاي باغۇ ـ بوستانلىق ئاۋات يۇرتلارنىڭ بىرى بولۇپ، ھازىرقى ئاداق يېزىسىنى شەكىللەندۇرگەن. كىشىلەر ئاداق يېزىسى «يۇلدۇم بۇلاق» ئەتراپىدىن باشلاپ يۇرت بولغان، دەپ قەيت قىلىشىدۇ. «يۇلدۇم» دېگەن ئىسىمنىڭ قويۇلۇشىدىكى سەۋەب، كىشىلەر دەسلەپتە بۇ جايغا بۇغداي تېرىغان، ئەمما بۇغداي بەك پاكار بولغاچقا، ئورغاققا چىقمىغانلىقتىن، بۇغداينى يۇلۇۋالغان. بۇ ھەقتە كىشىلەر ئارىسىدا مۇنداق بىر قوشاق بار:

---

① بېشى 32 ـ ساندا.

ئېتى يوق تاغنىڭ ئېتى،
يۇلدۇم بۇلاق يەرنىڭ ئېتى.
ئىلگىرى بۇغداي تېرىپ،
ئورۇماي تۇرۇپ يۇلغانىكەن.
شۇ سەۋەبتىن بۇ بۇلاقنى،
يۇلدۇم بۇلاق قويغانىكەن.

كېيىن ئاداققا بايىدىكى چاناق جەمەتىدىن بولغان مەزىن چاناق، ① ئوغلى شانىياز دېگەن ئادەملەر كېلىپ ئولتۇراقلىشىدۇ، كېيىنچە يەنە تۆت پارچە ئەمەت، ئارزى توكۇر دېگەن كىشىلەر كېلىپ ئاداققا ئورۇنلىشىدۇ. زامانلارنىڭ ئۆتىشى بىلەن ئاھالىنىڭ كۆپىيىشى، بوستانلىقنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ پەيدىنپەي ئاۋات يۇرتقا ئايلىنىدۇ. ئاداقنىڭ نومدىن ئايرىلىپ ئۆز ئالدىغا يۇرت بولغىنىغا تەخمىنەن 260 يىللار بولدى. ئاداق دېگەن ئىسىم «ئاخىرقى جاي» دېگەن مەنىدە قويۇلغانىكەن.

## تۇركۆل يېزىسىنىڭ يۇرت بولۇپ شەكىللىنىشى

تۇركۆل — ئىلگىرى چارۋىچىلار كۆچمەن ھالەتتە تۇرىدىغان جاي ئىدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىن ھەسەن تىكە، سۇلتامەت پاينەك دېگەن ئىككى ئۆيلۈك ئادەم تۇركۆلگە كۆچۈپ كېلىپ، بۇ جاينى ماكان تۇتۇپ يۇرت قىلغانىكەن. نېمە ئۈچۈن بۇ ئادەملەرگە يۇقىرىقى لەقەم قويۇلىدۇ؟ ھەسەن ساقاللىق

① مەزىن چاناق — ئەسلى ئىسمى تۆمۈر نىياز، بوۋىسىنىڭ ئىسمى سوكەن ئىدى (تاش توگمەنىنىڭ بۇغداي قويىدىغان ياغاچ ساندۇقىنى سوكەن دەيدۇ، سوكەنىنىڭ بۇغداي چۈشىدىغان يېرىنى چاناق دەيدۇ). سوكەن بوۋاي نەۋرىسىگە چاناق دەپ ئىسىم قويغان.



ئادەم ئىدى. قۇسۇل ۋاڭنىڭ ساناقچى بەگلىرى مال چارۋىلىرىنى ساناشقا چىققاندا، ھەسەن ئالدىغا ئېگىلىپ ئۇلارغا سالام قىلغان، شۇ چاغدا ئۇنىڭ ساقىلى ساناقچى بەگلەرگە تېكىنىڭ ساقىلىغا ئوخشاش كۆرۈنگەن، شۇڭا بەگلەر: «بۇ ئادەمنى ھەسەن تېكە دېسە بولغۇدەك» دېگەن، شۇنىڭدىن كېيىن تېكە دېگەن لەقەم ئۇنىڭغا سىڭىپ قالغان (بۇ ئادەمنىڭ ئىسمى ئەسلىدە ھەسەن يۇسۇل دەپ ئاتىلاتتى). سۇلتامەت ئايپاڭباش ئادەم بولۇپ، بۇ كىشىمۇ بەگلەرگە سالام قىلغاندا بۆكىنى ئېلىۋېتىپ سالام قىلغان، بۇنى كۆرگەن بەگلەر: «بۇ ئادەمنى بۇنىڭدىن كېيىن سۇلتامەت پاينەك دەڭلار» دەپ لەقەم قويغان. ئۇ زامانلاردا ۋاڭ — خوجاملارنىڭ دېگىنى — دېگەن، قىلغىنى — قىلغانىدى. ھازىر بۇ ئىككى كىشىنىڭ ئۇرۇق جەمەتى كۆپىيىپ يەتتىنچى ئەۋلادقا يەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا يۇقىرىقى لەقىمى بويىچە ئەۋلاد سۈرۈشتە قىلىنىدۇ. تۇركۆلنى دەسلەپتە يۇرت قىلغۇچىلار لەقەم بويىچە ئاتىلىپ ئادەتلىنىپ قالغاچقىمۇ، تۇركۆلنىڭ ھازىرقى كىشىلىرىنىڭ ئىچىدە لەقەم كۆپ. مەسىلەن: تۈلكە، بۆرە، بۇزو، قوتۇر، ھەيدەر دېگەندەك لەقەملەرگە ئادەم ئىسمىنى قوشۇپ ئاتايدۇ.

تۇركۆل ئىسمىنىڭ قويۇلۇشى مۇنداق: تۇركۆلنىڭ ئايىقى چىقمايدىغان سۇ بولغاچقا، تۇرغۇن سۇ دېگەن مەنىدە تۇركۆل دەپ ئاتالغان. بۇ كۆلدىن تۇز چىقىدۇ. شۇڭا خەنزۇچىدا يەنچى دەپ ئاتايدۇ. بۇنىڭ تەرجىمىسى تۇزكۆل بولىدۇ. ھازىرقى ئادەتلەنگەن ئىسمى يەنىلا تۇركۆل.

تۇركۆلگە ئادەملەر كېلىپ ماكانلىشىپ، بۇ جاينى باغۇ — بوستانلىق ئاۋات يۇرت قىلغىلى تەخمىنەن 200 يىلدەك ۋاقىت بولدى. ئۇلارنىڭ ئۇرۇق جەمەتى كۆپىيىپ، ھازىر 7 - ئەۋلادقا كەلدى.

## ئېرەنكىر يېزىسىنىڭ يۇرت بولۇپ شەكىللىنىشى

ئېرەنكىرگە دەسلەپتە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يەكەن تەۋەسىدىن بەختىيار، غوجامنىياز دېگەن ئاكا - ئۇكا ئىككى ئائىلە كېلىپ ئورۇنلاشقان ھەم ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىپ، يەر ئېچىپ، بۇ جاينىڭ يۇرت بولۇپ شەكىللىنىشىگە ئاساس سالغان. كېيىنچە قۇمۇل ۋاڭى بەختىيارنىڭ ئوغلى غوجا قۇلنى ئېرەنكىر خەلقىگە باشلىق قىلغان.

بۇنىڭدىن يۈز نەچچە يىللار ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردىن تارتىپ ئېرەنكىرگە قازاق خەلقى كېلىپ ماكانلىشىشقا باشلىغان. بۇلاردىن ئەڭ دەسلەپتە كەلگەنلەر شاياخمەت، بەرمەت، ھادايە، ئايەمەت دېگەن ئاكا - ئۇكا تۆت كىشى ئىدى. كېيىنچە بوخۋاسار، قارساقباي، يەكشەنبە ۋە ناۋكەب قاتارلىقلار كەلگەن. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئېرەنكىرگە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 20 ئۆيلۈكتەك ئادەم كەلدى. بۇلار ھەر يىلى يازلىقى يازلاپ، قىش كۈنلىرى كېتىپ قىشلاشاتتى. كېيىن ئۇلار بىرەر جاينى مۇقىم يۇرت تۇتۇپ ئولتۇرۇش ئۈچۈن، قۇمۇل ۋاڭلىقتىن ئۆي، ماكان سالىدىغان ئورۇن سورايدۇ. قۇمۇل ۋاڭلىقى يولۋاسنى چاقىرىپ، ئۇنى قازاق چارۋىچىلارغا ئۆي سالىدىغان يەر ئاجرىتىپ بېرىشكە ئەۋەتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كۆككىرەك غول ئىنچىدىكى قۇم تاغدىن يۇقىرىغا قاراپ كۆككىرەك غولنى بويلاپ ساۋۇر دېگەن يەرنىڭ ئاستىغىچە بولغان يەر ئۇلارغا ئايرىپ بېرىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار بۇ جايدا ماكانلىشىپ، 10 نەچچە ئېغىزلىق ياغاچ ئۆي سالىدۇ. كېيىن يەنە بىر مەكتەپ، بىر مەسچىت سېلىپ مۇقىم ئولتۇراقلىشىدۇ. بۇ ئىشلار تەخمىنەن 1885 - يىللىرىدا بولۇپ ئۆتكەن. ئايەمەت شۇ يەرگە



جايلاشقان قازاق ئېلىگە شاكيۇ بولۇپ، 1938 - يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە ئولتۇرىدۇ. شۇ يىللاردا شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى قازاق خەلقىنى قورال تاپشۇرۇشقا قىستاپ، قازاق ئاقساقاللىرىنى يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا قولغا ئېلىپ، ئۇلارغا ئېغىر زۇلۇم سالىدۇ. نەتىجىدە، بارىكۆل ۋە ئېرەنكىردە ئولتۇراقلاشقان قازاق خەلقى 1938 - يىلى 11 - ئايلاردا نۇرغالى شاكيۇ، ئايەمەت شاكيۇلارنىڭ باشلامچىلىقىدا نوم، بايلار ئارقىلىق ئىچكى ئۆلكىلەرگە قېچىپ كەتكەنلىكتىن، كۆككىرەكتىكى يۇرتى خارابىلىققا ئايلىنىپ ۋەيران بولغان. شۇ چاغلاردا قاچالماي ئېرەنكىردە تۇرۇپ قالغان 8—10 ئۆيلۈك قازاق چارۋىچىلار ئېرەنكىردىكى ئۇيغۇر خەلقى بىلەن قان قېرىنداشتەك ئىجىل، ئىناق ئۆتۈپ، تا ھازىرغىچە ئېرەنكىرنى گۈللەندۈرۈپ كەلمەكتە.

(«ئارا تۈرۈك تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 1 - سانىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى)

جاۋابكار مۇھەررىرى: دىلدار ئېزىز

# شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدىكى چوڭ ۋەقەلەر خاتىرىسى

## 1951 - يىل

### 1 - ئاي

7 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە، ئۆلكىلىك ئاياللار قۇرۇلتىيىنىڭ تەييارلىق يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى، يىغىن شىنجاڭ دېموكراتىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتىنى قۇردى.

9 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تۇنجى نۆۋەتلىك ئىشلەپچىقىرىش يىغىنىنى ئاچتى.

11 - كۈنى، ئۇلۇغچات ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىدا 5 بال يەر تەۋرىدى.

12 - كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئاشلىق ۋە ئۇن باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۆلكىلىك مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتى مۇناسىۋەتلىك ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرىنى يىغىپ، ئاشلىق باھاسىنى تۇراقلاشتۇرۇش توغرىسىدا يىغىن ئاچتى.

13 - كۈنى، ۋاڭ جېن نازارەت، ئىدارە، كومىتېت،



ئورگان مەسئۇللىرىغا، ھەربىي رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ بۆلۈمدىن يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلىرىغا ۋە ئۆلكىلىك ئىشلەپچىقىرىش يىغىنىنىڭ ۋەكىللىرىگە مەركىزىي خەلق كومىتېتىنىڭ ئۆلكىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت ۋەزىپىسى، فاڭجېننى توغرىسىدىكى كۆرسەتمىسىنى يەتكۈزدى ۋە ئۆلكىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى بارلىق خىزمەتلىرى ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ ۋەزىپىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى.

15 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە، شىنجاڭ بيۇروسى تەشۋىقات خىزمىتى يىغىنىنى ئاچتى.

18 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئۆلكىلىك ۋاقىتلىق تاشقى ئىشلارنى بېجىرىش ئورنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى ئىشلار باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

20 - كۈنىدىن 2 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە، شىنجاڭ بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك قاتناش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى.

22 - كۈنى، شىنجاڭ پوچتا ئىدارىسى جەنۇبىي شىنجاڭ پوچتا ماشىنىسىنىڭ قاتناش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزدى، ئۈرۈمچىدىن قەشقەرگە قاتنايدىغان پوچتا ماشىنىسى قاتناش باشلىدى.

25 - كۈنى، ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدىكى بەيياڭخې دەرياسىدىن قەشقەرگىچە بولغان تاش يولنى ياساش خىزمىتى، يول بويىدىكى نەچچە يۈز مىڭ ئارمىيە - خەلقنىڭ 60 نەچچە كۈنلۈك تىرىشىپ ئىشلىشى ئارقىسىدا، ئاساسىي جەھەتتىن ئاخىرلاشتى.

29 - كۈنىدىن 2 - ئاينىڭ 4 - كۈنىگىچە، قەشقەر ھەربىي رايونى قەشقەردە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەشقەر، ئاقسۇ، يەكەن، خوتەن قاتارلىق تۆت ۋىلايەت قاتناشقان تۇنجى نۆۋەتلىك سۇ ئىشلىرى ۋەكىللەر يىغىنىنى ئاچتى.

30 ـ كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: شىنجاڭدىكى بىر قىسىم دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تېخنىك خىزمەتچىلىرى «جۇڭگو مىچۇرىن ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى» نى تەشكىللەشكە تەييارلىق كۆرۈشنى باشلىدى.

31 ـ كۈنىدىن 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىگىچە، شىنجاڭ بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك مالىيە ـ ئىقتىساد يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى.

## 2 ـ ئاي

1 ـ كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: مەمۇرىي كېڭەشنىڭ 68 ـ قېتىملىق يىغىنى خېي شىڭۋاڭنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قاتناش نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرلىقىغا تەيىنلىدى.

△ ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق بازارلىرىنى باشقۇرۇش ھەيئىتى قۇرۇلدى ھەم ئاشلىق سودىسىنى باشقۇرۇش چارىسى بەلگىلەندى.

1 ـ كۈنىدىن 4 ـ كۈنىگىچە، ئۈرۈمچى شەھىرى تۇنجى نۆۋەتلىك ئوقۇغۇچىلار قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنى قۇردى.

2 ـ كۈنى، مەمۇرىي كېڭەشنىڭ 70 ـ قېتىملىق يىغىنى جياۋ خۇەيبىننى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپلىقىغا تەيىنلىدى.

4 ـ كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ئۈرۈمچىدە ۋاقىتلىق سوت تەشكىللەپ، باندىتلار باشلامچىسى جانىمقانغا ئۆلۈم جازاسى بەردى.

15 ـ كۈنىدىن 22 ـ كۈنىگىچە، قەشقەر ھەربىي رايونى



تۇنجى نۆۋەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋەكىللىرى يىغىنى ئاچتى.

19 ـ كۈنى، غەربىي شىمال ھەربىي رايونىنىڭ مەلۇم قىسمى گەنسۇ بىلەن چىڭخەي ئۆلكىسى تۇتىشىدىغان خەيزى رايونىدا باندىت ئوسماننى قولغا چۈشۈردى.

21 ـ كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن شىنجاڭ ھەربىي رايونى بىرلىكتە ئومۇمىي بۇيرۇق چىقىرىپ، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ئورگان، قىسىم، ئومۇمىي ئىگىلىكتىكى كارخانا، تەشكىلات، ھەمكارلىق كوپىراتىپلىرى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ مەمۇرىي كېڭەشنىڭ «پۇل باشقۇرۇش توغرىسىدىكى قارارى» نى ۋە مالىيە ـ ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ «پۇل باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش چارىسى» قاتارلىقلارنى قەتئىي ئىجرا قىلىشنى كۆرسەتتى.

26 ـ كۈنىدىن 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىگىچە، 6 ـ كورپۇس قوشۇن بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك قەھرىمان نەمۇنىچىلار ۋەكىللىرى يىغىنى ئاچتى.

27 ـ كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئۆلكىلىك باش ئۆگىنىش كومىتېتى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ئۆلكە دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە خەلق تەشكىلاتلىرىنىڭ ماركسىزملىق نەزەرىيە ئۆگىنىش تۈزۈمى ۋە ئۆگىنىش يېتەكچىلىرى تۈزۈمى ئورنىتىشنى تەلەپ قىلدى.

## 3 ـ ئاي

7 ـ كۈنىدىن 13 ـ كۈنىگىچە، ئۈرۈمچى رايونلۇق پارتكوم ئۆزىگە قاراشلىق ئۈرۈمچى، قۇمۇل، يەنجى قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت پارتكوم شۇجىلىرى قاتناشقان بىرلەشمە يىغىن ئېچىپ، جايلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى

قارار قىلدى.

11 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى ئاساسى جەھەتتىن ئاياغلاشتى.

12 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە، ئۈرۈمچى شەھىرى 4 - نۆۋەتلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىنى ئۆتكۈزدى.

△ ئۆلكىلىك قاتناش نازارىتى ئۆلكە بويىچە ماشىنا ترانسپورتىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش ھەققىدە يىغىن ئاچتى.

14 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئۆلكىلىك باج ئىدارىسىنىڭ ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە سودا - سانائەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئائىلە 21 مىڭ 575 بولسا، كېيىن 34 مىڭ 393 كە كۆپەيگەن.

15 - كۈنى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى قۇرۇلدى.

19 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ئۈرۈمچىدە ۋاقىتلىق خەلق سوتى تەشكىللەپ، باندىتلار باشلامچىسى سىدىق قاتارلىق تۆت جىنايەتچىگە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلدى.

20 - كۈنى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ھەربىي سوت باشقارمىسى باش ئەكسىلئىنقىلابچى لى زۇتاڭ، چېن گوكپۇ قاتارلىق 12 جىنايەتچىگە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلدى.

△ ئۈرۈمچى خەلق رادىئو ئىستانسىسى شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

△ شىنجاڭ كۈمۈش پۇلى بىلەن خەلق پۇلىنىڭ سېلىشتۇرما نىسبىتى 400:1 گە ئۆزگەرتىشكە باشلىندى.

△ باندىتلار باشلامچىسى ئورازباي قۇتۇبى ناھىيىسىگە يالاپ ئاپىرىلىپ، ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى.



21 - كۈنى، شىنجاڭ تۇز ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلدى.

23 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى «شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 1951 - يىلدىكى خىزمەت ۋەزىپىسى» نى ئېلان قىلدى ھەم «1951 - يىلدىكى سەككىز تۈرلۈك ۋەزىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى» دېگەن تېمىدا باش ماقالە ئېلان قىلدى.

△ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەمۇرى ئىشلار يىغىنى — غەربىي شىمال ئاقسىل كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسىنى قۇرۇشنى ماقۇللىدى.

23 - كۈنىدىن 31 - كۈنىگىچە، 5 - كورپۇس قەھرىمان نەمۇنىچىلار يىغىنى ئۆتكۈزدى.

26 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «ئاقسىل كېسىلىنىڭ جىددىي ئالدىنى ئېلىش توغرىسىدا كۆرسەتمە» چىقاردى.

27 - كۈنىدىن 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنىگىچە، ئۈرۈمچى ۋىلايىتىگە قاراشلىق ئۈرۈمچى، مىچۈەن، سانجى، قۇتۇبى، ماناس قاتارلىق 5 ناھىيىدىكى قازاق خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى قۇتۇبىدا ئۆتكۈزۈلدى.

28 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئۈرۈمچى تېلېگراف ئىدارىسى ئۇيغۇرچە تېلېگرامما بىلەن خەۋەرلىشىش ئۇسۇلىنى تەتقىق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئالدى بىلەن ئۈرۈمچى بىلەن غۇلجا ئارىلىقىدا ئۇيغۇرچە تېلېگرامما ئالاقىسىنى يولغا قويۇشنى قارار قىلدى.

29 - كۈنىدىن 4 - ئاينىڭ 7 - كۈنىگىچە، قەشقەر رايونلۇق پارتكوم ئۆزىگە قاراشلىق 4 ۋىلايەتتىكى 30 ناھىيە ھەم شۇ يەردە تۇرۇشلۇق قىسىمنىڭ ناھىيە - پولكتىن

يۇقىرى كادىرلىرىنىڭ 2 - قېتىملىق يىغىنىنى ئېچىپ، ھازىرقى مەركىزى خىزمەت ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئىجارە كېمەيتىشكە تەييارلىق قىلىش ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى.

## 4 - ئاي

3 - كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرىدە «يېڭى فىلىم كۆرگەزمە ئېيى» باشلىنىپ، ئالدىنقى يىلى دۆلىتىمىز ئىشلەپ چىقارغان 28 ھېكايە فىلىم ۋە ھۆججەتلىك فىلىم قويۇلۇشقا باشلىندى.

4 - كۈنىدىن 6 - كۈنىگىچە، شىنجاڭ ئاقسەل كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش شۆبىسى تەشكىللىگەن ئالتە گۇرۇپپا ئۈرۈمچى، ئىلى، يەنجى، قۇمۇل، ئالتاي، تارباغاتايدىكى كېسەل تارقىغان ئورۇنلارغا بېرىپ خىزمەتكە كىرىشتى.

5 - كۈنى، ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى ئامېرىكا ئىشپىيونى نىرو مالۇرىنكوۋ، ئامېرىكا - جياڭ جيېشىنىڭ ئىشپىيونى، پان تۈركىزمچىلارنىڭ كاتتىبېشى، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمەت ئەزاسى، سابىق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى مەسئۇت، جۇنتوڭنىڭ ئىشپىيونى جاڭ يۇ، ساۋ باۋشەن، رېن مىڭيۈەن قاتارلىقلارنى قولغا ئالدى.

6 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئۆلكىلىك مەدەنىيەت باشقارمىسى، ئۆلكىلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ تەييارلىق ھەيئىتى مۇشۇ يىللىق ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيەت مۇكاپاتى تەسىس قىلدى ھەم يولغا قويۇش چارىسىنى بېكىتتى.

18 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: قەشقەر رايونلۇق پارتكومغا قاراشلىق 4 ۋىلايەت، 30 ناھىيە يېرىم يىلدىن



بويان ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان ناھىيە دەرىجىلىك كادىرلاردىن 28 نەپەر، رايون دەرىجىلىك كادىرلاردىن 251 نەپەر، يېزا دەرىجىلىك كادىرلاردىن 493 نەپەرنى تەربىيىلەپ ئۆستۈردى ۋە 178 نەپەر پارتىيە ئەزاسى، 386 نەپەر ياشلار ئىتتىپاقى ئەزاسى قوبۇل قىلدى.

18 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە، جۇڭگو خەلق پىدائىيلار قىسمىنىڭ ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەنلەر ۋەكىللىدىن جى بىڭچيەن، لى ۋېيپىڭ، جاڭ پۇ قاتارلىقلار ئۈرۈمچى، شىخەنزە، قەشقەر، غۇلجا قاتارلىق جايلاردا پىدائىي قىسىملارنىڭ قەھرىمانلىق ئىزلىرىدىن دوكلات بەردى.

19 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە، ئۆلكىلىك تۇنجى نۆۋەتلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى.

22 - كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك «ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ھەيئىتى»نىڭ شىنجاڭ شۆبىسى قۇرۇلدى.

23 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، چېكەتكە ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش توغرىسىدا كۆرسەتمە» چىقاردى.

29 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ئۈرۈمچى ھەر مىللەت، ھەر ساھە كىشىلىرىدىن تەركىب تاپقان ۋاقىتلىق سوت ھەيئىتى تەشكىللەپ، 80 مىڭدىن ئارتۇق كىشى قاتناشقان ئوچۇق سوت يىغىنى ئېچىپ، ئامېرىكا ئىشپىيونى، باندىتلار باشلامچىسى ئوسمان، شېڭ شىسەينىڭ مۇھىم قول چوماقى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەت قىلغان كادىرلىرىدىن چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ، چاۋ گۇجېن قاتارلىقلارنى ئۆلتۈرگەن قاتىل

لى يىگىچىغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلدى.

مۇشۇ ئايدا يەنە، شىنجاڭ بويىچە ئەكسىلئىنقىلابچىلار-نى باستۇرۇش ھەرىكىتى باشلاندى.

مۇشۇ ئايدىن 5 - ئايغىچە، ساۋەن، شىخو، دۆربىلجىن قاتارلىق ناھىيىلەردە ئارقا - ئارقىدىن ئورمان ئوت ئاپىتى يۈز بەردى.

## 5 - ئاي

1 - كۈنى، شىنجاڭ ھەربىي رايون پارتكومى «مىڭ نەپەر كادىر ئاجرىتىپ كۈزدىن كېيىنكى ئىجارە كېمەيتىش ھەرىكىتىگە قاتنىشىش توغرىسىدا قارار» چىقاردى.

3 - كۈنى، شىنجاڭ باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتى قۇرۇلدى، ۋاڭ جېن رەئىس بولدى، شىڭ لەنتىڭ، گاۋ يېپىن مۇئاۋىن رەئىس بولدى.

6 - كۈنى، «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» ژۇرنىلى نەشىر قىلىندى.

13 - كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك دېھقان - چارۋىچىلار جەمئىيىتىنىڭ تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتى قۇرۇلدى.

16 - كۈنى، ئۆلكىلىك دېھقان - چارۋىچىلار جەمئىيىتىنىڭ تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتى يىغىن ئۆتكۈزۈپ، نۆۋەتتىكى ۋەزىپىلەرنى مۇنداق بېكىتتى: ھەر مىللەت دېھقانلىرىنى تەشكىللەپ فېئوداللىزمغا قارشى كۈرەش قىلىش، بولۇپمۇ بۇ يىل قىشتىن كېلەر يىل ئەتىيازغىچە ئىجارە كېمەيتىپ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىش ۋە دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش قاتارلىقلار.

△ جۇڭگو قاتناش بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى



قۇرۇلدى.

17 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: غەربىي شىمال رايونلۇق ئەر - ئايال ۋاسكېتبول، ۋالېيبول مۇسابىقىسىگە قاتناشقان ئۈرۈمچى شەھەرلىك ۋەكىللەر ئەترىتىنىڭ ئەرلەر ۋالېيبول ئەترىتى شۇ تۈر بويىچە چېمپىيون بولدى.

17 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى 2 - نۆۋەتلىك ۋالىي، ھاكىملار بىرلەشمە يىغىنى ئېچىپ، دېھقانچىلىق رايونلىرىدا، يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئومۇميۈزلۈك ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى كۈرەش قىلىشنىڭ تەييارلىق خىزمەت فاڭجېنى، تەدبىرلىرىنى ۋە ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش، ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ھەرىكىتىنى ئومۇملاشتۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى مۇزاكىرە قىلدى.

25 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە، ئۈرۈمچى شەھىرىدە تۇنجى نۆۋەتلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە ياشلار قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك دېموكراتىك ياشلار بىرلەشمىسى قۇرۇلدى.

26 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: شىنجاڭ ئۆلكە پۇلى بىلەن خەلق پۇلىنىڭ سېلىشتۇرما نىسبىتى 350:1 يۈەنگە ئۆزگەرتىلدى.

△ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ يېزىلىرىدا ئىجارە كېمەيتىش نىزامى» ھەم «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ يېزىلىرىدا قەرز ماجىراسىنى بىر تەرەپ قىلىش ۋاقىتلىق چارىسى»نى ئېلان قىلىپ يولغا قويدى.

27 - كۈنى، كېرىيىنىڭ سوۋاش دېگەن يېرىنىڭ جەنۇبىي، كۇئېنلۇن داۋانىنىڭ غەربىدە يانار تاغ پارتلىدى.

28 - كۈنى، ئاقسۇ ۋىلايىتى باش ئەكسىلئىنقىلابچى،

گومىنداڭ ۋالىيسى قوشۇمچە ئامانلىق ساقلاش سىلىگى سىيتتقا ھەم مۇئاۋىن ۋالىيى، جۇنتۇڭ ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتىنىڭ شاڭ شاۋ دەرىجىلىك باشلىقى يوجۇنىيىگە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلدى.

30 - كۈنى، شىنجاڭ بيۇروسى «شىنجاڭنىڭ بۇ يىل قىش ۋە كېلەر يىل ئەتىيازدا ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئىجارە كېمەيتىش ۋە زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا كۆرسەتمە» چىقاردى.

30 - كۈندىن 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە، يەكەندە قارا بوران ئاپىتى يۈز بەردى.

31 - كۈنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئارقىلىق 104 نەپەر ئەكسىلئىنقىلابچى جىنايەتچىگە ھۆكۈم ئېلان قىلدى، ئۇنىڭ ئىچىدە 30 نەپەر جىنايەتچىگە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلدى.

## 6 - ئاي

1 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى «ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ئاممىۋى ھەرىكىتىنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرايلى» دېگەن تېمىدا باش ماقالە ئېلان قىلدى.

△ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىجارە كېمەيتىش خىزمەت ئۆمىكى تەشكىللىدى.

2 - كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مالىيە نازارىتىدە ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەش باشقارمىسى قۇرۇلدى.

5 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى بۇرھان شەھىدى، مۇئاۋىن رەئىس گاۋ جىنچۈن ۋە سەيپىدىن ئەزىزىلەر رەئىس ماۋ زېدۇڭ ۋە مەركىزىي



خەلق ھۆكۈمىتىگە تېلېگراممىا يوللاپ، «شىزاڭنى تىنچ ئازاد قىلىش چارىسى توغرىسىدىكى كېلىشىم» نىڭ ئىمزالانغانلىقىنى تەبرىكلىدى.

△ شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: غەربىي شىمال ئاقسىل كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى ئۆلكىدىكى بارلىق دېھقان - چارۋىچىلارغا مۇراجىئەتنامە ئېلان قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنى تېزلىك بىلەن ئاقسىل كېسىلىنى يوقىتىش ئۈچۈن تىرىشىشقا چاقىردى.

8 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى «ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى شەخسىي ئۆيلەرنى ئىجارىگە ئېلىشنىڭ ۋاقىتلىق چارىسى» نى ئېلان قىلىپ يولغا قويدى.

10 - كۈنى، شىنجاڭ بيۇروسى ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا كۆرسەتمە چىقاردى.

11 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: جۇڭگو خەلق ئىستراخۋانىيە شىركىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى چارۋىلارنى سۇغۇرتا قىلىشنى باشلىدى.

14 - كۈنى، ئۆلكىلىك ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش جەمئىيىتى يىغىن ئېچىپ، ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش باش جەمئىيىتى يولغا قويغان ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەھدىنامىسى، ئايروپىلان، زەمبىرەك، توپ ھەدىيە قىلىش، ئىنقىلابىي قۇربانلار ۋە ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىشتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك چاقىرىققا ئاۋاز قوشۇش توغرىسىدا قارار ماقۇللىدى.

20 - كۈندىن 25 - كۈنىگىچە، ئۈرۈمچى شەھىرىدە تۇنجى نۆۋەتلىك سودا - سانائەتچىلەر ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلىپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى

قۇرۇلدى.

22 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئۆلكىلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتى تۈزگەن «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» ژۇرنىلى 7 - ئايدىن باشلاپ ئۇيغۇر، خەنزۇ يېزىقىدا ئايلىق ژۇرنال بولۇپ چىقىشقا باشلىدى.

23 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق دوختۇرخانىسى قۇرۇلدى.

26 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى «ئاممىنى تولۇق ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرايلى» دېگەن تېمىدا باش ماقالە ئېلان قىلدى.

△ 4 -، 5 - ئايلاردا تارباغاتاي، ساۋەن، شىخو، ماناس، تۇرپان، ئۈرۈمچى قاتارلىق ناھىيىلەردە يۈز بەرگەن چېكەتكە ئاپىتى مۇشۇ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئۈزۈل - كېسىل يوقىتىلدى.

△ مۇشۇ ئاينىڭ باشلىرىدىن تارتىپ 8 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان كادىرلاردىن 13 مىڭدىن ئارتۇقراقىنى تەربىيىلەپ چىقتى.

## 7 - ئاي

1 - كۈنى، ئىلى رايونلۇق پارتكوم قۇرۇلدى، دۇڭ شىڭيۈن بىرىنچى شۇجى بولدى.

△ شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ يەرلىك كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش كۇرسى «مەركىزىي كومىتېت شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ كا-



دىرلار مەكتىپى» گە ئۆزگەرتىلدى.

17 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئۈرۈمچى ۋىلايىتىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان پۇل، مال، چارۋا قاتارلىقلارنى ئىئانە قىلدى.

20 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئۈرۈمچى ئاشلىق شىركىتى قۇرۇلدى.

23 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە، ئۈرۈمچى شەھىرىدە 5 - نۆۋەتلىك 1 - سانلىق ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

27 - كۈنىدىن 10 - ئاينىڭ 4 - كۈنىگىچە، جۇڭخۇا مەملىكەتلىك ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، مەركىزىي مۇزىكا شۆيۈەنىنىڭ پروفېسسورى دەي ئەيلىيەن باشلامچىلىقىدىكى مەركىزىي مۇزىكا شۆيۈەنىنىڭ شىنجاڭدا ھال سوراش ئويۇنى قويۇش ئەترىتى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۈرۈمچى، قەشقەر، يەنجى، ئاقسۇ، باي، كۇچا، كورلا، غۇلجا، شىخو، شىخەنزە، قۇتۇبى قاتارلىق جايلاردا ھال سوراش ئويۇنى قويدى.

△ مۇشۇ ئايدا، شىنجاڭ ھەربىي رايونى سانائەت مەكتىپى قۇرۇلدى.

## 8 - ئاي

1 - كۈنى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى پىيادە ئەسكەرلەر مەكتىپى ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

4 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى كومىتېتى يىغىنى ۋاڭ جېن ئوتتۇرىغا قويغان ئاشلىق يۆتكەشنى تەڭشەش، توشۇش باھاسىنى تۆۋەنلىتىش، ئاشلىق باھاسىنى تەڭ-

شەش تەدبىرلىرىنى ماقۇللىدى.

7 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «ئىجارە كېمەيتىش رايونلىرىدا خەلق سوتى قۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق» چىقاردى.

7 - كۈندىن 18 - كۈنىگىچە، شىنجاڭ ئۆلكىلىك تۇنجى نۆۋەتلىك كاتىپلار بىرلەشمە يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى.

8 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى شىنجاڭ بيۇرو تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ «شىنجاڭ ئۆلكىسى يەر مەيدانىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلدى.

13 - كۈنى، ئومۇمنىڭ 2 مىليون 300 مىڭ يۈەن پۇلىغا خىيانەت قىلغان سابىق خەلق بانكىسى ئالتاي تارماق بانكىسىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى يېڭ فۇلىنگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى.

15 - كۈندىن 29 - كۈنىگىچە، شىنجاڭ ئۆلكىلىك تۇنجى نۆۋەتلىك ئاياللار ۋەكىللىرى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلۈپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك دېموكراتىك ئاياللار بىرلەشمىسى قۇرۇلدى.

16 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: شىنجاڭ بيۇروسى رادىئو قوبۇل قىلىش تورلىرىنى قۇرۇش توغرىسىدا كۆرسەتمە چىقاردى.

18 - كۈنى، شىنجاڭ بيۇروسى ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ئىجارە كېمەيتىش خىزمىتى ئۆمىكىدىن مىڭدىن ئارتۇق كىشى ئىلىغا ماڭدى.

26 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئۆلكىمىزنىڭ ئاممىۋى ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى 76 گە تەرەققىي قىلدى، ئەزالىرى 50 مىڭغا، پاي قوشقان پۇلى 40 مىليونغا، كادىرلىرى 600 كىشىگە يېقىنلاشتى.



27 - كۈنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا سانائەتنى ئومۇمyüزلۈك تەكشۈرۈپ تىزىملاش خىزمىتى ھەيئىتى قۇرۇلدى.

29 - كۈنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەيئىتى قۇرۇلدى.

مۇشۇ ئايدا، شىنجاڭ بويىچە ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇشنىڭ تەييارلىق خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن ئاياغلاشتى، تەربىيىلەنگەن 13 مىڭدىن ئارتۇق ئىجارە كېمەيتىش خىزمىتى كادىرلىرى ئىلگىرى - كېيىن ھەرقايسى خىزمەت ئورۇنلىرىغا يېتىپ باردى.

## 9 - ئاي

1 - كۈنى، ئۆلكىلىك دېھقان - چارۋىچىلار جەمئىيىتىنىڭ تەييارلىق ھەيئىتى «ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش توغرىسىدا شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت دېھقانلىرىغا مۇراجىئەتنامە» چىقاردى.

4 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: پۈتۈن شىنجاڭنى قاپلىغان چارۋا - ماللاردىكى يۇقۇملۇق ئاقسىل كېسەللى بىر يىل ئۈچ ئاي ئالدىنى ئېلىپ داۋالاش ئارقىلىق، ئاساسىي جەھەتتىن يوقۇتۇلدى، ھەر مىللەت دېھقان، چارۋىچىلىرىنىڭ 311 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق چارۋىسى ھەقسىز داۋالاندى.

15 - كۈنى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى شىنجاڭ قاتناش-ترانسپورت شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچى بېكىتى ئۈرۈمچىدىن قۇمۇلغا، قۇمۇلدىن جيۇچۈەنگە، ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا، ئۈرۈمچىدىن تۇرپانغا، ئۈرۈمچىدىن سانجىغا، ئۈرۈمچىدىن ماناسقا، ئۈرۈمچىدىن كۈچۈككە قاتنايدىغان قەرەللىك نۆۋەتچى ماشىنا ماڭدۇردى.

15 - كۈندىن 24 - كۈنگىچە، ئۆلكىلىك تۈنجى نۆۋەتلىك چارۋا - مال باج يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى.

16 - كۈندىن 17 - كۈنگىچە، ئۆلكىلىك تۈنجى قېتىملىق ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى، يىغىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ تەييارلىق ھەيئىتىنى قۇردى.

21 - كۈنى، مەمۇرىي كېڭەش 1951 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ شىنجاڭدا ئۇيغۇر يېزىقى بار خەلق پۇلى تارقىتىلىدىغانلىقى ھەم بۇ پۇلنىڭ پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە ئۆتىدىغانلىقى توغرىسىدا بۇيرۇق چىقاردى.

27 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى «ۋەتەنپەرۋەرلىك پۇل باشقۇرۇش مۇسابىقىسى ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرايلى» دېگەن تېمىدا باش ماقالە ئېلان قىلدى.

29 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى «شىنجاڭ ئۆلكىسىدە دېھقانچىلىق بېجىنى يولغا قويۇش قائىدىسى» نى ئېلان قىلدى.

## 10 - ئاي

1 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «ئۇيغۇر يېزىقى بار خەلق پۇلىنى تارقىتىپ، ئۆلكىنىڭ كۈمۈش پۇلىنى قايتۇرۇۋېلىش توغرىسىدا ئېلان» چىقاردى.

△ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «پومېشچىكلارنىڭ سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ھەرىكىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشىنى توسۇش توغرىسىدا ئېلانى» چىقاردى.

△ جۇڭگو يۇڭ - تېرە شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبە شىركىتى جۇڭگو چارۋا مەھسۇلاتلىرى شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبە شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى.



5 - كۈنى، ئۈرۈمچى تېلېگراف ئىدارىسى ئۈرۈمچى بىلەن بېيجىڭ ئارىلىقىدىكى ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئالاقىسىنى باشلىدى.

8 - كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سانائەت - كان بىخەتەرلىك، تازىلىق كومىتېتى قۇرۇلدى.

10 - كۈندىن 12 - ئاينىڭ 7 - كۈنگىچە، مىچۈەن ناھىيىسى چاڭشەنزى رايونىدىكى ئۈچ يېزىدا يەر ئىسلاھاتىنى سىناق قىلىپ ئېلىپ بېرىش ئاياغلاشتى.

12 - كۈنى، «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» نىڭ بىرىنچى تومى ئۈرۈمچىدە تارقىتىلىشقا باشلىدى.

13 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بۇ يىل ئەتىيازدا شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا چېچەك ئەملەش خىزمىتى ئېلىپ باردى. تولۇقسىز ستاتىستىكىغا قارىغاندا، ھازىرغا قەدەر 933 مىڭ 215 ئادەمگە چېچەك ئەملەنگەن بولۇپ، بۇ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى نوپۇسنىڭ 6 دىن بىرىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ.

△ تارباغاتاي ناھىيىسىدىكى قازاق ئايال ئۆكىلا بىر قېتىمدا ئۈچ بالا تۇغدى (ئىككى ئوغۇل، بىر قىز)، بۇرھان شەھىدى، گاۋجىنچۈەن، سەيپىدىن ئەزىزى خەت ئارقىلىق ئۇنى قۇتلۇقلىدى ھەم بىر•سىير سوۋغا قىلدى.

18 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى «ئىشچىلار ئاممىسىنى تولۇق سەپەرۋەر قىلىپ، ھەر قايسى كان - كارخانىلارنىڭ دېموكراتىك ئىسلاھاتىنى قانات يايدۇرايلى» دېگەن تېمىدا باش ماقالە ئېلان قىلدى.

19 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى مالىيە خادىملىرى ۋەتەنپەرۋەرلىك پۇل باشقۇرۇش

مۇسابىقىسىگە سەپەرۋەر بولۇش يىغىنى ئۆتكۈزدى.

26 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە، قەشقەر رايونلۇق پارتكوم ئۈچىنچى نۆۋەتلىك ناھىيە ۋە پولكتىن يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى ئېچىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تۆت ۋىلايەتتە نۇقتىلىق سىناق قىلىپ ئېلىپ بېرىلغان ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى خۇلاسىلىدى ھەمدە ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ فاڭجېن، سىياسەت ۋە تەدبىرلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى.

28 - كۈنى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى مەلۇم قىسمىنىڭ غەربىي سوتى 9 ئاينىڭ 7 - كۈنى شۇ قىسىمنىڭ تېرە كىيىم زاۋۇتىغا كوللېكتىپ ھالدا ئوت قويۇپ، 2 مىليارد خەلق پۇلىغا زىيان سالغان 11 نەپەر ئەكسىلئىنقىلابچىغا ھۆكۈم ئېلان قىلدى، لى جۇن قاتارلىق بەش نەپەر باش جىنايەتچىگە ئۆلۈم جازاسى بەردى.

29 - كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى سودا - سانائەتچىلەر ئىككىنچى قېتىم كوللېكتىپ ھالدا، ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىشكە 900 مىليون 4360 يۈەندىن ئارتۇق پۇل ئىئانە قىلدى.

△ ئۈرۈمچى شەھەرلىك زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چەكلەش ھەيئىتى قۇرۇلدى.

30 - كۈنىدىن 31 - كۈنىگىچە، توققۇزتارا ناھىيىسىنىڭ غەربىي قىسمىدا 5.1، 5.2 بال يەر تەۋرىدى.

31 - كۈنى، شىنجاڭ بيۇروسى ئۆلكە، شەھەر دەرىجىلىك ئورگانلاردىكى پارتىيە ئەزالىرىنى پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش ئۆگىنىشىگە سەپەرۋەر قىلىش يىغىنى ئاچتى.

△ مۇشۇ ئايدا يەنە، شىنجاڭ بويىچە نۇقتىلىق 147 يېزىدىكى 500 مىڭ نوپۇسى بار جايلاردا ئېلىپ بېرىلغان



ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش خىزمىتى ئىلگىرى - كېيىن ئاياغلاشتى.

## 11 - ئاي

1 - كۈنى، كۈنەس ناھىيىسى بىلەن توققۇزتارا ناھىيىسى تۇتىشىدىغان جايدا 5.2 بال يەر تەۋرىدى.

1 - كۈنىدىن 8 - كۈنىگىچە، شىنجاڭ بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك يەرلىك مەھسۇلاتلار يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى.

3 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭ لىچۈن سانائەت ھەسسىدارلىق شىركىتىنى قۇرۇشنى تەستىقلىدى.

5 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە، شىنجاڭ بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك يەرلىك مەھسۇلاتلار كۆرگەزمىسى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى.

11 - كۈنى، غەربىي شىمال بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 1951 - يىللىق پۇتبول مۇسابىقىسى شىئەندە ئاياغلاشتى، شىنجاڭ كوماندىسى چېمپىيون بولدى.

15 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەمۇرىي ئىشلار يىغىنى ئۆلكە دەرىجىلىك تېجەشنى تەكشۈرۈش ھەيئىتى قۇرۇشنى ماقۇللىدى.

17 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئۈرۈمچى 1 -، 2 - خەلق دوختۇرخانىسى بىرلەشتۈرۈلۈپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

25 - كۈنى، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ مەلۇم قىسمى قازغان ئۈرۈمچى ليۇ داۋان ئۆستەڭ ئۈچۈنچى كۆمۈر كېنى ئىشقا چۈشتى.

26 - كۈنى، ئالتاي خەلق ئېلېكتىر لامپا شىركىتى قۇرۇلۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

26 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە، ئۈرۈمچى شەھىرىدە 5 - نۆۋەتلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ 2 - سانلىق يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

27 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «شىنىڭ شىسەي ۋە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان يەر، ئۆي ماجىراسىنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

29 - كۈنى، غەربىي شىمال ھەربىي مەمۇرىي كومىتېتىنىڭ 4 - سانلىق يىغىنى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئازادلىق ئارمىيىگە ھال سوراش تېلېگراممىسى ئەۋەتتى.

30 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىگە بىرلەشتۈرۈپ كوپېراتسىيىلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدا كۆرسەتمە» چىقاردى.

## 12 - ئاي

4 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مائارىپ ئورۇنلىرىغا كۆرسەتمە چىقىرىپ، مائارىپ خىزمىتىدە ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇشنى ئىزچىللاشتۇرىدىغان سىنىپىي تەربىيە ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

5 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئۆلكىمىز يېقىندا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بىر توپ سورتلۇق چارۋا ئىمپورت قىلدى.

△ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇشنىڭ غەلىبىسى ئاساسىدا، ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا كۆرسەتمە»



چىقاردى.

5 - كۈنىدىن 1952 - يىل 2 - ئاينىڭ 26 - كۈنىگىچە، جۇڭگو خەلق پىدائىيلار قىسمى كۈرەش قەھرىمانلىرىنىڭ دۆلەت بايرىمىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ۋەتەنگە قايتقان ۋەكىللىرىدىن لى جىنفېي، يەن شۇكۇي، شۇ لىيەنسەيلەر ئۈرۈمچى، غۇلجا، قەشقەر، يەنجى قاتارلىق جايلاردا پىدائىي قىسىملارنىڭ قەھرىمانلىق پائالىيەتلىرىنى دوكلات قىلدى.

7 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا قاتناشقان قىسىملىرى ئىككى يىلدىن بۇيان ماناس دەرياسى، توشقان دەرياسى ھەم يەكەن دەرياسى ۋادىلىرىدا سىناق تەرىقىسىدە پاختا تېرىپ مول ھوسۇل ئالدى.

△ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «نامرات چارۋىچىلارنى قۇتقۇزۇش توغرىسىدا كۆرسەتمە» چىقاردى.

11 - كۈنى، جۇڭخۇا مېدىتسىنا ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى قۇرۇلدى.

12 - كۈنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى «ئۈرۈمچى شەھەر رايونىدىكى قاتناشنى باشقۇرۇش قائىدىسى»نى ئېلان قىلدى.

13 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «بۇ يىل قىش، كېلەر يىل ئەتىيازدىكى ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دېموكراتىك دىكتاتۇرىلىقىدىكى ھاكىمىيەت قۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا كۆرسەتمە» چىقاردى.

17 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ئۈرۈمچى، تارباغاتاي، قۇمۇل، يەنجى تۆت ۋىلايەتتە بۇ يىل چوڭ - كىچىك 71 قى-

تىم ئوت ئاپتى يۈز بىرىپ، 27 مىڭ 86.1 مو يەردىكى بىر مىلىيون 23 مىڭ 507 تۈپ دەرەخنى كۆيدۈرۈۋەتتى، زىيان 143.2 مىليارد 90 مىلىيون 980 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

19- كۈنى، ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسى ئۈرۈمچىدىن شىخو، جىڭ، غۇلجا، قورغاسلارغىچە بولغان ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئالاقىسىنى باشلىدى.

21 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە، شىنجاڭ بيۇروسى كېڭەيتىلگەن يىغىن ئېچىپ، «مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش ۋە ئىقتىساد قىلىشنى قانات يايدۇرۇش، خىيانەتچىلىككە، ئىسراپچىلىققا، بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇش توغرىسىدا قارار» ۋە «شىنجاڭ ھەربىي رايونى قىسىملىرىدىن 1000 كادىر ئاجرىتىپ يەرلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ خىزمىتىگە قاتناشتۇرۇش توغرىسىدا قارار» ماقۇللىدى.

22 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتى خەۋىرى: ھازىرغا قەدەر شىنجاڭ بويىچە سەككىز ۋىلايەت، 37 ناھىيىدە رادىئو قوبۇل قىلىش ئۇزىلى قۇرۇلدى.

24 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «ئىسپىرتلىق ئىچىملىكلەرنى باشقۇرۇشنىڭ ۋاقىتلىق چارىسى» ۋە «ئىسپىرتلىق ئىچىملىكلەرنى ئىشلەپ چىقارغۇچىلار، ساتقۇچىلارنى باشقۇرۇشنىڭ ۋاقىتلىق چارىسى» نى ئېلان قىلىپ، يولغا قويدى.

△ قۇمۇل ۋىلايىتىدە ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئىنقىلابىي قۇربانلىرىغا خاتىرە مۇنارى تىكلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

26 - كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ خەلق دېموكراتىك ئىتتىپاقىنىڭ ئاچقان مەكتەپلىرىنى ئۆتكۈزۈۋېلىش توغرىسىدىكى قارار» نى چىقاردى.

29 - كۈنىدىن 1952 - يىل 1 - ئاينىڭ 19 - كۈنىگى



چە، شىنجاڭ ھەربىي رايونى تۇنجى قېتىملىق ئىشلەپچىقىرىش ۋەكىللىرى يىغىنىنى ئاچتى.

31 - كۈنى، شىنجاڭ بيۇروسى «خىيانەتچىلىككە، ئىسراپچىلىققا، بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇش توغرىسىدا قارار» چىقاردى.

شۇ ئايدا، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش قىسمى قۇرۇلدى.

(شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقاتى ئىنستىتۇتىنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخ تەتقىقاتى ئىشخانىسى تۈزگەن «شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدىكى چوڭ ۋەقەلەر خاتىرىسى» دىن ئېلىندى).

**تۇرغۇن ئۆمەر تەرجىمىسى**

**جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى**

主编：哈力克·沙克
副主编：阿不力孜
司马义
编辑：迪丽达尔
吐尔洪

**新疆文史资料选辑（33）**（维吾尔文）
中国人民政治协商会议新疆维吾尔自治区
委员会文史资料委员会 编

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市建中路54号 邮政编码830001）
新疆新华书店发行 新疆新华印刷二厂印刷
850×1168毫米 32开本 10.375印张 2插页
1992年11月第1版 1992年11月第1次印刷
印数：1——2,200

ISBN 7—228—02228—9/K·210 定价：二
**（内部发行）**